دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

ئەسلي ئاپتورى: مارك تۋېن (ئامېرىكا)

# تام سويېرنىڭ سەرگۈزەشتلىرى

ئۆزگەرتىپ يازغۇچى: ۋاڭ مېڭمېي



مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

شوخ ھەم زېرەك تام خاك ئىسىملىك
ئۆي - ماكانسىز بالابىلەن بىرگە ئاجايىپ
كۈلكىلىك ئىشلارنى قىلىدۇ، مارك تۋېننىڭ
ئويناق قەلىمى كەيپسىز تامنىڭ قىلىقلىرىنى
ئاجايىپ چىن تەسۋىرلىگەن بولۇپ، ھەتتا
چوڭلارمۇ بۇ رومانىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدۇ.

ياشلار ئۈچۈن
ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن

ISBN7-105-06889-2
9 787105 068890 >

ISBN 7-105-06889-2/I·1500
民文(维 210) 定价: 10.00 元

ئەسلى ئاپتورى: مارك تۋېن (ئامېرىكا)

# تام سويېرنىڭ سەرگۈزەشتلىرى

[illegible]

تەرجمە تەھرىرچى: [illegible] تىلىۋالدى

www.uyghurkitap.com

责任编辑：卡哈尔·普拉提
责任校对：海仁沙·若孜

图书在版编目(CIP)数据

汤姆·索亚历险记/（美）马克·叶温（Twain,M.）著；
王梦梅改写；色依提译. —北京：民族出版社，
2005.4
ISBN 7-105-06889-2

Ⅰ.汤… Ⅱ.①马…②王…③色… Ⅲ.儿童文学
—长篇小说—美国—近代—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I712.84

中国版本图书馆CIP数据核字(2005)第026026号

出版发行：民族出版社 http://www.e56.com.cn
社 址：北京市和平里北街14号 邮编：100013
电 话：010-64290862（维文室）
印 刷：北京迪鑫印刷厂
版 次：2005年5月第1版 2005年5月北京第1次印刷
开 本：850毫米×1168毫米
印 张：7.375
印 数：0001-3000册
定 价：10.00元

本书根据北京出版社1996 年 9 月第 1 版，2000 年 3 月第 6 次印刷版本翻译出版。
بۇ كىتاب بېيجىڭ نەشرىياتى 1996 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي 6 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر : **قاھار پولات**
مەسئۇل كوررېكتور : **خەيرىنىسا روزى**

# تام سويېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى : سېيىت تىلىۋالدى

**نەشر قىلغۇچى** : مىللەتلەر نەشرىياتى
**ئادرېسى** : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010
**ساتقۇچى** : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
**باسقۇچى** : دىشىن باسما زاۋۇتى
**نەشرى** : 2005 ـ يىل 5 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
**بېسىلىشى** : 2005 ـ يىل 5 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
**ئۆلچىمى** : 850×1168م م. 32كەسلەم
**باسما تاۋىقى** : 7.375
**سانى** : 0001 ـ 3000
**باھاسى** : 10.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئەقلىڭنى لال قىلىدىغان ھېكايىلەر

## كىرىش سۆز

«تام سويېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» — مەشھۇر ئامېرىكا يازغۇچىسى مارك تۋېيننىڭ ئامېرىكا ئۆسمۈرلىرى تۇرمۇشىنى ئاساس قىلىپ يازغان رومانى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئامېرىكىدىكى مىسسىسىپى دەرياسى ساھىلىغا جايلاشقان سېن پېتېربورگ بازىرى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان. ئەسەردىكى باش قەھرىمان تام سويېرنى بالا مارك تۋېيننىڭ دەل ئۆزى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى مارك تۋېن بالىلىق چاغلىرىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى مەزكۇر ئەسەردە تەسۋىرلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ رومانىدىكى مەكتەپتىن قېچىش، چوڭلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىشقا ئوخشاش نۇرغۇن ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار ئاجايىپ جانلىق يېزىلغان بولۇپ، ئوقۇغان كىشىنى ھەقىقەتەن ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، ھەتتا تامنىڭ قىلىقلىرى ئەجەبمۇ ماڭا ئوخشايدىكەن، دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

ھېكايىدىكى تام شوخ ھەم ناھايىتى زېرەك بالا بولۇپ، ئۇ خاك ئىسىملىك ئۆي-ماكانسىز بالا بىلەن بىرگە ئاجايىپ كۆلكىلىك ئىشلارنى قىلىدۇ. مەسىلەن، تام شوخلۇقى تۈپەيلى ھاممىسىنىڭ ھويلا تېمىنى ھاكلاش جازاسىغا ئۇچرايدۇ. تامنىڭ قۇۋلۇق قىلىپ ھىيلە ئىشلىتىش ئارقىسىدا، ئۇنىڭ ئىشىنى باشقا باللار رازىمەنلىك بىلەن قىلىشىپ بەرگەنىنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭغا يەنە تەشەككۈر سوۋغىسى تەقدىم قىلىدۇ. كېيىن تام دوستى خاك بىلەن بىرگە بىر ئارالغا قېچىپ كېتىدۇ، كىشىلەر ئۇلارنى سۇدا تۇنجۇقۇپ قازا قىپتۇ، دەپ ئويلاپ چېركاۋدا ئۇلارغا ئاتاپ

ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. تام بىلەن خاك بولسا چىركاۋنىڭ قوڭغۇراق راۋىقىدا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ ماتەم مۇراسىمىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلايدۇ. بۇ كەپسىزلىككەرنى ئۆلگە قىلمايمىز، ئەلۋەتتە. لېكىن، تام ھەققانىيەت ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىپ، گۇناھسىز جىنايەت گۇماندارى ماف پوتېرنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ ھەمدە شۇنداق كەپسىزلىكلىرى داۋامىدا دوستى خاك بىلەن بىر قاتىللىق دېلوسىنى پاش قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر كىچىك قەھرىمانغا ئايلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكا ئۆسمۈرلىرىنىڭ جانلىق، تېتىك خاراكتېرى ۋە تەۋەككۈلچىلىك، ئالغا ئىنتىلىش روھىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ.

مارك تۋېن «تام سويېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» نى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، «كەپسىز سەرگەردان» ناملىق يەنە بىر رومان يازغان. بۇ رومان «تام سويېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ناملىق رومانىنىڭ داۋامىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى تام سويېر بۇ كىتابتىمۇ ئۆز كارامىتىنى نامايان قىلىدۇ.

ناۋادا سىز ئامېرىكا ئۆسمۈرلىرىدىن ئامېرىكا يازغۇچىلىرى يازغان باللار ئوقۇشلۇقلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئون كىتاب قايسى؟ دەپ سورىسىڭىز، كۆرسىتىلگەن ئون كىتاب ئەلۋەتتە «تام سويېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» بىلەن «كەپسىز سەرگەردان» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر سىز، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىككى كىتابىڭلار قايسى؟ دەپ سورىسىڭىز، ئۇلار چوقۇم «تام سويېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» بىلەن «كەپسىز سەرگەردان» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. ناۋادا يەنە بۇ ئىككىسىنىڭ ئىچىدە قايسىسى ئەڭ قىزىقارلىق، دەپ سورىسىڭىز، ئۇلار شۈبھىسىزكى «تام سويېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» دەيدۇ.

# كىتابتىكى پېرسوناژلار



**تام سوير**: ئەسەردىكى باش قەھرىمان، ئاتا-ئانىسى بالدۇر تۆگەپ كەتكەچكە، ھاممىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ. ئۇ ئاق كۆڭۈل، شوخ ھەم كەپسىز ئامېرىكا ئۆسمۈرلىرىنىڭ تىپى ھېسابلىنىدۇ.



**سىد**: تامنىڭ ئانا باشقا ئىنىسى، ياۋاش، ئەدەپلىك بالا. ئۇ گەرچە تامغا ئامراق بولسىمۇ لېكىن بەزىدە ھاممىسىنىڭ ئالدىدا ھەق-ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ قالىدۇ.



**تامنىڭ ھاممىسى**: تام بىلەن سىدنى تەربىيىلەشكە تۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان موماي.



**مارى**: تامنىڭ نەۋرە ئاچىسى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ باش ئاغرىتىدىغان ئىش — ھەر يەكشەنبە كۈنى تامنى سىرتقا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن پاكىز يۇيۇندۇرۇپ، رەتلىك كىيىندۇرۇش.



**خاك بېرى فىين**: ئۆزى سەرگەردان بولسىمۇ باشقىلارغا ئۈمىدۋار ۋە قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان بالا. بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قىزىقىدۇ، ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئويناشقا ئامراق.



**جۇخاپو** : تامنىڭ دوستى. ئۇ تام ۋە خاكلار بىلەن بىرگە جېكسون ئارىلىدا دېڭىز قاراقچىسى ئويۇنى ئويناۋاتقاندا كىشىلەر ئۇلارنى ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ قىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ.



**بېن روجېس** : تامنىڭ ئاغىنىسى . ئۇ بىر قېتىم تامنىڭ دامىغا چۈشۈپ، تامغا بىر دانە ئالما بېرىش بەدىلىگە، تامنىڭ هويلا تېمىنى هاكلاش ئىشىغا ياردەملىشىدۇ.



**دوبسىن** : تامنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ دائىم دەرس ئارىلىقىدا تېبابەتچىلىككە ئائىت كىتاب ئوقۇيدۇ، بالىلار ئۇنىڭ زادى قانداق كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي، ئۆزلىرىچە هەرخىل پەرەز قىلىشىدۇ.



**ساتچىر سوتچى**:مەزكۇر هېكايىدىكى مەرتىۋىسى ئەڭ يۇقىرى شەخس. ساتچىر ئەپەندى يەكشەنبىلىك مەكتەپنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا كەلگەندە، تام ئۇنىڭ ماختىشىغا ئېرىشمەن دەپ ئەكسىچە سەتچىلىككە قالىدۇ .



**بېك** : ساتچىر سوتچىنىڭ قىزى. ئۇ تامدىن ئىككى- ئۈچ ياش كىچىك بولۇپ، تام بىلەن بىللە بىر غاردا ئېزىپ قېلىپ، بىر كېچە- كۈندۈز تەمتىرەپ يۈرىدۇ. كېيىن تامنىڭ ئەقىل- پاراستى ۋە جەسۇرلۇقى بىلەن خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.



**جېف ساتچىر** : ئاشۇ بازاردىكى داڭلىق ئادۋوكات ، ساتچىر سوتچىنىڭ ئىنىسى.



**ماف پوتي** : هاراقكەش ئىشچى. مەستلىكتە باشقىلارنىڭ قىلتىقىغا دەسسەپ، قاتىللىق جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ قالىدۇ. كېيىن تامنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن بۇ بەتنامدىن قۇتۇلىدۇ.



**ئىنجان جو:** ئىندىئان بىلەن ئاقتەنلىكنىڭ پۇشتىدىن بولغان ئارغۇن. ئۇ ياۋۇز ئادەم بولۇپ، بەش قېتىم قاتىللىق قىلغان. كېيىن غارغا قامىلىپ ، ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ.



**روبېنس** : سۆڭەك دوختۇرى. ئاناتومىيىلىك ئوپېراتسىيىگە جەسەت لازىم بولۇپ قېلىپ، باشقىلارنىڭ قەبرىسىنى ئېچىۋاتقاندا ئىنجان جو تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.



**دوگلاس خانىم:** ئامانلىق ئەمەلدارى دوگلاس ئەپەندىنىڭ خانىمى. خۇش پېئىل ، مۇلايىم ئايال. خاك ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. كېيىن ئۇ خاكنى بېقىۋېلىپ، ياخشى تەربىيىلەپ ئۆستۈرىدۇ.



**ۋاللىيست بوۋاي:** باشقىلارغا سەممىي، قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان بوۋاي. ئۇ خاكنىڭ ئىلتىجاسى بويىچە ئىككى بالىسى بىلەن بىللە ئىنجان جونى قوغلاپ بارىدۇ.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى باب

پول هاما ........................................ 2
ئاقلامچى ........................................ 6
تام سويېرنىڭ ھىيلىسى ........................................ 9
مۇكاپات ئالما ........................................ 14
كەمپۈت قۇتىسىنىڭ چېقىلىشى ........................................ 17
"ئەقىللىق" بالا ........................................ 19
تام ئاغرىپ قالدى ........................................ 25
سەرگەردان بالا ........................................ 29
ۋاشىنگتوننى دوراش ........................................ 34
تېزەكچى ئويۇنى ........................................ 38
تام بىلەن بېك ........................................ 40
تون نىسبىدىكى قەبرىستانلىق ........................................ 43
قانلىق پاچىئەنى كۆرۈش ........................................ 48
قەسەم ........................................ 54
ماف پوتى قولغا ئېلىندى ........................................ 56
ۋىجدان ئازابى ........................................ 60
مۈشۈككە دورا ئىچكۈزۈش ........................................ 63

## ئىككىنچى باب

ئۆيدىن چىقىپ كېتىش ........................................ 69
جېكسون ئارىلىدا ........................................ 74

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تارقاتقۇچىسى
www.uyghurkitap.com

تام يوقاپ كەتتى........................... 79
ئوغرىلىقچە ئۆيگە قايتىش........................... 85
تامنىڭ دوكلاتى........................... 89
مەخپىيەتلىك........................... 91
ساۋاقداشلار سېغىندى........................... 95
ماتەم مۇراسىمى........................... 98
تامنىڭ چۈش ئۆرۈشى........................... 103
چىقىشقاق بالا........................... 108
قوۋزاق پاكىت........................... 111
دوستى ئۈچۈن تاياق يېيىش........................... 115

## ئۈچىنچى باب

سوت ئېچىلىشقا ئاز قالدى........................... 121
بىچارە ماق پوتى........................... 124
كۆتۈلمىگەن گۇۋاھچى........................... 128
ئەندىشە........................... 134
بىزمۇ گۆھەر تاپالىساق !........................... 136
شېرىن خىيال........................... 139
كېچە سائەت ئون ئىككىدە........................... 143
پېشكەل جۈمە........................... 146
جىنلار ئۇۋىسى........................... 149
تىللا ساندۇقى........................... 154
"ئىككىنچى نومۇر"نىڭ سىرى........................... 158
سارايدىكى مەخپىيەتلىك........................... 163

## تۆتىنچى باب

دالا تامىقى........................... 169
خاكىنىڭ ئىز قوغلىشى........................... 173

ۋاللېست بوۋايغا ئىلتىجا.......................... 176
نامسىز قەھرىمان.............................. 181
تام بىلەن بىېك يوقاپ كەتتى........................ 185
خاك ئاغرىپ قالدى............................. 188
غار ئىچىدە ئېزىپ قېلىش.......................... 191
ئاخىرقى بىر تال شام............................ 194
غاردىكى يەنە بىر ئادەم.......................... 197
يورۇق دۇنيانى قايتا كۆرۈش........................ 200
بەتنىيەتنىڭ ئاقىۋىتى............................ 203
بايلىق غاردا ئىكەن............................ 207
غاردىكى كرېست .............................. 210
كۆتۈلمىگەن تەكلىپ............................ 215
ھەيران قالارلىق خەۋەر.......................... 218
ئىككى بالىنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى.................... 222

(كىتاب «ئۇيغۇر سوفت» كومپيۇتېر شىركىتىنىڭ ئىختىراسى «ئەلكاتىپ — 3.9»دا تىزىلدى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# بىرىنچى باب



# پول هاما

— تام، تام، هەي تام ...؟

جاۋاب چىقمىدى.

— قىزىق ئىش، هازىرلا مۇشۇ يەردە ئىدىغۇ بۇ بالا، يەنە مۆكۈۋاپتۇ- دە!

پول هاما كۆزەينىكىنى ھېلى ئۈستىگە، ھېلى ئاستىغا سۈرگىنىچە ئۆي ئىچىگە ئىنچىكىلەپ سەپسېلىشقا باشلىدى.

— بۇ دورەم تۇتىۋالىدىغان بولسام- زە، خەپ سېنى...

ئۇ ئۆر- ئۆزىگە سۆزلىگىنىچە ئېگىشىپ سۈپۈرگىنى ئالدى-دە، كارىۋاتنىڭ ئاستىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. بىراق كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن تام ئەمەس، بىر مۈشۈك چىقتى.

ئۇ ئۇلۇغ ئىچىلغان ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى:

— تام!

تۇيۇقسىز بىر شەپىنى ئاڭلىغان موماي دەرھال ئارقىسىغا قارىدى. بۇ دەل تام ئىدى. موماي تامنىڭ بىلىكىدىن كاپلا قىلىپ تۇتىۋالدى.

— يەنە قازناققا كىرىپسەن-دە، نېمە ئىش قىلدىڭ ئۇ يەردە؟

— ھېچنېمە...!

— ھېچنېمە دەيدۇ تېخى، قارىغىنا قولۇڭ بىلەن جاۋغايلىرىڭغا! مۇراببا يۇقۇندىسى تۇرمامدۇ. مۇرابىا ئوغرىلاپ يېمە، دېمىگەنمىدىم مەن ساڭا؟ ماڭ، قامچىنى ئېلىپ كەل!

تام قامچىنى قولىغا ئېلىپ، ھاۋادا ئايلاندۇرغۇنچە بىر قارس چىقىرىپ قويدى. قارىغاندا تام يەنە تاياق يەيدىغاندەك قىلاتتى.

— هاما، ئارقىڭىزغا قاراپ بېقىڭا! — دېدى ئۇ تۇيۇقسىزلا.

www.uyghurkitap.com

موماي ئارقىغا شۇنداقلا ئۆرۈلۈۋىدى، تام شارتلا قىلدى-دە، ھويلا تېمىدىن ئارتىلىپ ھەش- پەش دېگۈچە تىكىۋەتتى.

موماي بىردەم داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئۆز-ئۆزىگە كۈلدى:

— ھەي شەيتان، ھەي شەيتان...

گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، تام ھاممىسىنى دائىم مۇشۇنداق چاپا قىلغىنى بىلەن، موماي ئۇنىڭ زېرەكلىكىگە قەۋەتلا ئامراق ئىدى. يەنە كېلىپ تام مومايىنىڭ مەرھۇم سىڭلىسىنىڭ ئوغلى بولغاچقا، ئۇنى ئۇرۇشقا راستىنلا قولى بارمايتتى. بىراق يەنە بەك ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسە، تامنىڭ يامان ئۆگىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، شۇڭا گاھىدا ئۇنى مۇشۇنداق قورقۇتۇپ قوياتتى.

— ئۇ بۈگۈن يەنە مەكتەپتىن قاچىدىغاندەك قىلىدۇ. خەپ، ئۇنى ئەتە بىر ئەدەپلەپ قويمىسام، — دەپ ئويلىدى موماي. شەنبە كېلىشى بىلەن باشقا باللارنىڭ ھەممىسى خۇشال- خورام ئوينايتتى، پەقەت تاملا ئىشلەيتتى. شەنبە كۈنى تامنى ئىشقا سېلىش، ئۇنى جازالاشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئىدى.

ئىش دەل مومايىنىڭ ئويلىغىنىدەك بولدى. تام مەكتەپكە بارماي پۇخادىن چىققۇچە ئوينىدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە نېگىر خىزمەتچى بالا جىم ئەتىسى قالايدىغان ئوتۇنلارنى كەسلەپ تەق قىلىۋەتكەن بولغاچقا، تامنىڭ ياردىمىنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى.

تامنىڭ ئانا باشقا ئىنىسى سىد ناھايىتى ياۋاش باللاردىن بولۇپ، ئۇمۇ ئۆزىگە تەقسىملەنگەن ئىشلارنى قىلىپ بولغانىدى.

كەچلىك غىزادا موماي قەستەن سوراپ قالدى:

— تام، بۈگۈن مەكتىپىڭدە تازا ئىسسىغانسەن بالام؟

— شۇنداق ھاما، ئىسسىپ ئۆلەي دېدىم.

— ئۇنداق بولسا، سۇغا چۆمۈلگۈڭ كەلگەندۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان تامنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا تام ئەسلىدە مەكتەپكە بارماي نەق يېرىم كۈن سۇغا چۆمۈلگەنىدى.

بۇنىڭغا بىخۇدلۇق قىلىشقا بولمايتتى. چۈنكى موماي گەپ ئەگىتىپ تامنى قىلتاققا دەسسىتىدىغاندەك تۇراتتى.

— ياق ھاما، — دېدى تام ئۆزىنى ئاقلاپ، — شۇنداق ئىسسىپ كەتتىم، بىراق سۇغا چۆمۈلگۈم كەلمىدى.

موماي تامنىڭ ياقىسىنى سىيلىغاچ ئۇنىڭغا دېدى:

— كۆن شۇنداق ئىسسىپ كەتتى، بىراق ياقىلىرىڭ ئەجەب قۇرۇق تۇرىدۇغۇ بالام؟
تامنىڭ ياقىسى قۇپقۇرۇق بولۇپ، ئازراقمۇ تەر يوق ئىدى. بۇھال مومايىنىڭ گۇمانىنى قوزغايتتى، ئەلۋەتتە. مومايىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ بولغان تام دەرھال گەپ ياسىدى:
— بايا دوستلىرىم بىلەن سۇ پومپىسىنىڭ يېنىدا بېشىمنى يۇيۇۋالغانىدىم، شۇنداق سەگىپ قالدىم. قاراڭە هاما، مانا چاچلىرىم هېلىمۇ هۆل تۇرۇپتۇ.
بىراق موماي بۇنىڭغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدى.
— بېشىڭنىلا يۇغان بولساڭ، ئۇنداقتا كۆڭلىكىڭنىڭ ئەتىگەن مەن تىكىۋەتكەن ياقىسى هېلى هەم شۇ پېتىچىكەن-دە! قېنى چاپىنىڭنىڭ تۈگمىلىرىنى يەشكىنە، مەن كۆرۈپ باقاي.
تام چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى خاتىرجەم يەشتى، دېگەندەك كۆڭلەكنىڭ ياقىسى تىكىكلىك ئىدى.
— پاھ! هەرنېمە بولسا گەپ ئاڭلاپسەن. مەن تېخى سېنى مەكتەپكە بارماي سۇغا چۆمۈلدىمىكىن دەپ، خاتا ئەيىبلىگىلى تاس قاپتىمەن.
تام ئەمدىلا خاتىرجەم بولۇپ تۇرۇشىغا، سىد تۇيۇقسىز گەپ ئارىلاپ قالدى:
— بىراق هاما، ئەتىگەن ئۇنىڭ ياقىسىنى ئاق يىپتا تىككەندەك قىلىۋېدىڭىز، هازىرئەجەب قارىغا ئۆزگىرىپ قاپتا؟
— ۋۇي راست، مەن ئاق يىپتا تىككەنىدىمغۇ، تام؟
تامنىڭ هىيلىسى ئاشكارىلىنىپ قالدى.
هازىر تامغا قاچماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئۇ دەرۋازا ئالدىغا ئۇچقاندەك باردى-دە، دەرهال ئارقىسىغا بۇرۇلدى:
— خەپ تۇختا سىد، ئاڭلاپ تۇر، مەن بۇ هېسابىنى سەندىن ئالماي قويمايمەن!
تام بىر هازا يوشۇرگەندىن كېيىن ياقىسىنىڭ ئاستىغا سانجىپ قويۇلغان ئىككى تال يىڭنىنى ئېلىپ قارىدى. دېگەندەك ئۇنىڭ بىرىگە قارا يىپ، بىرىگە ئاق يىپ ئۆتكۈزۈلگەنىدى.
— سىد ئاتىكاچىلىق قىلمىغان بولسا هامام هەرگىز سېزەلمەيتتى-دە، — تام ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى، — بۇ مومايىنىڭمۇزە بەزىدە قارا يىپ، بەزىدە ئاق يىپ

ئىشلەتكىنىنى قارىمامدىغان. ئۇ مەڭگۈ بىرلا خىل يىپ ئىشلەتكەن بولسا، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى- ھە! سىز دېگەن ئەبلەخ بەك ئەسكىكەن، ئۇنىڭ ئاخىرى بىر كۈنى تازا ئەدىپىنى بېرىمەن.



# ئاقلامچى

شاد- خۇرام شەنبە يەنە يېتىپ كەلدى. ئامېرىكا مەكتەپلىرىنىڭ ھەممىسىدە بۇ كۈنى بالىلار قويۇپ بېرىلەتتى.

ياز كېلىشى بىلەنلا ھەممە ياق ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ. ھۆپپىدە ئېچىلغان تۇخۇمەك چېچەكنىڭ خۇشبۇي ھىدى ئادەمنىڭ دىماغلىرىنى غىدىقلايدۇ. يېڭىدىن يېشىل لىباس كىيگەن كادىنى تېغى يىراقتىن قارىسىڭىز خۇددى چۆچەكلەردىكى جەننەتكىلا ئوخشايدۇ.

بۇ يەردىكى ھەربىر كىشىنىڭ قەلبى چەكسىز شادلىققا تولغان. بولۇپمۇ ياشلار ئاشۇ شادلىقنى سەيلە قىلغاچ غىڭشىۋاتقان يېقىملىق ناخشىلىرىدا ئىپادىلەيدۇ.

بىراق ھامىسىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغان تام بۇ شەنبىنى ئىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولدى.

تام بىر قولىدا بىر چېلەك چىلانغان ھاكنى، يەنە بىر قولىدا ئۇزۇن ساپلىق چوتكىنى كۆتۈرگىنىچە دەرۋازا ئالدىدىكى پىيادىلەر يولىغا كەلدى.

ئۇلارنىڭ ھويلا تېمى تاختايدىن قىلىنغان بولۇپ، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇز مېتىر كېلەتتى.

تام ھويلا تېمىغا قاراپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى ۋە ئېرىنچەكلىك بىلەن چوتكىنى ئېلىپ، تاختايلارنى رەت- رېتى بويىچە ئاقلاشقا باشلىدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم ئاقلاپ بولۇنغان تاختايلارنى يەنە بىر نۆۋەت ئاقلىدى. ئاندىن ئۇنى ئاقلانمىغان تاختايلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، چېلەكنىڭ قاپقىسى ئۈستىگە زەردە بىلەن ئولتۇردى.

بۇ چاغدا چېلەك كۆتۈرگەن جىم غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىچە ھويلىدىن چىقىپ، قۇدۇق تەرەپكە ماڭدى.

ئەسلىدە تام ئۇچۇن سۇ ئەكىرىش دېگەنلەر جاپالىق ئىشلاردىن ئىدى. بىراق ئۇ ھازىر باشقىچە ئويلاپ قالدى. چۈنكى قۇدۇق بېشىدا نۇرغۇن دوستلىرى بىلەن ئۇچرىشاتتى. سۇ تارتىش نۆۋىتى كەلگۈچە ئۇلار بىلەن ھەم ئويۇنچۇقلىرىنى ئالماشتۇرغىلى، بىر دەم - يېرىم دەم ئوينىۋالغىلى بولاتتى.

تام يەنە مۇنداقمۇ ئويلىدى: قۇدۇق بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقى ئاران يۈز مېترلىق يول بولسىمۇ، لېكىن جىم ھەر قېتىم بىر چېلەك سۇنى ئاز دېگەندە بىر سائەتتە ئاران ئەكىرەلەيدۇ. ھەتتا چاقىرغىلى ئارقىسىدىن ئادەم چىقىدۇ تېخى. ناۋادا ئۇنىڭ بىلەن قىلىۋاتقان ئىشىمنى ئالماشتۇرالىغان بولسام بەلەن بولاتتى.

— جىم، مېنىڭ ئورنۇمدا تامنى ئاقلاپ تۇر، سۇنى مەن ئەكىلەي، بولامدۇ؟ تام جىمغا قاراپ توۋلىدى.

جىم بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى چايقىدى:

— بولمايدۇ تام بايۋەچچە. موماي ماڭا: "سۇنى تېز ئەكىر، يولدا ئويناپ قالمىغىن" دېدى. موماي سىزنىڭ بۇ نىيىتىڭىزنى بىلىپ قالغانمۇ نېمە ئىشقىلىپ "ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى قىلغىن، تام بىلەن كارىڭ بولمىسۇن" دەپ بەك جېكىلىدى. ئۇ سەل تۇرۇپ سىزنىڭ ئىشىڭىزنى تەكشۈرگىلى كەلمەكچى تېخى.

— ھەي جىم، ھە دەپ قويماسەن، ئۇ دەۋېرىدۇ. بولە، چېلەكنى ماڭا بەرگىن، مەن بىردەمدىلا يېنىپ كېلىمەن، مومايغا ئۇقتۇرمايمىز.

— بولمايدۇ تام بايۋەچچە، بېشىم ئۇن ئەمەس مېنىڭ، موماي ئۇقۇپ قالسا بالاغا قالىمەن.

— نەدىكىنى، هامىام ساڭا قورقاق سېلىپ قويغان گەپ. بەك ئاچچىقلاپ قالسا بىر- ئىككى ئېغىز تىللىۋالار شۇ. تىل ئاڭلىغانغا نېمە بولاتتى، ياكى بىر يېرىڭ ئاغرىمايدۇ. مەيەگە كېلە جىم، مەن ساڭا ئالامەت ياخشى بىر نەرسە بېرىمەن. قارا، خرۇستال ساقا.

تامنىڭ بۇ سۆزى جىمنى سەل ئىككىلەندۈرۈپ قويدى.

— جىم قارىغىنا، بەك چىرايلىق ساقا جۇمۇ، — تام جىمنى يەنە قىزىقتۇردى.

— پاھ، ھەقىقەتەن قىممەتلىك ساقىكەن، — دېدى جىم ھەيران بولۇپ،
— بىراق مەن قورقۇۋاتىمەن. موماي بىلىپ قالسا مېنى...
— ئۇنداق دېمە جىم، يەنە بار تېخى، ئەگەر ماقۇل دېسەڭ ساڭا پۇتۇمنىڭ ئۆتكەندە يارىلانغان ھېلىقى بارمىقىنىمۇ كۆرسىتىمەن، قانداق؟

جىم ئاخىرى تامنىڭ ياغلىما سۆزلىرىگە كىردى. ئۇ چېلەكنى يەرگە قويۇپ، ھېلىقى ساقىنى قولىغا ئالدى. تام پۇتىنىڭ تېڭىقىنى يەشتى، جىم ئېڭىشىپ تۇرۇپ تامنىڭ يارىلانغان بارمىقىغا قارىدى.

دەل شۇ چاغدا يىراقتىن پول ھاممىنىڭ تووۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەي جىم، مىسلداپ نەدە يۈرسەن، تېز بولغىن!

مومايىنىڭ ئاۋازىدىن ئەندىكىپ كەتكەن جىم چېلەكنى دەرھال قولىغا ئالدى-دە، قۇدۇق بېشىغا قاراپ چاپتى.

تاممۇ چوتكىنى قولىغا ئېلىپ، ياغاچ تامغا جېنىنىڭ بارىچە سۇۋاشقا باشلىدى. بىراق ھايال ئۆتمەي بۇ ئىشتىن رايى يانغىلى تۇردى. ئەسلىدە ئۇ بۈگۈن راسا بىر قېنىپ ئوينىۋالماقچى بولغانىدى. بىراق بۇ ئىش ئۇنىڭ بارلىق پىلانلىرىنى يوققا چىقاردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قېرىشقاندەك تامنىڭ دوستلىرى يولدىن ئۆتكەچ ئۇنى مازاق قىلىپ كۈلۈشتى تېخى. بۇلارنى ئويلىغان تامنىڭ ئىچى تېخىمۇ تىتىلداپ كەتتى.

تام بىر ئىش يادىغا كەلگەندەك ئۆزىنىڭ بارلىق بايلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ يانچۇقىنى ئاختۇردى. بىراق يانچۇقتىن پىرقىرىغۇچ، ساقا، رەگەتكە قونىدىقى دېگەندەك ئەسكى-تۈسكى ئويۇنچۇقلار چىقتى. ئەگەر بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بەرگەندىمۇ تامنىڭ ئورنىغا يېرىم سائەت ئىشلەپ تۇرۇشقا ئادەم چىقمايتتى.

تامنىڭ بېشى تازا قېتىپ تۇرغان ئاشۇ پەيتتە، ئۇنىڭ كاللىسىغا ناھايىتى ئەپچىل بىر ئەقىل كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىششىق ئادرېسى

# تام سويېرنىڭ ھىيلىسى

ھايال ئۆتمەي بىر روجېس كېلىپ قالدى.

بىر باشقىلارنى مازاق قىلىشقا ئامراق بالا ئىدى. تامنىڭ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۆچ ئىدى. بىراق قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان تام ئۆز ئىشى بىلەن بولىۋەردى.

ئاغزىدا بىر تال ئالمىنى چىشلىگەن بىر جاق- جۇق، جاق- جۇق دېگەندەك ئاۋازلارنى چىقىرىپ كېلىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ ئۆز كۆڭلىدە پاراخوت ھەيدىمەكتە ئىدى.

بىراق تام ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى.

— ھەي تام يەنە جازاغا ئۇچراپسەن-دە، شۇنداقمۇ؟ — بىر تويۇقسىز سورىدى.

تام ئۇندىمەستىن ، خۇددى رەسسام ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەسىرىدىن ھوزۇرلىنىپ تۇرۇپ رەسىم سىزىۋاتقاندەك، ئۆز ئىشى بىلەن بولىۋەردى.

بىر تامنىڭ يېقىنىغا كېلىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئالمىسىغا قاراپ تامنىڭ ئېغىزلىرىغا سېرىق سۇ كېلىپ كەتتى. بىراق تام چاندۇرماي پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى.

بۇنىڭدىن ئىچى پۇشقان بىر گەپ تەشتى:

— بەك جاپاغا قاپسەن-دە بىچارە! زارىقىپ كۈتكەن شەنبە كۈنىمۇ ئىشقا تۇتۇلۇپ قالغىنىڭ قىزىق بوپتۇ ئەمەسمۇ، تام.

— ۋوي بېنمۇ سەن، — دېدى تام دەرھال ئارقىغا بۇرۇلۇپ خۇددى ئۇنى باياتىن كۆرمىگەندەك، — دىققەت قىلماپتىمەن جۇمۇ.

— تام، مەن سۇغا چۆمۈلگىلى ماڭدىم، قانداق، بارامسەن؟ ھە راست، سەن ئىش قىلىۋېتىپسەن ئەمەسمۇ، ئىش قىلىۋاتقان ئادەم ئەلۋەتتە سۇغا چۆمۈلگىلى

بارالمايدۇ- دە!

— نېمە؟ سەن دەۋاتقان ئىش زادى قانداق ئىش ئۇ؟ — تام بىلمىگەن كىشى بولۇپ بېنىدىن سورىدى.

— باش كۆتۈرمەي تام ئاقلاۋاتىسەن، بۇنىڭ ئۆزى ئىش ئەمەسمۇ؟

— ھە، تام ئاقلاشنى دەمسەن؟ بۇنى قانداقمۇ ئىش دېگىلى بولسۇن؟

— بولدى قىلە، ئۆزۈڭچە تېخى تام ئاقلاشنى ياقتۇرىدىغان كىشى بولۇپ كەتتىڭما؟

تامنىڭ قولىدىكى چوتكا توختىماستىن ھەرىكەتلىنەتتى.

— قىزىقكەنسەن، مەن نېمىشقا تام ئاقلاشنى ياخشى كۆرمىگۈدەكمەن؟ ئېيتىپ باقە، بىز باللارغا تام ئاقلاش پۇرسىتى كۈندە كېلىۋېرەمدۇ؟

بۇ گەپ ئورۇنلۇقتەكمۇ قىلاتتى. شۇڭا بېن ئالما يېيىشتىن توختاپ تامغا تىكىلدى.

تام بولسا چوتكىسىنى تاختايلارغا ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن سۈۋايتتى، بىر قانچە قەدەم ئارقىغا چېكىنىپ تۇرۇپ ئاقلانغان ئورۇننى كۆزىتەتتى، ئاندىن يەنە چالا قالغان ئورۇننى قايتا ئاقلايتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرى گويا رەسسامنىڭ رەسىم سىزىشلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

تامنىڭ بۇ ئىشلىرىغا سەپسېلىپ تۇرغان بېن بۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى بولغاي، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— تام، مەنمۇ ئاقلاپ باقايمۇ؟

تام بېشىنى بېن تەرەپكە بۇراپ تۇرۇپ، بىردەم ئويلاندى. ئۇ بېنىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلماقچىمۇ بولدى يۇ لېكىن يەنە يېنىۋالدى.

— ياق، ياق، قەتئىي بولمايدۇ. بۇ تام كوچىغا قاراپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ھامام بۇنىڭغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەگەر ئارقا تەرەپتىكى تاملار بولغان بولسا ئىدى، ھاماممۇ ئانچە قىلىپ كەتمەيتتى، ماڭىمۇ بەرىبىر ئىدى. بىراق بۇ تامنى ئىنتايىن ئىنچىكە ئاقلىمىسام بولمايدۇ. مېنىڭچە يۈز بالا، ياق مىڭ باللىنىڭ ئىچىدىنمۇ بۇ تامنى مېنىڭچىلىك ئاقلىيالايدىغان ئادەم چىقمايدۇ. چۈنكى تام

www.uyghurkitap.com

دېگەننى قانچىلىك ياخشى ئاقلىساڭ شۇنچىلىك چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

— شۇنداقمۇ تام؟ ئەكىلە مەن ئاقلاپ باقايچۇ، ئازراق بولسىمۇ مەيلى، بېن بۇنىڭغا راستىنلا قىزىقىپ قالغان ئىدى.

— ھەي بېن، مېنىڭغۇ تەلىپىڭگە قوشۇلغۇم بار ئىدى، بىراق مۇشۇ ھاممامزە...! جىم ئاقلايمەن دېۋىدى، ئۇنىڭغا ئۇنىمىدى، سىد ئاقلايمەن دېۋىدى، ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىدى. ھاممام ماڭا ھەقىقەتەن ئىشىنىدۇ جۇمۇ! سەن ئاقلايمەن دەپ بۇزۇپ قويساڭ مەن تىل-ئاھانەتكە قالىمەن-دە!

— تام، ئۇنداق قىلما. مەنمۇ ساڭا ئوخشاش كۆڭۈل قويۇپ ئاقلىيالايمەن. ئاقلاپ باقايچۇ، قانداق؟ ماقۇل دېسەڭ، ماۋۇ ئېشىپ قالغان ئالمىنى بېرىمەن.

— نېمە؟ سەن چىشلەپ قويغاننى يەمدىمەن؟

— ئۇنداق بولسا باشقىسىنى بېرەي، بولامدۇ؟

تام كۆڭلىدە بۇنىڭغا ناھايىتى خۇش بولغان بولسىمۇ، لېكىن نارازى بولغان قىياپەتتە چوتكىنى بېنغا ئىرەنچەكلىك بىلەن سۇندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ "پاراخوت "(بېننى دېمەكچى – ت) چوتكىنى ئېلىپلا پىژغىرىم ئىسسىقتىمۇ قارىماي ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي ھېرىپ ھالى قالمىغان بېننىڭ ئۈستۈبېشى قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى. بىراق پېنسىيىگە چىققان "سەنئەتكار"(تامنى دېمەكچى – ت) سايىغا قويۇلغان سوغىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بەخىرامان ئالما يېمەكتە ئىدى.

تام شۇ مىنۇتلاردا يەنە باشقا ياۋاشلارنى قانداق باپلاش ھەققىدە كاللا قاتۇرۇۋاتاتتى. ئاڭغىچە يولدىن بىر قانچە بالا ئۆتۈپ قالدى. تامنىڭ كۆزى بىلغا چۈشتى.

— ھەي بىل، نەگە؟ — دەپ توۋلىدى تام.

— لەگلەك ئۇچۇرغىلى، قارا، بۈگۈن ھاۋانىڭ پەيزى بار جۇمۇ!

— لەگلەك ئۇچۇرغىلى؟ — تام ئۇنىڭدىن يېنىشلاپ سورىدى، — نېمانچە جاپا ئۇ؟

— نېمە دېدىڭ؟ لەگلەك ئۇچۇرۇش تام ئاقلاشتىنمۇ تەسما؟ دېسەم-

دېمىسەم بېرىن سېنىڭ ھېرىپ. چارچاپ ھالىڭ قالمىغانلىقىنى كۆرگەچكە ساڭا ياردەم قىلىۋاتقاندۇ تايىنلىق؟

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسەن؟ ئەسلى مەن ئۇنىمىغان، بىراق ئۇ يالۋۇرۇپ تۇرىۋالغاچقا بىردەم ئاقلاپ باقسۇن دېدىم. ئىشەنمىسەڭ بېنىدىن سوراپ باق.

بىل ئويلىنىپ قالدى.

— راستمۇ بېن، — دەپ سورىدى بىل ئۇنىڭدىن.

— راست بولماي! ئىشەنسەڭ مەن بۇ ئىشنى تامدىن بىر تال ئالمىغا تېگىشىۋالدىم جۇمۇ!

— ئۇنداق بولسا، چوتكىنى ماڭا بېرە مەنمۇ ئاقلاپ باقاي، — بىلمۇ بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالدى.

— ياق بولمايدۇ، تام بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمايدۇ.

— تام، مەنمۇ ئاقلاپ باقايچۇ! — بىل تامغا يالۋۇردى.

بىراق تام قەستەن ئۇنىماي تۇرىۋالدى.

— تام، ماقۇل دېگىنە، ماۋۇ لەگلىكىمنى بېرىمەن، بولامدۇ؟ — بىل تامغا كانىدەك چاپلاشتى.

شۇنداق قىلىپ تام سويېر بىلنىڭ تام ئاقلىشىغا ماقۇل بولۇش بەدىلىگە بىر دانە لەگلەككە ئېرىشتى. تام ئويناپ راسا پۇخادىن چىقىپ تۇرۇشىغا يەنە جانىنى مىلا ئىسمىلىك بالا كەمەرگە چىگىۋالغان بىر دانە ئۆلۈك چاشقانغا بۇ ئالاھىدە "ئىمتىياز"نى سېتىۋالدى.

شۇنداق قىلىپ باللار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قولىغا چوتكا ئېلىش شەرىپىگە ئېرىشىپ تۇردى. بىرقانچە سائەتلىك نۆۋەتلەشمە ئەمگەك ئەتىگەنكى قاق سەنەم تامنى مانا ھازىر چوش بولاي دېگەندە باللار ئىچىدىكى ئەڭ بايۋەچچىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. چۈنكى ئۇ ھېلىقى لەگلەك ۋە ئۆلۈك چاشقاندىن باشقا يەنە ئون تال خرۇستال ساقا، بىر دانە كونا ئېغىز گارمونى، نۇر ئۆتكۈزۈدىغان كۆك بوتۇلكا سۇنۇقى، رەگەتكە، ئەسكى ئاچقۇچ، يېرىم تال شام قەلەم، قەلەيدىن ياسالغان قونچاق ئەسكەر، ئالتە پوجاڭزا، مىستىن ياسالغان بىر تال ئىشىك

www.uyghurkitap.com

تۇتقۇچى، بىر دانە كۆچۈك ھالقىسى(تاسمىدىن ئىشلەنگەن بولۇپ، كۆچۈكنىڭ بوينىغا سېلىنىدۇ ـ ت)، بىر تال قەلەمتىراچ، تۆت دانە تېكىتون(بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى ـ ت)، بىر تال ھاسا قاتارلىق مال-دۇنياغا ئېرىشكەن ئىدى.

ئىچ-ئىچىدىن خۇشلۇقى تۇتۇۋاتقان تام جايىدا قىمىرلىماي ئولتۇرۇپ، بالىلارنىڭ ئىشىغا سەپسالاتتى، بالىلار بولسا ئۇنىڭ ئەتراپىنى پەرۋانىدەك ئايلىناتتى. ھەش-پەش دېگۈچە ھويلا تېمى ئۈچ قېتىم ئاقلاپ بولۇندى. ناۋادا چىلىغان ھاك تۈگەپ كەتمىگەن بولسا، ئېھتىمال پۈتۈن بازاردىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى تام سويېرنىڭ ئالدىدا پۈتۈن مال-مۈلكىدىن ئايرىلىپ، ئاقلىۋەتكەن پېيازدەك بولۇپ قالار ئىدى.



# مۇكاپات ئالما

— ئەمدى چىقىپ ئوينىسام بولامدۇ هاما؟ خۇشاللىقتىن قىن-قىنىغا پاتماي قالغان تام ومايدىن سورىدى.
— نېمە؟ بىردەمدىلا ئوينىغۇڭ كېلىپ كەتتىما؟ تامنىڭ قانچىلىك يېرىنى ئاقلىدىڭ؟
— ھەممىسىنى ئاقلاپ بولدۇم، هاما.
— تام، مېنى تولا كولدۇرلىتىمەن دېمە، مەن يالغانچى بالىغا بەك ئۆچ، — وماي سەل-پەل تىرىكتى.
— هاما، مەن يالغان سۆزلەۋاتقىنىم يوق. راستتىنلا ھەممىسىنى ئاقلاپ بولدۇم.

تامنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەن وماي ئۆزى چىقىپ كۆرۈپ باقماقچى بولدى. چۈنكى تامنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ بەشتىن بىرى راست بولۇپ چىقسىمۇ ئۇ تامدىن تاغدەك رازى بولغان بولاتتى.

دېگەندەك تام هويلا تېمىنىڭ ھەممىسىنى قايتا- قايتا ئاقلاپ ئاجايىپ چىرايلىق قىلىۋەتكەنىدى، ھەتتا تامنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىمۇ چالا قالمىغان ئىدى. وماي هاڭ-تاڭ قالدى.

— پاھ، تام بۇنداق ئىشچانلىقىڭنى ئويلىماپتىكەنمەن، قالتىسكەنسەن بالام. مەن دەيمەنغۇ، پەقەت كۆڭۈل قويساڭلا ھەرقانداق ئىشنى قالتىس ياخشى قىلىۋېتەلەيسەن.

وماي تام سويېرنىڭ هويلاتېمىنى قانداق ئاقلىغانلىقىنى ئۇقمىغاچقا، ئۇنى ماختاپ ئۇچۇرۇۋەتتى.

— ئوقۇشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. بىراق مەن دېمىسەم بولمايدۇ بالام، سەن ئوقۇشۇڭغا پەقەت بۇنداق كۆڭۈل قويۇپ باقمىدىڭ. بولدى، ئەمدى چىقىپ

www.uyghurkitap.com

ئۆيىنىغىن.

تامىنىڭ ئەمگىكىدىن رازى بولغان موماي ئۇنى قازناققا باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭغا يوغان بىر تال ئالما مۇكاپات بەردى.

— تام، مانا بۇ سېنىڭ جاپالىق ئەمگىكىڭنىڭ مېۋىسى، — دېدى موماي چۈشەندۈرۈپ، — ئۇنى يېسەڭ يۈرەكلىرىڭ ياشىرىپ كېتىدۇ. ئىنجىلدا ”ئوغرىنىڭ قولىنى كەس“ دېگەن ئايەت بار. بۇ ”ھەرقانچە ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭنى ئۇچراتساڭمۇ، ئۇنى قەتئىي ئوغرىلاپ يېمىگىن...“ دېگەن مەنىدە، ئۇقتۇڭمۇ!

موماي ئىنجىلنى شېپى كەلتۈرۈپ سۆزلەۋاتقان ئاشۇ مىنۇتتا تام ياندا تۇرغان پوشكالدىن بىرنى مومايغا تۇيدۇرماي شارتتىدە ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى-دە، ئالدى-كەينىگە قارىماي قازناقتىن چىقىپ كەتتى. تام تۇيۇقسىزلا سىدنىڭ ئۆينىڭ سىرتىدىكى پەشتاق بىلەن ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ھويلىدا نۇرغۇن لاي بار ئىدى. تام لايدىن بىر پارچە ئېلىپ سىدقا قارىتىپ ئاتتى.

— ھاما، ھاما قاراڭا، ئاكام ئادەمنى بوزەك قىلىۋاتىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى سىد.

— ئەڭ ئىچ كۆيەر بالىسى سىدنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان موماي تالاغا چىقىپ ھە-ھۇ دېگۈچە سىدنىڭ ئۇستى- بېشى پاتقاققا مىلىنىپ بولغان ئىدى.

— ھەي ئەمدى يەنە ئاتىكاچىلىق قىلىپ باقا قېنى!

تام سىدقا قاراپ قاپىقىنى بىر تۈردى- دە ھويلا تېمىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. بۇ يەردىكى تامغا ئوخشاش شوخ باللار ئېزىپ- تېزىپمۇ ھويلا دەۋازىسىدىن ماڭمايتتى.

سىد ھامىسىنىڭ ئالدىدا تامىنىڭ ياقىسىدىكى قارا يىپ مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغىنى ئۈچۈن تام ئاھانەتكە قالغانىدى. بۇ ھېسابنى ئاخىرى ئالغان تامىنىڭ كۆڭلى-كۆكسى خېلىلا يورۇپ قالدى.

تام شۇ چىققىنىچە قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، مومايىنىڭ كالا

ئېغىلىنىڭ ئارقىسىدىكى پاتقاق كوچىغا كەلدى. بۇ مومايغا تۇتۇق بەرمەي ئۆيىنىغىلى بولىدىغان بىخەتەر جاي ئىدى.

ئۇ يەنە ئايلىنىپ تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى باغچىغا كەلدى. باغچا مەيدانىدا باللار كېلىشىپ قويغىنى بويىچە ئىككىگە بۆلۈنۈپ "ئۇرۇش"(باللارنىڭ بىر خىل ئويۇنى – ت)قا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

بۇ خىل ئۇرۇشتا تام شەرق قوشۇنىنىڭ گېنېرالى، ئۇنىڭ دوستى جوخاپو غەرب قوشۇنىنىڭ مارشالى ئىدى. بۇ ئىككى قوماندان ئادەتتە ئۆزلىرى ئۇرۇشقا قاتناشمايتتى. ئۇرۇشنى قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەر قىلاتتى. تام بىلەن جوخاپو بولسا ئېگىزرەك بىر يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ، ئەسكەرلىرىگە ئۇرۇش بۇيرۇقى چۈشۈرسىلا بولاتتى.

تامنىڭ قوشۇنى بىر مەيدان جاپالىق جەڭ ئارقىلىق ئاخىرى قارشى تەرەپنى مەغلۇپ قىلدى. ئىككى تەرەپ ئۇرۇشتا "ئۆلگەن"لەرنى ئېنىقلاپ، ئەسىرلەرنى ئۆز ئارا ئالماشتۇردى ۋە كېيىنكى قېتىم ئۇرۇش قىلىدىغان ۋاقىتنى بېكىتىۋالغاندىن كېيىن، قوشۇنلىرىنى قايتىدىن رەتكە تۇرغۇزۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## كەمپۈت قۇتىسىنىڭ چىقىلىشى

شۇ كۈنى كەچتە تام ئۆيگە ناھايىتى خۇشال قايتتى.

تام سىدقا پاتقاق ئاتقانلىقى ئۈچۈن كەچلىك غىزادا ھاممىسىدىن قاتتىق تىل ئاڭلىدى. بۇنى كۆرگەن سىد بىر چەتتە تۇرۇپ پىخىلداپ كۈلەتتى. سىدقا كۆزلىرىنى مىختەك قادىغان تامنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

تام كەمپۈت يەي دەپ قۇتىغا ئەمدىلا قول ئۇزىتىشىغا، موماي ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى.

— ھاما، سىد كەمپۈت يېسە ئەجەب گەپ قىلمايدىكەنسىزغۇ ئەمىسە؟ — دەپ سورىدى تام.

— سىد ھەرگىزمۇ سەندەك كەپسىز ئەمەس. سېنى ھاي دەپ تۇرمىسام ھېلىدىن ـ ھېلىغا قولۇڭ كەمپۈتكە كېتىپ بارغان...

موماي ئاشخانىغا قارىقاقا كىرىپ كەتتى. مومايىنىڭ سۆزلىرىدىن بېشى كۆككە يەتكەن سىد ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيدىكى ئورنىنى كۆز-كۆز قىلىپ، كەمپۈت قۇتىسىنى قەستەن ئۆزىنىڭ ئالدىغا تارتىۋالدى. بۇنى كۆرگەن تامنىڭ يۈزلىرى غەزەپتىن قىزىرىپ كەتتى. بىراق ئىسەنگىرەپ كەتكەن سىد قۇتىنى چىڭ تۇتمىغاچقا، كەمپۈت قۇتىسى يەرگە چۈشۈپ پارە-پارە بولۇپ، ئىچىدىكى كەمپۈتلەر يەرگە چېچىلىپ كەتتى.

بۇنى كۆرگەن تام خۇشلۇقتىن سەكرىۋەتكىلى قىل قالدى. ھامام كىرگەندە لام-جىم دېمەي ئولتۇرىۋالسام، دەپ ئويلىدى تام ئۆزىچە، ئۇ بۇنى زادى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى سورىغاندىلا ئاندىن دەيمەن. سىد دېگەن بۇ ئەتىۋارلىقنىڭ كارامىتى شۇچاغدا ئاشكارا بولىدۇغۇ!

مومايىنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرىنىڭ يەردىكى كەمپۈت قۇتىسىغا تىكىلگەنلىكىنى كۆرگەن تام ئۆزىنى باسالماي كۈلۈۋېتەيلا دەپ قالدى. مانا ئەمدى

تاماشىنى مەن كۆرىمەن، دەپ ئويلىدى تام.

بىراق، ئويلىمىغان يەردىن مومايى تامنىڭ قۇلاق تۈۋىگە چاڭگىدە بىر تەستەك سالدى. ئۇ يەنە تەستەك سالماقچى بولۇپ قولىنى كۆتۈرۈۋىدى تام ۋارقىرىۋەتتى:

— هاما مېنى نېمە دەپ ئۇرىسىز؟ قۇتىنى سىد چاققان ئۇرسا، يەنە مېنى ئۇرامسىز؟

موماي تۇرۇپلا قالدى. تامنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى گويا تەسەللى ئىزدىگەندەك مومايغا تىكىلدى. بىراق، پېتىدىن چۆشمىگەن موماي ئۆز گېپىنى يورغىلاتتى.

— هە شۇنداقمۇ؟ بىراق بۇ تاياق ساڭا هالال. قۇتىنى چاقمىغىنىڭ بىلەن چوقۇم باشقا چاتاق تېرىدىڭ!

بىراق موماي ئاغزىدا ئۇنداق دېگىنى بىلەن كۆڭلى بۇزۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. يۈرىكى ئېچىشىۋاتقان موماي يىپ ئېگىرگەچ ياش ئەگىۋاتقان كۆزلىرىنى بۇلۇڭدا ئۈن- تىنسىز ئولتۇرغان تامغا تىكتى. تام بولسا ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك كىتابقا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ مومايىنىڭ پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، بۇنى مومايغا چاندۇرمىدى. ئەمما تامنىڭ كۆز چاناقلىرىمۇ ياشقا تولغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش قاڭشىرىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىدى. تام مومايىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن بىرەر نەرسە بېرىشكە تەمشىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدى.

دەل شۇ چاغدا تامنىڭ بىر نەۋرە ئاچىسى مارى كىرىپ كەلدى. مارى ئالدىنقى ھەپتە يېزىغا كەتكەنىدى. مارى سەكرەپ- تاقلىغىنىچە شادلىق كۆلكىسى ئىچىدە مومايغا ئۆزىنى ئاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆيدىكى بايىقى كۆڭۈلسىز كەيپىيات ئاللىقاياقلارغا ئۇچتى.

ئۈمىدسىزلەنگەن تام، ئاستا سىرتقا چىقىپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

تام تىمتاس دەريا بويىغا كەلدى. دەريا بويىدا بىر سال تۇراتتى. تام ئۆزىنىڭ دىققىتىنى تارتقان سالنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ بىردەم كۆز ئالدىدا تولغىنىپ ئېقىۋاتقان سۇزۇك دەريا سۈيىگە قارىسا، بىر دەم بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا غەرق بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم ئادرېسى

# "ئەقىللىق" بالا

— تام، بۇگۈن دېگەن يەكشەنبە، يۈز-كۆزۈڭنى پاكىزراق يۇيارسەن!

مارى بىر جاۋۇر سۇ ۋە سوپۇننى ئەكىلىپ تامنىڭ يېنىغا قويدى. تام سۇنى تالاغا ئېلىپ چىقتى ۋە يېڭىنى تۈرۈپ سوپۇننى جاۋۇرغا تۆكۈپ، قولى بىلەن سۇنى بىردەم قوچۇيدى، سۇ يۈزىدە ماغزاپ ھاسىل بولدى. ئۇ يۈز- كۆزىنى يۇيۇپ بولغان قىياپەتتە جاۋۇردىكى سۇنى ئاستا بىر چەتكە تۆكۈۋەتتى. ئاندىن قازناقتا يۈگۈرۈپ كىرىپ لۆڭگىنى ئالدى- دە، يۈزلىرىنى كۆچەپ سۈرتۈشكە باشلىدى.

— يۇيۇپ بولدۇڭمۇ؟

— ھەئە، يۇيۇپ بولدۇم!

مارى تامنىڭ بايىقى ئىشلىرىنى كۆرۈپ قالغانىدى.

— تام، يەكشەنبە كۈنى يالغان ئېيتقان ئادەم دوزاخقا كىرىدۇ، جۇمۇ! يۈز يۇيۇشتىن نېمانچە قورقۇدىغانسەن؟ يۈز يۇغانغا نېمە بولاتتى؟ سۇ ياكى يۈزۈڭنى يارا قىلىپ قويمىسا!

مارىنىڭ بۇ سۆزى تامنى سەل- پەل ئوڭايسىزلاندۇردى. مارى باشقىدىن لىقمۇ لىق بىر جاۋۇر سۇ ئېلىپ كىردى. تام چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى- دە، يۈزىنى يۇيۇشقا باشلىدى. ئۇ ئادەتتە يۈز يۇغاندا ئاساسەن سوپۇن سۈرمەيتتى. سوپۇن ماغزىپى كۆزىگە كىرىپ كەتكەن تام ۋارقىرىغىنى تۇردى:

— ۋايجان، كۆزۈم بەك ئېچىشىپ كەتتى! يۈز يۇسا ھېچنېمە بولمايدۇ، دەيسەن مارى، بەك يالغانچىكەنسەن. ۋايجان، ۋايجان...

مارى لۆڭگىدە تامنىڭ يۈزلىرىنى پاك- پاكىز سۈرتۈپ، چاچلىرىنى رەتلەپ تارىدى. ئاندىن بىر قۇر كىيىم ئېلىپ چىقتى. بۇ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا تىكتۈرگەن كىيىم بولۇپ، تام ئۇنى يەكشەنبە كۈنلىرى سىرتقا چىققاندىلا

كىيەتتى. مارى ئۇنىڭ تۈگمىلىرىنى بىر۔ بىرلەپ ئېتىپ، بېشىغا يىپىپىگى چىغ قالپاقنى كىيدۈرۈپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن تامغا خىلىلا ئىسكەت كىرىپ قالدى.

تام مارىنىڭ "تام پۇتۇڭغا ئاياغ كىي" دېگەن گەپنى ئۇنتۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق ئۇنىڭ بۇ ئۈمىدىمۇ يوققا چىقتى. تام مارىنىڭ جېكىلەشلىرى بىلەن ئاخىرى بېشىدىن تارتىپ ئايىغىغىچە رەتلىك كىيىندى.

ئاندىن مارى تام بىلەن سىدنى باشلاپ يەكشەنبىلىك مەكتەپكە ماڭدى. يەكشەنبىلىك مەكتەپكە بېرىش تامنىڭ ئەڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان ئىشلاردىن ئىدى.

شۇڭلاشقىمۇ ئۇ باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىراق ماڭغانىدى، چېركاۋ ئالدىدا تام بىلنى ئۇچرىتىپ قالدى.

— ھەي بىل، سەندە سېرىق كارتوشكا بارمۇ؟

— بار.

— سېرىق كارتوشكاڭنى نېمىگە تېگىشىسەن؟

— ئۆزۈڭ نېمىگە تېگىشمەكچىسەن؟

— بىر تال كەمپۈت بىلەن بىر تال قارماققا.

— ئەكىلە، كۆرۈپ باقاي.

تام كەمپۈت بىلەن قارماقنى ئېلىپ بىلغا بەردى. بىل ئۇ نەرسىلەرگە رازى بولدى بولغاي، تام بىلەن شۇئانلا پۈتۈشتى.

تام يەنە ئىككى تال خرۇستال ساقا ۋە باشقا ئۇششاق- چۈششەك نەرسىلەرگە جەمئىي بەش پارچە قىزىل ۋە كۆك كارتوشكا تېگىشىۋالدى. ئۇ چېركاۋ ئالدىغا كەلگەن باشقا باللاردىن سېرىق، قىزىل ۋە كۆك كارتوشكىدىن بىرمۇنچە سېتىۋېلىپ ئاندىن چېركاۋغا كىرىپ كەتتى.

تامنىڭ سىنىپىدىكى باللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان كەپسىزلەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇئەللىمى ۋولتېر ئەپەندى ئۆزى سۇرلۇك بولغىنى بىلەن كۆڭلى يۇمشاق ئادەم ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ بۇ قولاق كەستىلەر ئالدىدا گاھىدا راستىنلا ئامالسىز قالاتتى.

باللارغا ئىنجىلدىكى ئايەتلەرنى يادلىتىشقا توغرا كە[illegible]
بىرەرسىمۇ تولۇق يادلاپ بىرەلمەيتتى. ياندىن بىرەيلەن ئايە[illegible] بەرمىسە دۇدۇقلاپ تۇرغىنى تۇرغان ئىدى.

باللاردىن ئىككى ئايەتنى يادلاپ بەرگەنلەرگە كۆك كارتوشكىدىن بىرى بېرىلەتتى؛ ئون پارچە كۆك كارتوشكىغا بىر پارچە قىزىل كارتوشكا، ئون پارچە قىزىل كارتوشكىغا بىر پارچە سېرىق كارتوشكا تېگىشىۋالغىلى بولاتتى. چۈنكى ئون پارچە سېرىق كارتوشكىغا ئېرىشكەنلەرگە مەكتەپ مۇدىرى ئىنجىلدىن بىرنى تەقدىم قىلاتتى.

باللارنىڭ ھەممىسىلا بۇ شەرەپكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى مىڭ ئايەتنى يادلاشقا توغرا كېلەتتى. ئەمما مارى ئىنجىلدىن ئىككىنى ئېلىپ بولدى، بۇ ئۇنىڭ ئىككى يىللىق جاپالىق ئەجرىنىڭ مېۋىسى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە گېرمان پۇشتىدىن بولغان بىر بالىنىڭ ئىنجىلى تۆت-بەشكە يەتتى. بىر قېتىم ئۇ بىر يادلىشىدا ئۈچ مىڭ ئايەتنى يادلاپ بەردى. ئۇ مېڭىسىنى بەك ئىشلىتىۋەتكەچكە ھازىر ئېلىشىپمۇ قالغاندۇ بەلكىم.

تامنىڭ ئارزۇسىمۇ مۇشۇنداق شەرەپكە ئېرىشىش ئىدى ، ئەلۋەتتە. بىراق، ئىنجىل يادلاشقىلا تايانسا ئۇ بۇ ئارزۇسىغا مەڭگۈ يېتەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ كاللىسىنى ئىشقا سېلىپ، يېڭىدىكى نەرسىلىرىگە نۇرغۇن كارتوشكا تېگىشىۋالغان ئىدى.

ۋولتېر ئەپەندى بىر بولۇك مەزمۇننى ئەمدىلا تاماملاپ تۇرۇشىغا، شۇ بازاردىكى داڭلىق ئادۋوكات جېف ساتچىر ئەپەندى پۇزۇر كىيىنگەن بىر مۆتىۋەر كىشى بىلەن سۆلەتلىك بىر خانىمنى زىيارەتكە باشلاپ كىرىپ قالدى.

— بۇياق شتاتىمىزدىكى كاتتا سودىيە ساتچىر ئەپەندى بولىدۇ، — ۋولتېر ئەپەندى مېھمانلارنى تونۇشتۇردى، — يەنى بىزگە ناھايىتى تونۇش بولغان جېف ساتچىر ئادۋوكاتنىڭ ئاكىسى.

”شتاتىمىزنىڭ كاتتا سوتچىسى“ دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان باللارنىڭ چىرايى سۇرلۇك تۈس ئالدى. ئەزىز مېھمانلارنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىكىدىن ئىنتايىن

خۇرسەن بولغان ۋولتېر ئەپەندى ئۇزىنى كۆرستىش پۇرستىنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى بولغاي، ئەڭ ئەلاچى بالىنى تاللاپ ئۇنىڭغا ئىنجىلدىن بىرنى سوۋغا قىلماقچى بولدى.
ئوقۇشى ناھايىتى ياخشى بالىلاردىن بىرقانچىسى ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قولىدىكى سېرىق كارتوشكىنىڭ سانى بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە توشمىدى. ھېلىقى گېرمان بالىنىڭ كاللىسىمۇ نېمە ئۈچۈندۇر بوگۇن سەل-پەل گاللىشىپ قالغان ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆمرىدىكى ئەڭ ئۆكۈنچلۈك ئىش ئىدى.
— ئاراڭلاردا قايسىڭلارنىڭ سېرىق كارتوشكىسى ئونغا يەتتى؟
ۋولتېر ئەپەندى بالىلارغا مەغرۇرانە سەپسالدى. بىراق بالىلاردىن سادا چىقمىدى.
ۋولتېر ئەپەندى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. تام تۇيۇقسىزلا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇدۇل ئۇنىڭ يېنىغا باردى .
— مۇئەللىم، مەندە كارتوشكىنىڭ سېرىقىدىن توققۇزى، قىزىلىدىن توققۇزى، كۆكىدىن ئونى بار. ئىنجىلنى ماڭا تەقدىم قىلىڭ!
بۇ ئاجايىپ ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى. بۇ تاسادىپىي ئىشنى كۆرگەن مۇئەللىم بىلەن بالىلار ئاغزىلىرىنى ئېچىپلا قېلىشتى. چۈنكى تامنىڭ ئىككى مىڭ ئايەتنى يادلىيالىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ راستىنلا ئادەمنىڭ كۆلكىسىنى كەلتۈرەتتى. بىراق تامنىڭ قولىدىكىسى راستىنلا مەكتەپتىن تارقاتقان كارتوشكىلار ئىدى.
شۇنداق قىلىپ سودىيە ۋە مېھمانلار تامنى چاقىرىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.
قاتتىق پۇشايمان قىلىشىۋاتقان باشقا بالىلار تامغا غەزەپلىك كۆزلىرىنى قىزغىنىش بىلەن تىكىشتى. چۈنكى تامنىڭ قولىدىكىسى ئاشۇ بالىلارنىڭ كارتوشكىلىرى بولۇپ، تام ئۇنى ساقاا، قارماق، رەگەتكە ۋە ئەسكى ئاچقۇچقا تېگىشىۋالغانىدى. يەنە كېلىپ ساقا دېگەندەك نەرسىلەرنىمۇ دەل ئاشۇ بالىلار تامنىڭ ھويلا تېمىنى ئاقلىشىغا ياردەملىشىش بەدىلىگە ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان نەرسىلەر ئىدى. بولمىسا تام ئۈنچىۋالا جىق كارتوشكىنى يىغالايتتىمۇ؟ بالىلار

تامنىڭ ھېلىسىنى مانا ئەمدى چۈشەنگەندى. بىراق پۈشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيتتى.

مۇدىر تامغا ئىنجىل تەقدىم قىلىش ۋاقتىدا يالغاندىن بىرمۇنچە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ماختاپ قويدى. چۈنكى تامنىڭ ئىككى مىڭ ئايەتنى يادلىيالىشىغا ھېچكىم ئىشەنمەيتتى، ئەلۋەتتە.

ئارقىدىن سودىيە تامنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قالتىسلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدى ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىدى.

— تا... تام! — دېدى بالا دۇدۇقلاپ ناھايىتى تەستە.

— ئەركىلەتمە ئىسمىڭنى ئەمەس ئەسلى ئىسمىڭنى سوراۋاتىمەن، — دېدى سودىيە چۈشەندۇرۇپ.

— توماس،— دېدى تام.

— ھە، مۇنداق دېمەمسەن. ئۇنداقتا فامىلەڭمۇ باردۇ؟

دەل شۇ چاغدا ۋولتېر ئەپەندى گەپ قىستۇردى:

— توماس، سودىيە جانابلىرىغا فامىلەڭنىمۇ ئېيتىپ بەرگىن، گەپنى ئەدەپ بىلەن قىلغىن.

— ئىسمىم توماس سويېر بولىدۇ، — دېدى تام.

— ھەببەللى، ناھايىتى ئەقىللىق بالىكەنسەن. ئىككى مىڭ ئايەتنى يادلاش ئەلۋەتتە ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى جىق ۋاقىت سەرپ قىلدىڭ تايىنلىق. بىراق ئەجرىڭ بىكار كەتمەيتۇ. چۈنكى بىلىم- ئىرپان دېگەن ھەرقانداق نەرسىدىنمۇ قىممەتلىكتۇر. ئىلىم تەھسىل قىلغان ئادەملا كاتتا ئەرباب ۋە ئاق كۆڭۈل كىشىلەردىن بولالايدۇ. توماس، ئېنىقكى سەن كۆنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم كاتتا ئەرباب ۋە ئاق كۆڭۈل كىشىلەردىن بولۇپ چىقالايسەن. شۇ چاغدا ھازىرقى كۈنلىرىڭنى ئەسلەپ، يەكشەنبىلىك مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىڭنىڭ زايە كەتمىگەنلىكىدىن ئېيتىخارلىنىسەن.

سودىيە ئەپەندى گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى.

— ئۇنداقتا سەن ئەيسانىڭ ئون ئىككى مۇرىتىنىڭ نامشەرىپىنى ئەلۋەتتە

بىلىسەن، دېگەن گەپ. قېنى، ئۇنداق بولسا ئەڭ دەسلەپكى ئىككى مۇرتىنىڭ نامشەرىپىنى دەپباققىنا؟



تامنىڭ يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ، قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ھەدەپ بىر تال تۈگمىسىنى تاتىلايتتى.

ۋولتېر ئەپەندى جىددىيلەشكەنلىكىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەيلا قالدى، — توماس، سودىيە جانابلىرىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگىن، جىددىيلەشمە! — دېدى ئۇ ئامالسىزلىقتىن.

تام نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تەڭقىسلىقتا قالغان ئىدى. دەل شۇ چاغدا سودىيە جانابلىرىنىڭ خانىمى گەپ ئارىلاپ قالدى:

— قېنى ئۇكام، قورقما، ماڭا ئېيتىپ بەر ئەمىسە ...

— بۇ ئىككى مۇرىتنىڭ ئىسمى داۋۇت بىلەن گولىئا، — دېدى تام.

تام خىيالىغا كەلگەن ئىسمىدىن ئىككىنى تەۋەككۇل غوس دەپلا ئۇتتۇرىغا تاشلىغان ئىدى.

قاتتىق كۈلكە پۈتۈن چىركاۋ ئىچىنى بىر ئالدى. شۇنداق قىلىپ بۇ "ئەقىللىق بالا"نىڭ ئەسلى قىياپىتى ئاشكارىلىنىپ قالغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تام ئاغرىپ قالدى

ھەر دۈشەنبە ئەتىگەنلىكى تام سوييېرنىڭ كۆڭلى ئەڭ غەش بولىدىغان چاغ ئىدى. چۈنكى تامنىڭ نەزەرىدە مەكتەپتە دۇچ كېلىدىغان بىر ھەپتىلىك ئازاب- ئوقۇبەت دەل دۈشەنبىدىن باشلىناتتى.

تام كارىۋاتتىن قوپماي تۇرۇپ، ئىگىرىغىلى تۇردى.

ئۇنىڭ ئىڭراشلىرى سىدنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزالمىدى. ئەمما تامنىڭ ئىڭراۋېرىپ ئاخىرى چارچاپ ھالى قالمىغىلى تۇردى.

تام بىر دەم ئارام ئېلىۋېلىپ، ئۆزىنى رۇسلىدى- دە، تېخىمۇ قاتتىق ئىڭراشقا باشلىدى. بىراق سىد ئويغانماقتا يوق، ھەدەپ خورەك تارتىۋاتاتتى. تامنىڭ جۇدۇنى تۇتتى.

— سىد، ھەي سىد... — تام ۋارقىرىدى ۋە سىدنى تۈرتتى. سىد ئېرىنچەكلىك بىلەن كېرىلىپ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى تامغا تىكتى. تام يەنە ئىڭراشقا باشلىدى.

— تام، تام... نېمە بولدۇڭ؟

بىراق تام باشقا گەپ قىلماي ئىڭراپلا ياتاتتى.

— تام، تام دەيمەن، نېمە بولدۇڭ زادى؟

سىد تامنى تۈرتتى ۋە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى.

— بولدى قىل سىد، ماڭا چېقىلما! — تامنىڭ ئاۋازى راستتىنلا ئاغرىپ قالغان ئادەمنىڭكىدەك ئۈزۈلۈپ- ئۈزۈلۈپ چىقاتتى.

— نېمە بولغانسەن تام؟... ھاممامنى چاقىراي!

— بولدى سىد... مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن... ئۆگلىنىپ قالارمەن. باشقىلارنى ئەنسىرەتمە.

— ياق، چاقىرمىسام بولمىغۇدەك، تولا كۈچەپ ئىنجىقلىمىغىن تام. سەن

مۇشۇنداق ئاغرىۋاتقىلى نەچچە سائەت بولدى؟
— خېلى بولدى. ۋاي، ۋاي، ۋاي مېنى مىدىراتما سىد، جېنىم چىقىپ كېتەي دەۋاتىدۇ!
— ھەي، نېمىشقا مېنى بالدۇرراق ئويغاتمىدىڭ؟ تولا ئىڭراۋەرمىگىنە تام، مەن بەك بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىمەن. زادى نېمە بولدۇڭ سەن؟
— سىد، مەن ھەممە ئادەمدىن رازى، — تام يەنە قاتتىق ئىڭرىدى، — ئىلگىرى ماڭا قىلغان ئەسكىلىكلىرىڭدىنمۇ كەچتىم، مەن سەندىن رازى. مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن...
— ئۇنداق دېمىگىن تام، — سىدنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، — سەن ئۆلۈپ كەتمەيسەن، بۇ مۇمكىن ئەمەس.
— مەن ھەرقانداق ئادەمنى كەچۈردۈم سىد، مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مېنىڭ ھېلىقى يەكچەشمە مۈشۈكۈم بىلەن ھاسام ساڭا قالسۇن...
سىد تامنىڭ سۆزلىرىگە تامامەن ئىشەنگەندى. چۈنكى ئۇ تامنىڭ مەكتەپكە بېرىشتىن قېچىپ يالغاندىن ئاغرىۋالغانلىقىنى قەتئىي ئۇقمايتتى. تامنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن سىد پەشتاقتىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چۈشۈپ ھاممىسىنى چاقىردى:
— ھاما، ھاما تېز بولۇڭ، تام ئۆلەي دەپ قالدى!
— نېمە دەيدىغانسەن... ئۆلەي دەپ قالدى؟
— شۇنداق، تېز بولۇڭ ھاما!
— ئۇنداق كەلسە-كەلمەس گەپ قىلىپ ئاغزىڭنى ئۇششۇتمىغىن سىد، — موماي ئاغزىدا ئۇنداق دېگىنى بىلەن كۆڭلى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ كەتتى. ساراسىمە ئىچىدە قالغان مومايىنىڭ يۈزلىرى تامدەك تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئالدىراپ- ھۆمۈدىگىنىچە سىد بىلەن مارىنى باشلاپ ئىككىنچى قەۋەتكە يۈگۈرۈپ چىقتى .
— تام، نېمە بولغانسەن جېنىم بالام، — دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ، — ئاغرىپ نېمىلەر بولۇپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان بىچارىنىڭ.

— هاما، مەن ....، — تام گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

— گەپ قىلساڭچۇ تام، نەرىڭ ئاغرىۋاتىدۇ؟ مەن دەرھال دوختۇر چاقىراي.

— ھە، دوختۇر؟ — تام سەل ئەندىكتى، — پۇتۇمنىڭ ھېلىقى ئىششىپ قالغان بارمىقى ئاجايىپ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ھومايىنىڭ يۈرىكى ئەمدى ئورنىغا چۈشتى، — ھە مۇنداقمۇ؟

— دېدى ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىر ئۇھ دەۋالغاندىن كېيىن، — يۈرىكىمنى يېرىۋەتكىلى تاس قالدىڭغۇ تام، پۇتۇڭنىڭ بارمىقى ئاغرىپ قالغانغا نېمە بولاتتىڭ، قوپە، مەكتەپكە بار!

— هاما، سىز ياشىنىپ قالغان ئايال، — دەپ گەپ يورغىلاتتى تام، — دوختۇرلۇقتىكى بەزى يېڭى ساۋاتلاردىن خەۋىرىڭىز يوق ئېھتىمال. پۇتىنىڭ بارمىقى دەپلا ئۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ، ناۋادا بىخەستەلىك قىلسا يامان بىر كېسەلنى پەيدا قىلارمىش. ئۇ كېسەلنىڭ ئىسمى نېمە بولغىيدى...؟ دوختۇر ئېيتىپ بەرگەنىدى، ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئۇ كېسەل قوزغىلىپ قالسا ئىككى- ئۈچ ھەپتىگە بارمايلا ئادەمنىڭ جېنىنى ئالارمىش...

تام ”كېسەلنى“نىڭ ئېغىرلىقىنى ئاغزى- ئاغزىغا تەگمەي ئىسپاتلىماقتا ئىدى. ھوماي تامنىڭ ھېلىقى بارمىقىنى ئاستا چىمدىدى. تام ”ۋايجان ئاغرىپ كەتتى“ دېيىشكە كېچىكىپ قالغان ئىدى.

— ھەي ، ئانچە ئاغرىپ كەتمىگەندۇ؟ — دېدى ھوماي تامنىڭ پۇتىنى چىمدىغان قولىنى بوشىتىپ، — بولدى، ھېچقىسى يوق.

ھوماي، سىز ۋە مارىلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

بۇنىڭ بىلەن تام ئىڭراشتىن جىمىپ قالدى، چۈنكى پۇتىنىڭ ئاغرىقىمۇ توختاپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ سەل- پەل ئوڭايسىزلاندى.

— هاما، — دېدى تام گەپنى باشقا ياققا بۇراپ، — پۇتۇمنىڭ بارمىقى بەك قاتتىق ئاغرىپ كەتكەچكە باياتىن چىش ئاغرىقىنىڭ بۇنچىۋالا دەھشەتلىك بولىدىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن ئەمەسمۇ. ۋاي چىشىم، ۋاي چىشىم!

— نېمە؟ ئەمدى چىشىڭغا نېمە بالا بولدى؟

— بىر تال چىشىم بوشاپ قاپتىكەن، بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

— ھە، بولدى، تولا ۋايسىمىغىن، ئاغزىڭنى ئاچقىنە، چىشىڭنى كۆرۈپ باقاي، — دېدى موماي تامغا يېقىن كېلىپ، — ھە شۇ، چىشىڭ راستتىنلا بوشاپ قاپتۇ، چىشەيدىكەنسەن(چىش يەڭگۈشلەيدىكەنسەن دېگەن مەنىدە— ت) بالام. بۇنىڭغىمۇ ئۆلۈپ قالامدۇ! مارى ماڭ يۈگۈر، قازناقتا كىرىپ ئازراق يىپ بىلەن ئوچاقتىكى چوغدىن بىر پارچە ئېلىپ چىق.

مومايىنىڭ بۇ سۆزىدىن تام قاتتىق قورقۇپ كەتتى.

— ھاما، چىشىمنى تارتىۋەتمەڭ،— دېدى ئۇ يالۋۇرۇپ، — ۋۇي، مانا چىشىم ئۆزىچىلا ياخشى بولۇپ قالدى، ئاغرىقىمۇ چىپ توختىدى. بولدى ھاما، مەن ھازىرلا مەكتەپكە باراي.

— ھە مۇنداقمىدى؟ — دېدى موماي نارازى بولۇپ، — ئەسلىدە يالغاندىن ئاغرىۋېلىپ مەكتەپكە بارماي، بېلىق تۇتقىلى قاچماقچى ئىكەنسەن-دە! تام، سەن ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرىمەن، بىراق سەن ھە دېسىلا مەكتەپتىن قاچىسەن، ئەتىگەندىن، كەچكىچە مېنى ئالدىغىنىڭ ئالدىغان!

— ھاما، بۇندىن كېيىن مەن سىزنى ھەرگىز خاپا قىلمايمەن، — دېدى تام بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.

بىراق چىش تارتىشقا ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تەق بولۇپ بولغان ئىدى. موماي يىپنىڭ بىر ئۇچىنى تامنىڭ بوشاپ قالغان ھېلىقى چىشىغا، يەنە بىر ئۇچىنى كارىۋاتنىڭ بالدىقىغا باغلىدى. ئاندىن يالىداپ تۇرغان چوغنى ئەكىلىپ تامنىڭ بۇرنىغا تەڭلىدى. چوغنى يېقىۋېتەرمىكىن، دەپ جان-پېنى چىقىپ كەتكەن تام شۇنداق بىر يۇلقۇنىۋىدى يىپقا باغلانغان چىش يۇلۇنۇپلا چىقتى. يۇلۇنغان چىش خۇددى سائەتنىڭ ماياتنىكىدەك كارىۋاتنىڭ بېشىدا پۇلاڭلاپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# سەرگەردان بالا

تام مەكتەپكە كىتىۋىتىپ، خاك بىرى فىننىنى ئۇچرىتىپ قالدى.

— تام، مەكتەپكە مېڭىپسەن-دە؟

— سورىمايلا قويە! مەكتەپكە بارماسلىقنىڭ قارىنىنى ئىسىپ، يالغاندىن ئاغرىۋالغان ئىدىم. بىراق هامام بىر تال چىشىمنى يۇلۇۋەتتى، قارا.

غەزەپلەنگەن تام ئاغزىنى يوغان ئىچىپ، كوماك چىشىنى خاكقا كۆرسەتتى.

— سەن نېمىشقا هە دىسىلا مەكتەپتىن قاچىسەن؟ مەنچۇ، مەكتەپكە باراي دەپمۇ بارالمايۋاتىمەن.

— ساراڭكەنسەن خاك، مەن ساڭا هەۋەس قىلىمەن تېخى.

— نېمە؟ مېنىڭ سەن هەۋەس قىلغۇدەك نەرىم بولسۇن!

— قىزىقكەنسەن ئاداش، مەكتەپ، چېركاۋ دېگەنلەرگە بارماي خالىغان ۋاقىتىڭدا بېلىق تۇتالايسەن، سوغا چۆمۈلەلەيسەن. قانچىلىك ئوينىغۇڭ كەلسە شۇنچىلىك ئوينايسەن. باللار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالساڭمۇ سېنى تىللايدىغان ئادەم يوق. پادىشاهتەك ئەركىن ياشايسەن، جۇمۇ.

خاك بىرى فىنىن مۇشۇ بازاردىكى تاشلاندۇق بالا ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى ئۆتۈپ كەتكەن بىر هاراقكەش بولغاچقا، بالىسى بىلەن قىلچە كارى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ داپ داراڭلىغان، ئىشەك هاڭرىغان يەرلەردە ئويۇن بىلەن كۈننى ئۆتكۈزەتتى، ئۇستىۋىشى جۇل-جۇل هەم مەينەت ئىدى. پۈتۈن بازاردىكى ئانىلارنىڭ هەممىسى ئۇنىڭغا قەۋەتلا ئۆچ ئىدى. شۇڭا باللىرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشىغا يول قويمايتتى.

بىراق، چوڭلار باللىرىنى ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىشتىن توسقىنى بىلەن باللار ئۇنى دوست تۇتۇشقا ئامراق ئىدى، ئۇنىڭغا ناهايىتى هەۋەس قىلاتتى. ئۇنىڭغا ئوخشاش يۈگەنسىز تايچاقتەك ئەركىن-ئازادە ئويناپ-كۈلۈشنى ئارزۇ

قىلىشاتتى.

تاممۇ باشقا بالىلارغا ئوخشاش خاكنىڭ ئەركىن- ئازادە تۇرمۇشىغا ھەۋەس قىلاتتى. تامنىڭ ھاممىسى دائىم ئۇنىڭغا خاكقا يېقىن يولىماسلىقنى تاپىلاپ تۇراتتى. بىراق تام پۇرسەت تاپسىلا خاك بىلەن بىللە ئوينايتتى. خاك ئۇچىسىغا چوڭلار تاشلىۋەتكەن جۇل-جۇل كىيىملەرنى كىيىپ يۈرەتتى، بېشىغا كىيىۋالغان ئەسكى شەپكىنىڭ چېكىلىكى ساڭگىلاپ قالغانىدى. يوغان چاپان ئۇنىڭ ئۇچىسىدا خۇددى ئۇزۇن پەلتۇدەك سۆرۈلۈپ قالغانىدى. تامبىلىنىڭ ئېغى گويا يوغان بىر خالتىدەك ئۇنىڭ چاترىقىدا پولاڭلاپ تۇراتتى. ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە ئاستىدا مانتا يەيدىغان بىغەم خاك، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى باشقىلارنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى پەشتاقلاردا، يامغۇر ياغقان كۈنلىرى يوغان تۇڭلارنىڭ ئىچىدە ئۇخلايتتى.

— ھەي خاك، قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟

— ئۆلۈك مۈشۈك.

— ئەكىلە كۆرۈپ باقاي. پاھ ئەجەب قاتتىقكەن؟ نەدىن تاپتىڭ بۇنى؟

— بىرەيلەندىن سېتىۋالدىم.

— نېمىگە تېگىشتۈۋالدىڭ؟

— بىر پارچە كۆك كارتوشكا بىلەن قوشخانىدىن ئېلىۋالغان كالىنىڭ بىر دانە دوۋسىقىغا.

— ھېلىقى كۆك كارتوشكىنى نەدىن تاپقانتىڭ؟

— ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا بېندىن بىر جىرىلداق(دۈگىلىتىپ ئوينايدىغان تۆمۈر چەمبىرەك ـــ ت)نىڭ تۇتقۇسىغا تېگىشتۈۋالغان.

— ھەي راست، ئۆلۈك بۇ مۈشۈكنىڭ نېمىگە لازىمى بار خاك؟

— نېمىگە لازىمى بار دەۋاتامسەن؟ قالتىس نەرسە بۇ! سۆگەلنى ساقايتىدۇ.

— بىر ئۆلۈك مۈشۈك سۆگەلنى قانداق ساقايتالايدۇ؟

— بۇ ناھايىتى ئاسان دېگىنە. ئەسكى ئادەملەردىن بىرەرسى دەپنە قىلىنغان كۈنى كېچىسى ئۆلۈك مۈشۈكنى كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا بارىسەن. كەچ سائەت

ئون ئىككى بولغاندا جىنلار پەيدا بولىدۇ. سەن ئۇلارنى كۆرەلمەيسەن، بىراق شامالنىڭكىدەك بىر خىل ئاۋازنى ئاڭلايسەن. بۇ دەل جىنلارنىڭ گۇس- گۇس پاراڭلىرى. ئۇلار قەبرىنى ئېچىپ مېيىتنى ئېلىپ ماڭغاندا ئۆلۈك مۈشۈكنى ئۇلارغا قارىتىپ ئاتىسەن ھەم: "جىنلار ئەگەش مېيىتقا، مۈشۈك ئەگەش جىنلارغا، سۆگەل ئەگەش مۈشۈككە" دەيسەن. شۇنداق قىلساڭ ھەرقانداق سۆگەللىك غايىب بولىدۇ.

— بۇ ئۇسۇل بولىدىغاندەك تۇرىدۇ جۇمۇ. بىراق سەن ئاشۇنداق قىلىپ باققانمۇ، خاك؟

— ياق ئېخى، بۇنى بايىلا خۇب كىمىس مومايدىن ئاڭلاپ كەلدىم.

— ئۇنداق بولسا ئېھتىمال راست. ھەممە خەق ئۇ مومايىنى پېرىخونكەن، دېيىشىۋاتىدۇغۇ. سېنىڭ ئاشۇنداق قىلىپ باققۇڭ يوقمۇ؟

— مېنىڭچە، بۈگۈن ئاخشاملىققا جىنلار چوقۇم خوس ۋىلىيامسنىڭ مېيىتىنى ئالغىلى كېلىدۇ.

— مەنمۇ سەن بىلەن بىللە بارايمۇ خاك؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ. بىراق سېنى قورقامدىكىن دەيمىنا؟

— قورقىدىغان نېمىسى بار؟ بولدى،ئاز گەپ قىلە. ئاخشاملىققا كېلىپ، مۈشۈكتەك مىياڭلاپ بەلگە بەرسەڭلا مەن چىقىمەن.

— ماقۇلە. بىراق ئاداش، ئۆتكەنكىدەك جىم تۇرىۋالماي ئاۋازىمنى ئاڭلىغان ھامان سەنمۇ "مىياۋ" دېگىن جۇمۇ! ئۆتكەندە تالادا مىياڭلاپ ھېرىپ ئۆلەي دېدىم. بىراق سەندىن سادا يوق. قوشنىلار دېگەن قېرى "ۋاي ئۆلگۈر مۈشۈك، ئەجەب جېنىمغا تەگدى" دەپ تىللىغىنىچە ماڭا قارىتىپ تاش ئاتتى. مەنمۇ يەردە تۇرغان خىشتىن بىرنى ئېلىپلا ئۇنىڭ دېرىزىسىگە ئاتتىم. ھە راست، بۇنى مېنىڭ قىلغانلىقىمنى ھەرگىز دەپ سالما جۇمۇ.

— ماگە نېرى، ساراڭمۇ مەن ئۇنىڭغا دەپ قويىدىغان. ئۆتكەندىچۇ، ھامام يېنىمدا مىختەك ئولتۇرىۋالغاچقا قىمىر قىلالمىدىم. خاتىرجەم بول، بۈگۈن ئۇنداق بولمايدۇ. ۋۇي، قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟

— تېزەكچى قوڭغۇز.
— نەدىن تاپتىڭ ئۇنى؟
— ئاۋۇ تەرەپتىكى ئورمانلىقتىن تۇتىۋالدىم.
— خاك، ئۇنى نېمىگە تېگىشىسەن؟
— بۇنى بىر نەرسىگە تېگىشكۈم يوق، — دېدى خاك بېشىنى چايقاپ.
— بولدى، بولدى، قانچىلىك نېمىتى ئۇ، بىر تال قوڭغۇزغۇ شۇ! — تام سەل نارازى بولدى.
— ئۇغۇ شۇ، بىراق قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق، دېگەن شۇ-دە! مېنىڭچە بۇ ناھايىتى ئۇبدان نەرسە.
— "ئۇبدان نەرسە" دەپىكەتكىنىنى. ھەي، نېمە كارامىتى بولاتتى ئۇ



قوڭغۇزۇڭنىڭ! مەنمۇ ئەگەر تۇتمەنلا دېسەم مىڭنى تۇتالايمەن ئۇنىڭدىن.

— قالتىسقۇ، ئۇنداق بولسا نېمىشقا بىرىپ تۇتۇپ كەلمەيسەن؟ دەپ قوياي، بۇ يىلچۇ تېزەكچىنى تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىشىم، بىلەمسەن؟ — خاك سەل-پەل تېرىكتى.

— بولدى، چاقچاق قىلىپ قويدۇم، — دېدى تام كۈلۈپ تۇرۇپ، — قوڭغۇزۇڭنى مېنىڭ ھېلىقى ھامام يۇلۇۋەتكەن چىشىمغا تېگىشىپ بېرەمسەن؟

— ئەكەل، چىشىڭنى كۆرۈپ باقاي.

تام يانچۇقىدىن بىر قەغەز بولاقنى ئېلىپ، ئېھتىيات بىلەن ئاچتى. خاك بولاقتىكى چىشقا ھەۋەس بىلەن قاراپ كەتتى.

— بۇ راستىنلا سېنىڭ چىشىڭما؟

تام ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ھېلىقى كۇماك چىشىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

— ھە راستكەن، ئۇستىدە قانمۇ تۇرىدۇ تېخى، ماقۇلە، تېگىشسەم تېگىشتىم.

تام خاكنىڭ قولىدىن تېزەكچىنى ئېلىپ تېخى ئالدىنقى كۈنىلا سوت ئالغان قۇتىسىغا سېلىۋالدى.

شۇنداق قىلىپ تام بىلەن خاك خوشلاشتى. ئۇلار بىر- بىرىدىن مەغرۇر ئىدى.

## ۋاشىنگىتوننى دوراش

تام مەكتەپكە كەلگەندە دەرس ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ دىرىزىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ سىنىپقا سەپسالدى. مۇئەللىم ھە دەپ دەرس سۆزلەۋاتاتتى.

— بالىلىرىم، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ۋاشىنگىتون دادىسى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان بىر تۈپ گىلاسنى ئېھتىياتسىزلىقتىن كېسىۋېتىپ قاپتۇ. بىراق ۋاشىنگىتون ئەھۋالنى دادىسىغا قىلچە يالغان ئارىلاشتۇرماي ئەينەن ئېيتىپ، كەمچىلىكىنى بوينىغا ئاپتۇ، — مۇئەللىم بىر دەم تۇرىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — ۋاشىنگىتوننىڭ ئۇلۇغلۇقى دەل مۇشۇ يەردە. ناۋادا باشقا بالىلار بولسا دادىسىدىن قورقۇپ، بۇنى ئۇقماسقا سالغان بولاتتى ياكى ئۆزىنىڭ كېسىپ سالغانلىقىدىن تېنىۋالغان بولاتتى. بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇڭا بىز ۋاشىنگىتوننى ئەڭ سەممىي ۋە قەيسەر ئادەم، دەپ تەرىپلەيمىز.

— توماس سويېر،— مۇئەللىم تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ قالدى.

— بار،— دېدى تام دىرىزىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ.

— قېنى بېرى كەل، بۈگۈن يەنە كېچىكىپ قالدىڭغۇ؟ نېمىشقا دائىم كېچىكىسەن؟

مۇئەللىمنىڭ سۈرلۈك تەلەتىنى كۆرگەن تام دەرھاللا بىرەر گەپ ياسىماقچى بولدى-يۇ، لېكىن مۇئەللىم بايا ئېيتقان ۋاشىنگىتوننىڭ ھېكايىسى ئۇنىڭغا تەسىر قىلدى بولغاي، ئۇ راستىنى ئېيتسام، گەپ ياسىغانغا قارىغاندا ياخشىراق بولار، دەپ ئويلىدى.

— كەچۈرۈڭ مۇئەللىم، يولدا خاك ئۇچرىغان ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن

www.uyghurkitap.com

پاراڭلىشىپ تۇرۇپ قاپتىمەن.

مۇئەللىم يۇپ-يۇملاق كۆزلىرىنى تامغا تىكتى. ئۇ ئۇزۇن قۇلىقىغا ئىشەنمەيۋاتاتتى. سىنىپنى تىمتاسلىق قاپلىدى. باللار تام ئۈچۈن ئەندىشىگە چۈشتى. — ساراڭ بوپتۇ بۇ، — دەپ ئويلىدى باللار، — نېمىشقا ئېلىشىپ قالغاندەك خاك بىلەن پاراڭلاشقانلىقىنى مۇئەللىمگە دەپ يۈرىدىغاندۇ؟

— توماس، يەنە بىر دېگىنە! مۇئەللىم ئۇنىڭدىن ياندۇرۇپ سورىدى.

— يولدا خاك ئۇچرىغان ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇپ قاپتىمەن.

— خاك بېرى فىنىننىڭ قانداق بالا ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن، توماس؟

— ئەلۋەتتە بىلىمەن مۇئەللىم، ئۇ بەك قىزىق، خالىغان يېرىدە يۈرۈۋېرىدۇ...، — تام دەرھال جاۋاب بەردى.

— بولدى قىل! مۇئەللىم تېرىكتى، — ھەممىڭنىڭ ئاتا-ئانىسى سىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئويناپ يامان ئۆگىنىپ قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيدۇ، بۇنى بىلەمسەن؟ بىراق سەن ئاشۇنداق مەينەت، ھورۇن، جاھان سارىڭى بىلەن پاراڭلىشىپسەن.

— سىز بىلمەيسىز مۇئەللىم، خاك ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل بالا، — تام گەپنى ئۇدۇللا دېدى.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ، توماس سويېر؟ ماڭا مۇشۇ كەمگىچە ھېچكىم بۇنداق ئاتىكاچىلىق قىلىشقا پېتىنىپ باقمىغان، — دېدى مۇئەللىم غەزەپ بىلەن، — ساڭا ئادەتتىكىچە جازا بەرسەم بولمىغۇدەك تېخى، قېنى، ئارقاڭنى قىل!

خەپ، تام بۇنى بىلگەن بولسا ۋاشىنگتوننى دوراپ نېمىمۇ قىلار ئىدى؟ چىرايلىق گەپتىن بىرنى ياسىسىلا ئىش پۈتمەيتتىمۇ؟ بىراق ئەمدى پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ-دە!

مۇئەللىم چىۋىقتا توقۇلغان پالاق بىلەن تامنىڭ كاسىسىغا راسا سالدى.

— ماڭ، — دېدى ئۇرۇپ ھېرىپ قالغان مۇئەللىم تامغا، — بېرىپ قىزلارنىڭ يېنىدا ئولتۇر! بۇنىڭ بىلەن باللار پاراققىدە كۈلۈۋېتىشتى. يۈز-كۆزى پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن تام مۇئەللىمنىڭ گېپى بويىچە بىر قىز ئولتۇرغۇچىنىڭ

يېنىدىكى بوش ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردى. ھېلىقى قىز دەل يەكشەنبىلىك مەكتەپكە ئېكسكۇرسىيىگە بارغان ساتچىر سودىيەنىڭ قىزى ئىدى. تام ئىككى قولىنى پارتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، كىتاب ئوقۇغان بولۇپ ئولتۇرۇۋالدى.

بىردەمدىن كېيىن بالىلارمۇ ئۇنىڭغا دىققەت قىلماي ئۆز ئىشى بىلەن بولۇشتى.

تام يانچۇقىدىن بىر تال شاپتۇلنى ئېلىپ قىزنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى. بىراق بۇنىڭدىن نارازى بولغان قىز شاپتۇلنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىۋەتتى.

تام شاپتۇلنى يەنە قىزنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى ۋە ئالدىدىكى تاش دوسكىسىغا "بۇنى سىز يەڭ، مەندە يەنە بار" دېگەن خەتلەرنى يازدى. قىز تامنىڭ خېتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىپادە قايتۇرمىدى. كېيىن تام تاش دوسكىسىغا بىر رەسىمنى سىزىپ ئۇنى سول قولى بىلەن توسىۋالدى. دەسلەپتە قىز بۇنىڭغا ئانچە ئېرەن قىلمىغان قىياپەتتە غادىيىپ ئولتۇرىۋالدى. لېكىن قىز ئۇنىڭغا قىزىقىپ ئاخىرى ئېغىز ئاچتى، ـــ ئەكىلىڭا، كۆرۈپ باقاي.

تام سول قولىنى تاش دوسكىدىن تارتتى. ئۇنىڭ سىزغىنى دەريا بويىدىكى ئۆي بولۇپ، ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىكى تورخۇندىن ئىس چىقىۋاتاتتى.

ـــ پاھ، قالتىس سىزىپسىز، ـــ دېدى قىز.

قىزنىڭ ماختىشى تامنىڭ روھىنى خېلىلا كۆتۈرۈپ قويدى.

ـــ ئادەم سىزالامسىز؟

ـــ نېمىشقا سىزالمىغۇدەكمەن؟

ـــ ئۇنداق بولسا سىزىڭە، كۆرۈپ باقاي!

تام قاپاق شەكىللىك بىر نەرسىنى سىزدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تولۇن ئاينى قوندۇرۇپ، ئۇنىڭغا بۇرۇن ۋە كۆز سىزدى. ئاندىن يەنە ئۇنىڭغا قارانچۇقنىڭكىدەك قىلىپ پۇت ۋە قول سىزدى. ئۇنىڭ ئارىدەك قوللىرىغا يوغان بىر يەلپۈگۈچنى تۇتقۇزدى.

ـــ پاھ قالتىس ئوخشىدى، ـــ دېدى قىز، ـــ مەنمۇ مۇشۇنداق سىزالىغان بولسامچۇ!

ـــ بۇ ئانچە تەس ئەمەس، ـــ دېدى تام پەس ئاۋازدا، ـــ مەن ئۆگىتىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قويىمەن.

— راستما؟ قاچانلىققا؟

— چۈشلۈك دەم ئېلىشتا، — دېدى تام، — مەن تونۇگۇن سېنى چېركاۋدا كۆرگەن، ئىسمىڭ نېمە؟

— بېكى ساتچېر... سىزنىڭچۇ؟ ھە راست ئىسمىڭىز توماس سويېر شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، بىراق بۇ مېنىڭ تاياق يەيدىغان چاغدىكى ئىسمىم. ئادەتتە كىشىلەر مېنى "تام" دەپ ئەركىلەتمە ئىسمىم بىلەن چاقىرىدۇ.

— بايا سىزنى بەك قاتتىق ئۇرۇۋەتتى-ھە؟ تېخىچە ئاغرىۋاتامدۇ؟ سىزگە بەك ئىچىم ئاغرىپ كەتتى.

— ئۇنچىلىك تاياق دېگەن نېمىتتى! ھەي، ۋاشىنگىتوننى دوراپ راست گەپ قىلغانلىقىمنىڭ كاساپىتى بولمامدۇ.

دەل شۇ چاغدا مۇئەللىم ئۇنىڭ قۇلىقىنى تۇتتى- دە، سىنىپنى بىر ئايلاندۇرۇپ، ئەسلىدىكى ئورنىغا ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. باللار قاقاقلىشىپ كۈلۈپ كېتىشتى. مۇئەللىم ئۇنىڭ كۆزىگە قادالغىنىچە بىر ھازا تۇردى ۋە لام- جىم دېمەي ئۆزىنىڭ ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى. تامنىڭ قۇلىقى قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئىچىدە خۇشال بولىۋاتاتتى.

# تېزەكچى ئويۇنى

ئىككىنچى سائەتلىك دەرس باشلاندى. تام بىرىلىپ كىتاب ئوقۇپ بېقىشقا تەمشەلسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ كاللىسىدىكى ئوي- خىيال ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى. سىنىپ ئىچى دىمىق ھەم تىمتاس بولۇپ ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى كەلتۈرەتتى.

بۇ مەززىسىز كەيپىيات تامنى زېرىكتۈردى. ئۇ ئۇنى- بۇنى تۇتۇپ باقتى. ئۇ تۇيۇقسىزلا يانچۇقىدىكى ھېلىقى قۇتىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تېزەكچىنى پارتىغا قويدى. قۇتىدىن ئازاد بولغان بۇ جانىۋار خۇشاللىقىدا ئۇياقتىن بۇياققا چاپقىلى تۇردى. بىراق تام ئىلغۇچ بىلەن ئۇنىڭ يولىنى توسىۋالدى.

تام جۇخاپو بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇراتتى. بۇ ئىككىسى ئادەتتە ناھايىتى يېقىن دوستلاردىن بولسىمۇ لېكىن بەسلەشمە ئويۇنلاردا رەقىبلەرگە ئايلىناتتى. دەرستىن زېرىكىپ ئولتۇرغان جۇخاپومۇ ياقىسىغا قىستۇرىۋالغان بىر تال ئىلمەكنى ئالدى- دە، ھېلىقى تېزەكچىنى تام سويېر تەرەپكە ئىتتىرگىلى تۇردى.

بۇ خىل ئويۇن تام بىلەن جۇخاپونى خېلىلا قىزىقتۇرغانىدى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىردەم ئوينىدى.

— بۇنداق ئوينىساق ھەر ئىككىمىز پۇخادىن چىقمىغۇدەكمىز، — دېدى تام، — مەن بىر ئامالىنى ئىزدەي.

تام جۇخاپونىڭ تاش دوسكىسىنى پارتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر سىزىق سىزدى.

— ئەمدى بولدى، — دېدى تام، — تېزەكچى سىزىقنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتسە سەن ئىتتىرىسەن. مەن تەرەپكە قېچىپ كەلسە مېنىڭ بولىدۇ، سەن تەگمەيسەن، قانداق؟

— دېگىنىڭدەك بولسۇن، قېنى ئۇنى قويۇپ بەرگىن.

ئويۇن باشلىنىشى بىلەنلا تېزەكچى جۇخاپو تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. جۇخاپو

www.uyghurkitap.com

ئۇنى ئىلمەك بىلەن نوقۇۋېدى، ئۇ يەنە تام تەرەپكە قېچىپ كەلدى.

بىرەيلەن پۈتۈن ئەس- يادى بىلەن تېزەكچىنى قىيناپ ئوينىغاندا يەنە بىرەيلەن ئۇنىڭ يېنىدا قاراپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى.

بىراق بۇنىڭدا جوخاپونىڭ تازا تەلىيى كەلگەندەك قىلاتتى. تام ئەمدىلا قېچىپ كەلگەن تېزەكچىنى تۇرتەي دەپ شۇنداق تەمشىلىشىگە جوخاپو ئەپچىللىك بىلەن ئىلمەكتە تېزەكچىنىڭ ئالدىنى توسۇپ قوياتتى. بۇنىڭ بىلەن تېزەكچى يەنە جوخاپو تەرەپكە قېچىپ كېلەتتى. تاقىتى تاق بولغان تام قولىنى سوزۇپلا جوخاپونىڭ ئالدىدىكى تېزەكچىنى ئىلمەكتە تۇرتتى. بۇنىڭغا جوخاپونىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كالدى.

— تام، قولۇڭنى تارت!

— مەنمۇ ئويناپ باقاي،— دېدى تام.

— ياق بولمايدۇ، ئۇ دېگەن مەن تەرەپتە تۇرسا!

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ — تام سەل ئۇششۇقلۇق قىلدى.

— بولمايدۇ دېدىم بولمايدۇ!

— ھەي جوخاپو دەپباقە، — دېدى تام تېرىكىپ، — تېزەكچى زادى كىمنىڭكى؟

— كىمنىڭ بولسا بولمىدۇ، ئىشقىلىپ بىز كېلىشكەن. مېنىڭ ئالدىمدىكى تېزەكچىگە قولۇڭنى سوزما!

— ”مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۆچلۈك“ دېگەندەك قارا بۇنى، ھەي بۇ دېگەن مېنىڭ، قانداق ئوينىغۇم كەلسە شۇنداق ئوينايمەن، بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ چىشى پاتمايدۇ.

تام شۇنداق دېگىنىچە جوخاپونىڭ گەجگىسىگە مۇشت بىلەن بىرنى ئۇردى. جوخاپومۇ بوش كەلمەي تامنىڭ ياڭىقىغا بىر تەستەك سالدى.

بىراق ئۇلارنىڭ قىمىرلىشىپ جىم ئولتۇرمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مۇئەللىم ئۇلار مۇشت ئېتىشىشتىن بۇرۇنلا ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا تۇيدۇرماي كېلىپ بولغان ئىدى. بالىلارمۇ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىنى بۇ ئىككىيلەنگە تىككىنىچە تىمتاس ئولتۇراتتى. بۇنى تام بىلەن جوخاپو تېخى سەزمىگەن ئىدى. ئۇلار خۇددى چۆجە خورازلادەك بىر ـ بىرىگە تاشلانغاندا مۇئەللىم قولىدىكى قامچا بىلەن ئۇلارنىڭ باش-كۆزىگە ساۋاشقا باشلىدى.

# تام بىلەن بېك

چۈشلۈك دەم ئېلىشتا تام بىلەن بېك مەكتەپ مەيدانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى چىملىققا كېلىپ ئولتۇردى.تام تاش دوسكىسىغا نۇرغۇن رەسىملەرنى سىزىپ بېكقا كۆرسەتتى. تامنىڭ كۆڭلى ناھايىتى خۇش ئىدى. تام رەسىم سىزغاچ گەپ ئارىلىقىدا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— بازاردا سېرك قويۇۋاتىدۇ، كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم، — دېدى بېك مەمنۇنلۇق بىلەن، — دادام ئەگەر گەپ ئاڭلىسىڭىز يەنە ئاپىرىمەن، دېدى.

— سېنىڭ داداڭ ھېلىقى كاتتا سودىيە ساتچېر ئەپەندىمغۇ. ھېلىقى كۈنى چېركاۋدا...

چېركاۋدىكى ئىش يادىغا كېلىپ كۆڭلى يېرىم بولغان تام گەپنى دەرھال بۇرىدى.

— مەن سېركنى ئۈچ- تۆت قېتىم كۆردۈم. سېرك چېركاۋدىكى ئىبادەتتىن قىزىق جۇمۇ. مەن چوڭ بولغاندا سېرك ئۆمىكىدە ھەزىلكەش بولىمەن.

— ياھ، راستما؟

— راست بولماي، مەنچۇ ئىككى قولۇمنى يەرگە تىرەپ تىك تۇرالايمەن، موللاق ئاتالايمەن.

تام بېكقا ئاشۇ ماھارەتلىرىنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئويناپ كۆرسەتتى. بېك ئۇنىڭغا ئىنتايىن قايىل بولدى.

— تام، سىز ھەقىقەتەن قالتىسكەنسىز، ھەممىنى بىلىدىكەنسىز.

— ئەلۋەتتە، مېنىڭ بىلمەيدىغىنىم يوق.

— چېركاۋدىكى ئىبادەتتە ئىنجىل مۇكاپات ئالدىڭىز، بەك ئەقىللىق ئىكەنسىز، تام. بىراق مۇئەللىم نېمىشقا ھە دېسىلا سىزنى ئۇرۇپ - تىللايدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ۋايتاگەي! — دېدى تام بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.

— دادام سىزنى دائىم ”كاللىسى ئۆتكۈر، قولىدىن ئىش كېلىدىغان بالا“ دەپ بەك ماختايدۇ.

— نېمە؟ ساتچىر سودىيە راستتىنلا شۇنداق دېدىما؟ داداڭنىڭ كۆزى باركەن جۇمۇ.

— بىراق ئاپام سىزگە ئۇنداق قارىمايدۇ.

— ئاپاڭ مېنى نېمە دېدى؟

— ئاپام سىزنى ھىيلىگەر، كاللىسىمۇ دېگەندەك ساز ئەمەسكەن، دەيدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان تام بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈن-تىنسىز ئولتۇردى.

— بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپامنى ئەيىبلەپ يۈرمەڭ يەنە. سىزمۇزە شۇكۆنى كاللا دېسە پاچاق دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ ھەممىنىڭ كۆلكىسىگە قالدىڭىز ئەمەسمۇ!

— ۋاي-ۋۇي، ئۇنچۇ مەن كۆلكە بولسۇن دەپ ئەتەي دېگەن. مېنى ئاشۇ ئىككى كىشىنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدۇ، دەمسەن؟ نەدىمۇ مەندەك ئەقىللىق باللاردىن ئۇنداق ئاسان سوئاللارنى سورايدىغان ئىش باركەن؟ مەندىن ئاشۇنداق ئاددىي سوئالنى سورىغانلىقىغا ئاچچىقىم كېلىپ شۇنداق دېگەن.

— ۋىيەي راستما!

— ئەلۋەتتە. ساتچىر خانىمنىڭ مەندىن ئاشۇنداق سوئاللارنى سورىغىنىغا قارىغاندا ئۇ خوتۇنىڭمۇ ئېتى ئۇلۇغ، سۈپىرسى قۇرۇق ئوخشايدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بېكى كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە تامغا تىكىلدى.

— ساتچىر سودىيە بولىدىغان ئادەمكەن، بىراق ئۇنىڭ خانىمى... ھەي... كۆزۈمگە بەك سەت كۆرۈنىدۇ.

— نېمە؟ ئاپامنى كۆزۈمگە سەت كۆرۈنىدۇ، دېدىڭىزما؟

قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن بېكى پاڭگىدە يىغلىۋەتتى.

— ھەي بېكى، يىغلىما، بولدى قىلە. بايا ئۇنىڭ مېنىڭ يامان گېپىمنى قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ بەك ئاچچىقىم كەلدى. شۇڭا ئۇنىڭ سېنىڭ ئاپاڭ

ئىكەنلىكى يادىمدا يوق ئاغزىمدىن يامان گەپ چىقىپ كېتىپ قاپتۇ، كۆڭلۈڭگە ئالمىغىنا، بېك!

تام بېكتىن دەرھال ئەپۇ سورىدى، بىراق بېك يىغىسىنى توختىتالمىدى.

— بېك، ماڭا قارىغىنا، مانا ماۋۇ نەرسەمنى ساڭا بېرىمەن.

تام يانچۇقىدىن مىستىن ياسالغان ئىشىك تۇتقۇسىنى چىقىرىپ بېكقا سۇندى. بۇ — تامنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇقى ئىدى. بىراق بېك ئىشىك تۇتقۇسىنى ئېلىپ يەرگە ئاتتى.

ئاڭغىچە مەيداندا بىرەيلەن ۋارقىرىغىنىچە تۇردى:

— مۇئەللىم قاراڭ، توماس سويېر قىزلارنى بوزەك قىلىۋاتىدۇ...

ئۇ يەنە ۋارقىرىدى:

— بىچارە قىز قاتتىق يىغلاۋاتىدۇ، توماس سويېر ئۇنى...



بۇنى ئاڭلىغان تام دەس تۇردى- دە، مەكتەپتىن ئۇچقاندەك قېچىپ چىقىپ كەتتى. — بۇگۈن ئەجەب نەس باستى- دە مېنى، — دەپ ئويلىدى تام، — پالاكەتنىڭ ھەممىسى ماڭىلا كېلەمدۇ، دەيمىنا! بولدى چۈشتىن كېيىن مەكتەپكە كەلمەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئالاھىدىسى

## تۈن نىسپىدىكى قەبرىستانلىق

سائەت توققۇز يېرىم بولدى. تام بىلەن سىد كۆندىكىدەك چوڭلارنىڭ زورى بىلەن كارىۋىتىغا چىقتى.

ئۇلار يېتىشتىن ئىلگىرى چوقۇم دۇئا قىلىشى كېرەك ئىدى. تام ئادەتتە دۇئاغا بەك قىزىق ئىدى. بىراق بۈگۈن ئۇ كارىۋاتقا چىقىپلا ئۆزلۈكىدىن ئىچىدە ئوقۇشقا باشلىدى: "ئاھ تەڭرىم، سىدنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇيقۇغا غەرق قىلغايسەن، ئامىن!".

دېگەندەك سىد دۇئاسىنى قىلىپ بولۇپلا ئۇيقۇغا كەتتى. تام خاتىرجەم بولۇپ بىلەن كېلىشىپ قويغىنى بويىچە ئۇنىڭ بەلگە بېرىشىنى كۈتۈپ تىت-تىت بولىۋاتاتتى. تامغا خۇددى تاڭ ئېتىپ كەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى. بىراق دەل شۇ چاغدا سائەت ئونغا داڭ ئۇردى. مىسلىداپ ئۆتمەيۋاتقان ۋاقىت تامنىڭ ئىچىنى سىقماقتا ئىدى. ئىچى سىقىلىپ بولالمايۋاتقان تامنىڭ كارىۋاتتا ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈلگۈسى كەلدى. بىراق سىدنىڭ ئويغىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن تام زورىغا مىدىرلىماي جىم ياتتى.

قاپقاراڭغۇ ئۆي ئىچى ئادەمنى زېرىكتۈرەتتى.

ھايال ئۆتمەي ئادەتتە كۈندۈزى ئاڭلىغىلى بولمايدىغان خىلمۇ خىل ئاۋازلار كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇشقا باشلىدى. سائەت مايا تىنىكىنىڭ چىك- چىك قىلغان ئاۋازى تامنىڭ دىققىتىنى تارتتى. تامنىڭ بۇلۇڭدىن كېلىۋاتقان قارا چېكەتكىنىڭ چىرىلدىشى ئادەمنى زېرىكتۈرەتتى. ئۆينىڭ كونا لىمى خۇددى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چاراسلايتتى. قىزىق ئىش، ئەرۋاھ، جىن- شەيتان دېگەنلەر قوزغىلىۋاتامدۇ نېمە؟

ئاستا- ئاستا ئۇيقۇغا كېتىپ قالغان تام سائەتنىڭ ئون بىرگە داڭ ئۇرغانلىقىنى ئاڭلىمىدى.

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان مۈشۈكنىڭ قاتتىق مىياڭلىشى تامغا خۇددى چۈشىدىكىدەك بىلىندى. ئاڭغىچە ئۆلارنىڭ قوشنىسى دېرىزىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىپ تىللاشقا باشلىدى:

— نېمانچە مىياڭلايدىغاندۇ بۇ ئۆلگۈر مۈشۈك!

قوشنىسى ۋارقىرىغاچ بىر قۇرۇق بوتۇلكىنى تالاغا قارىتىپ ئاتتى. تام بوتۇلكىنىڭ جاراڭ- جۇرۇڭ قىلىپ سۇنغان ئاۋازىدىن پۈتۈنلەي ئويغاندى.

ئۇ كىيىملىرىنى ئالدىراپ كىيدى- دە، دېرىزىدىن تالاغا شۇڭغۇدى.

— مىياۋ! مىياۋ!

تام مۈشۈكنى دورىغىنىچە دېرىزىدىن ئېھتىيات بىلەن لاپاسنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشۈپ ئۇ يەردىن يەرگە سەكرىدى.

— ھەي تام، مىسلداپ ئەمدى چىقتىڭما؟

— سېنى ساقلاپ بەك ئۇزۇن ئولتۇرغاچقا، كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ.

— ئۇن نەچچە قېتىم مىياڭلىدىم جۇمۇ، ئەجەب ئاڭلىماي كەتتىڭ.

— ھە راست، بايا بىرى ۋارقىرىغاندەك قىلدىمۇ قانداق؟

— يەنە شۇ ھېلىقى ئۆلگۈر قېرى قوشناڭلار بولمامدۇ! ئۇ ئاتقان بوتۇلكا تاس قالدى كاللامغا تەگكىلى. ھېلىمۇ ياخشى ھاماڭ ئويغىنىپ قالمىدى.

— ھاماماڭنىڭ ئۇيقۇسى بەك قاتتىق، ئاسانلىقچە ئويغانمايدۇ. يېرىم كېچىدە ئادەم ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولىدىكەن. بايا مەن شۇم قۇرتنىڭ كىرت- كىرت قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— شۇم قۇرتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولساڭ چوقۇم بىرسى جان ئۈزگىلى ئۈلگۈرەلمەپتۇ.

— نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق-ھە! خاك ھېلىقى ئۆلۈك مۈشۈكۈڭنى ئالغاچ كەلدىڭمۇ؟

— ئەكەلدىم، مانا.

خاك ئۆلۈك مۈشۈكنى تامنىڭ يۈزىگە يېقىن ئەكىلىپ پۇلاڭلاتتى. تام كېچە قاراڭغۇسىدا ئۇنى ئېنىق كۆرەلمىگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ تېنى شۈركەندى.

www.uyghurkitap.com

قەبرىستانلىق بازارغا ئىككى كىلومېتىرچە كېلەتتى. تام بىلەن خاك ئۇ يەرگە يېرىم سائەتكە قالماي يېتىپ باردى. قەبرىستانلىقنىڭ چۆرىسى ئەگرى-بۈگرى تاختايلاردا چىتلانغان بولۇپ، چىتلاقنىڭ ئىچىنى قوراي بېسىپ كەتكەنىدى. كونا قەبرىلەرنىڭ ھەممىسى دىبگۈدەك گۈمۈرۈلۈپ چۆشكەن، بىرنىڭمۇ قەبرە تېشى يوق ئىدى. پەقەت چىرىپ كەتكەن تاختاي بەلگىلەرلا قەبرىلەرنىڭ ئالدىدا چوخچايىشىپ تۇراتتى.

دەرەخنىڭ شاخلىرىنى ئۇرۇپ ئۆتكەن شامالدىن قورققان تامنى تىترەك باستى. خاكنىمۇ بىر ئاز سۈر باستى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ سورىدى:

— قورقىۋاتامسەن تام؟

— ئانچە قورقمىدىم... بىراق بايىقى نېمىنىڭ ئۈنىدۇ؟

— شامالنىڭ بولمامدۇ!

— بىز كېلىپ ئەرۋاھلارنى ئويغىتىۋەتتۇقمۇ نېمە؟

— ياقەي!

ئىككى بالا شۈكلىشىپ كەتتى. چۈنكى قەبرىستانلىقنىڭ ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان جىمجىتلىقى ئۇلارغا بەك قورقۇنچلۇق تۇيۇلدى. ھايال ئۆتمەي ئۇلار نىشانلىغان ھېلىقى يېڭى قەبرىنى تاپتى. ئۇلار ئاشۇ قەبرىگە ئۈچ مېتىرچە كېلىدىغان يەردىكى ئۈچ توپ قارىياغاچنىڭ ئاستىغا كېلىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى.

ئۇلار ئاشۇ ئولتۇرغىنىچە لام-جىم دېمەي خېلى ئۇزۇن ساقلىدى. يىراقتىن تۇيۇقسىز ئاڭلانغان مۈشۈكياپلاقنىڭ ئاۋازى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزدى.

تام تېخىمۇ جىددىيلەشكىلى تۇردى.

— خاك، ئۆلۈكلەر بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمىزگە خاپا بولىۋاتامدۇ قانداق؟ — تام پەس ئاۋازدا سورىدى.

— بۇنى بىلەلىسەككۇ بەك ياخشى بولغان بولاتتى. بىراق بۇ يەر بەك سۈرلۈككەن. شۇنداقمۇ تام؟

— شۇنداق...

بىردەمدىن كېيىن تام يەنە سورىدى:

— خوس ۋىلىيامىس بىزنىڭ گەپلىرىمىزنى ئاڭلىيالارمۇ، خاك؟

— ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ روھى چوقۇم ئاڭلىيالايدۇ.

تام بىرنى چۆشكۈرۈپ جىمىپ كەتتى ۋە بىر ھازادىن كېيىن يەنە خاكنى نوقۇدى.

— مەن بايا ”خوس ۋىلىيامىس“ دېمەي ”ۋىلىيامىس ئەپەندى“ دېگەن بولسام بوپتىكەن. بىراق مەندە باشقا نىيەت يوق. باشقىلارنىڭ ھەممىسى خوس ۋىلىيامىس دېگەچكە...

— بۇندىن كېيىن ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى ئاتىغاندا دىققەت قىلساڭلا چاتاق يوق، تام.

— بىراق بىز بۈگۈن بۇ يەرگە زادى نېمە دەپ كەلدۇق، خاك؟

— سۆگەلنى ساقايتقىلى. دە! سەل تۇرۇپ ئەرۋاھلار چىققاندا دۇئا قىلساقلا سۆگەل شۇ ھامان يوقايدۇ.

— كىمنىڭ سۆگىلىنى ساقايتىمىز؟

— قولۇمنىڭ دۈمبىسىدە سۆگەلدىن ئىككىسى بار. سېنىڭ يوقما؟ خاك تامدىن ياندۇرۇپ سورىدى.

— پۇتۇمدا بىرى بار. بىراق سۆگەل چىققانغا نېمە بولاتتى، يا ئادەمنىڭ جېنىنى ئالمىسا ئۇ. ماڭە، كېتەيلىچۇ، خاك!

— يوق گەپنى قىلما ئاداش!

بىر ھازادىن كېيىن، تام تۇيۇقسىزلا خاكنىڭ بىلىكىنى تارتتى.

— ئاۋاز چىقارما!

— نېمە بولدى، تام؟

ئىككى بالا بىر- بىرىگە چىڭ يېپىشتى، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى پوكۇلداپ كېتىۋاتاتتى.

— نېمە؟ سەن ئاڭلىمىدىڭما؟

— ياق.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ئاڭلا، ئەمدى ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ھە ئاڭلىدىم، قارىغاندا ئەرۋاھلار كەلگەندەك قىلىدۇ. قانداق قىلىمىز، تام؟

باياتىن خېلى تەمكىن كۆرۈنىۋاتقان خاك مانا ئەمدى قورقۇپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

— راست، قانداق قىلىمىز؟ دېگىنە خاك، ئەرۋاھلار بىزنى كۆرەلەمدۇ؟ — تام تۇيۇقسىز سورىدى.

— ئەرۋاھلارمۇ مۈشۈككە ئوخشاش قاراڭغۇدا كۆرىدۇ. ھەي تام، كەلمىسەك بوپتىكەن جۇمۇ!

— قورقما خاك، بىز چېقىلمىساقلا ئەرۋاھلار بىزنى ھېچنېمە قىلمايدۇ.

ئىككى بالا تېخىمۇ تۈگۈلدى. ئۇلار خۇددى تىنىقى توختاپ قالغاندەك جىمىپ كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا قەبرىستانلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بىرەيلەننىڭ خىرقىراق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— خاك قارا، قارىغىنا ئاۋۇ تەرەپكە، — دېدى تام قورقۇنچتىن پەس ئاۋازدا، — نېمىدۇ ئۇ؟

— تام، ئۇ دەل ئەرۋاھنىڭ ئۆزى، نېمانچە قورقۇنچلۇق!

# قانلىق پاجىئەنى كۆرۈش

قولىدا كونىچە قاڭالتىر پانۇس تۇتقان بىرقانچە قارا كۆلەڭگە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بۇياققا كېلىۋاتاتتى.

— ئاۋاز چىقارما!

— نېمە بولدى، خاك؟

— قارىغىنا، كېلىۋاتقانلار ئادەمكەن! ئاۋازىدىن تونۇپ قالدىم. ئۇلارنىڭ بىرى ماف پوتېر.

— ئۇنداق ئەمەستۇ خاك؟

— دەل شۇ. تام ئۈنۈڭنى چىقارما. ئۇ لامزەللە بىزنى ھەرگىز كۆرەلمەيدۇ. دېسەم، دېمىسەم ئۇ ھازىرمۇ غەرق مەست.

— ماقۇل خاك. ۋۇي، ئۇلار بىز تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ. ئاڭلىدىڭمۇ خاك، ئۇلارنىڭ بىرى ئىنجان جو ئىكەن.

— توغرا، دەل شۇكەن. بۇ قانخور ئەبلەخ ئالۋاستىدىنمۇ ئۇسال.

— يېرىم كېچىدە ئۇلار نېمىگە كەلگەندۇ؟

— چوقۇم قەبرە ئاچىدۇ.

— قەبرىنى ئېچىپ نېمە قىلىدۇ؟ تام يەنە سورىدى.

— ئۈنۈڭنى ئۈچەر، ئۇلار كەلدى!

ئىككى بالىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. بۇ ئۈچەيلەن ھېلىقى يېڭى قەبرىنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغانىدى. ئۇلار بالىلارنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ توختىدى.

— مۇشۇ شۇ.

بۇ ئۈچىنچى بىرىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ پانۇسنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېدى پانۇسنىڭ نۇرى ئۇنىڭ يۈزىنى يورۇتتى. ئۇ دەل ياش سۆڭەك دوختۇرى روبېنس ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ماق پوتى بىلەن ئىنجان جو بىر قول ھارۋىسىنى تۇتۇپ تۇراتتى. قول ھارۋىسىدا بىر پالاس، بىر تال ئارغامچا ۋە ئىككى گۆرجەك بار ئىدى. بۇ ئىككىسى ھارۋىدىكى نەرسىلەرنى يەرگە ئېلىپ، قەبرىنى كولاشقا باشلىدى.

— تېزراق ئاغىنىلەر، ئاي ھازىرلا چىقىدۇ!

دوختۇر ئۇلارغا بۇيرۇقنى چۇشۇرۇۋېتىپ، قولىدىكى پانۇسنى ئېگىزرەك يەرگە قويدى ۋە بىر تۇپ قارىياغاچقا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئولتۇرغان يېرى تام بىلەن خاكقا ئىنتايىن يېقىن ئىدى. باللار قولىنى شۇنداقلا سوزسا ئۇنىڭغا يېتەتتى.

ماق توپى بىلەن ئىنجان جو بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ كولاۋەردى. بىردەم كولىغاندىن كېيىن گۆرجەك غىچىرلاپ تاش- شېغىلغا تېگىشكە باشلىدى. يەنە بىردەمدىن كېيىن گۆرجەكنىڭ تاراققىدە قىلىپ مېيىت ساندۇقىغا تەگكەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئاردىن ئىككى مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئىككىسى مېيىت ساندۇقىنى قەبرىدىن ئېلىپ چىقتى. ئاندىن ساندۇقنى ئېچىپ ئىچىدىكى جەسەتنى يەرگە ئالدى. ئاڭغىچە ئاي چىقتى. ئاي نۇرىدا جەسەتنى ئىنتايىن ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.

تام بىلەن خاك ئىلگىرى "بەزى ئەخلاقسىز دوختۇرلار ئاناتومىيىلىك ئوپېراتسىيىگە ئىشلىتىش ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ قەبرىسىنى ئاچىدۇ" دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ئىدى. مانا ھازىر ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتاتتى.

مېيىت ئوغرىلىرى مېيىتنى ھارۋىغا ئېلىپ، ئۇنى پالاستا ياپقاندىن كېيىن ئارغامچا بىلەن مەھكەم باغلىدى. ماق پوتى يانچۇقىدىن ماتروسلارنىڭ يوغان قەلەمتىراچىنى چىقىرىپ ئارغامچىنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان ئۇچىنى كەستى.

— ھەببەللى دوختۇر، ئىش چىرايلىق پۈتتى مانا، — دېدى ماق پوتى دوختۇرغا قاراپ، — بىزگە يەنە يۈز دوللار بېرىسىز. ناۋادا قوشۇلمىسىڭىز جەسەت جايىدا قالسۇن.

— شۇنداق دوختۇر، — دەپ گەپ قىستۇردى ئىنجان جو.

دوختۇر ئۇلارنىڭ سوزىدىن ئەجەبلەندى.

— پۇلنى ئالدىن بەر دىگەچكە بىرىۋەتتىمغۇ سىلەرگە!

— دۇرۇس، بىراق ھازىر يەنە يۈز دوللار بىرىشىڭ كىرەك.

بۇنى ئاڭلىغان دوختۇر ئورنىدىن دەس تۇردى. ئىنجان جو ئۇنىڭ ئالدىغا يىقىنلاپ باردى.

— بەش يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىشنى ئۇنتۇپ كەتتى دەۋاتامسەن؟ قازنىقىڭلارغا كىرىپ ئازراق بىر نەرسە يەپ قويغانغا داداڭ مىنى ئۆيدىن تىللاپ قوغلاپ چىقىرىپ، ئاققۇنلار قاتارىدا تۈرمىگە سولىتىۋەتتى، — دىدى ئىنجان جو غەزەپ بىلەن چىچىلىپ، — شۇ چاغدا بۇ ھىسابنى ئىلىشقا قەسەم ئىچكەنمەن. ئۇنتۇپ قالما، تومۇرۇمدا ئىقىۋاتقىنى ئىندىئاننىڭ قىنى. مانا ھازىر سەن مىنىڭ قولۇمدا!

— پۇل ئالمەن، دىدىڭغۇ؟ بىراق يىنىمدا ئۇنچىۋالا جىق پۇل يوق، — دىدى دوختۇر ئۇنىڭ ئەلپازىدىن سەل قورقۇپ.

— يىنىڭدىكى ھەممە نەرسىنى بىرسەن. ئالتۇن سائەت، ئالتۇن ئۈزۈكۈڭنىمۇ چىقىرە!

ئىنجان جو مۇشتىنى دوختۇرنىڭ بۇرنىغا تەڭلەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەھدىت سالدى. بىراق دوختۇر تۇيۇقسىزلا ئۇنى بىر مۇشت بىلەن يەرگە دۈم چۈشۈرىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن ماف پوتىپ قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ ئىتىلىپ كەلدى.

— سەن نىمىشقا ئادەم ئۇرىسەن، خۇمسى!

ئۇ يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە دوختۇر بىلەن گالاچ- گۈلۈچ سىلىشىپ كەتتى.

ئىنجان جو يىقىلغان يىرىدىن دەرھال تۇردى. كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى. ئۇ ماف پوتىپنىڭ يەردە تۇرغان ھىلىقى قەلەمتىراچىنى ئالدى. ئۇ خۇددى چاشقان مارىلاۋاتقان مۈشۈكتەك ئىگىشىپ، يومىداقلىشىۋاتقان دوختۇر بىلەن ماف پوتىپنىڭ ئەتراپىنى ئاستا ئايلىنىپ قول سىلىشقا پۇرسەت ئىزدىمەكتە ئىدى.

دوختۇر تۇيۇقسىزلا ماف پوتېنى ئۇرۇپ يىقىتتى ۋە ۋىليامسىنىڭ قەبرە بېشىدىكى ئېغىر كرېستنى يۇلۇپ ئېلىپ، يەردىكى ماف پوتېنى ئۇرۇپ ئايلاندۇرىۋەتتى. پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ئىنجان جو ئېتىلىپ كەلدى-دە، قولىدىكى پىچاقنى دوختۇرنىڭ كۆكرىكىگە ئۇردى. دوختۇر شۇئان "ۋايجان" دەپ قاتتىق تولغىدى. كۆكرىكىدىن قان ئېتىلىپ چىقىۋاتقان دوختۇر يەردە ياتقان ماف پوتېنىڭ ئۈستىگە گۈپپىدە يىقىلدى.

بۇنى كۆرۈپ جان-پېنى چىقىپ كەتكەن ئىككى بالا ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي قاچتى.

دوختۇر ناھايىتى ئەستە بىرنى ئىڭرىدى ۋە ئۇزۇن بىرنى تىنىدى-دە، لاسسىدە جان ئۈزدى.

— بۇ ئۆلگۈر ئەبلەختىن قىساسىمنى ئاخىرى ئالدىم، — دېدى ئىنجان جو مۇغەمبەرلىك بىلەن.

ئىنجان جو دوختۇرنىڭ يېنىنى بىر قۇر ئاختۇرغاندىن كېيىن، ھېلىقى پىچاقنى ماف پوتېنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئوڭ ئالىقىنىغا تاشلىدى- دە ، ئۆزى مېيىت ساندۇقىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى.

ئارىدىن تۆت- بەش مىنۇتچە ئۆتكەندىن كېيىن، ماف پوتې مىدىرلاپ ئىڭراشقا باشلىدى . ئۇ قولىدا تۇرغان پىچاققا قاراپ تېخىمۇ جالاقلاپ كەتتى. ئۇنىڭ قوللىرى بوشاپ، ئالىقىنىدىكى پىچاق تورۇككىدە يەرگە چۈشتى. ئۇ ئۈستىدىكى دوختۇرنىڭ جەسىتىنى ئىتتىرىپ چۈشۈرىۋېتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى ۋە ئالاقزادىلىك ئىچىدە تۆت ئەتراپقا قارىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ كۆزى ئىنجان جوغا تىكىلدى.

— ئاھ پەرۋەردىگار، نېمە ئىش بولۇپ كەتتى، جو؟

— نېمە ئىش بولاتتى، سەن تېرىغان بالا- قازا بولمامدۇ، — دېدى ئىنجان جو ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز گاڭگىراپ تۇرغان ماف پوتېغا، — ئادەم ئۆلتۈرمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى!

ئىنجان جو يالغاندىن ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ تەرىنى تۈردى.

— مەنما؟ ئۇنى مەن ئۆلتۈرمىدىم ، — قورقۇنچتىن چىرايلىرىدا قان دىدارى قالمىغان ماف پوتىي جالاقلاپ تىترەپ كەتتى، — مەن بۈگۈن هاراق ئىچمىگەنىدىمغۇ، نىمانداق گاراڭ بولۇپ قالدىمەن؟ جو راستىنى ئېيتساڭچۇ، ئۇنى مەن ئۆلتۈردۈمما؟ ئاھ، نېمانچە قورقۇنچلۇق ئىش بۇ!

— ئەلۋەتتە سەن ئۆلتۈردۈڭ. ئىككىڭلار مۇشتلىشىپ يومىداقلىشىپ كەتتىڭلار. ئۇ كرېست بىلەن سېنى بىرنى سىلىۋىدى، سەن يىقىلىپ چۈشتۈڭ. ئاندىن سەن سەنتۈرۈلۈپ ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، بىرىپىلا پىچاقنى ئۇنىڭغا سېلىۋەتتىڭ. دەل شۇ چاغدا ئۇ سېنى مۇشت بىلەن يەنە بىرنى سىلىۋىدى، سەن يەنە يىقىلىپ چۈشتۈڭ ، ئاندىن ئۇ سېنىڭ ئۈستۈڭگە يىقىلدى.



— جو، قانداقلارچە قولۇمغا پىچاق چىقىپ قالغاندۇ؟!

— شۇ چاغدا سەن پىچاق بىلەن ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى كېسىۋاتمايتتىڭمۇ!

— ئاھ پەرۋەردىگار، بۇنداق بولارىنى نەدىن بىلەي. ئاشۇ ھاراق دېگەن نىجىسنىڭ كاساپىتى بولمامدۇ بۇ، كاللامنى ئېلىشتۇرۇپ! ئىلگىرى مەن مۇشتلىشىپ باققان، بىراق زادى پىچاق كۆتۈرۈپ باقمىغانىغۇ! بۇگۈن زادى نېمە بولغىنى بۇ؟ بىز دېگەن قەدىناس دوستلاردىنغۇ جو، سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇ ئىشنى بىرسىگە تىنمىغىن، ماقۇلمۇ؟

بۇ بىچارە، ئىنجان جو دېگەن قەبىھ قاتىلنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرماقتا ئىدى.

— خاتىرجەم بول پوتې، دوستلۇقىمىزنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئىنسانغا تىنمايمەن.

— رەھمەت ساڭا جو، رەھمەت! سېنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا يىغلىۋەتتى.

— بولدى قىل پوتې، ھازىر يىغلايدىغان چاغ ئەمەس. ئىككىمىز ئىككى تەرەپ بىلەن دەرھال قاچايلى. ئىزىمىز چۇشۇپ قالمىسۇن جۇمۇ!

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى ئايرىلدى. ماف پوتې دەسلەپتە ئالدىرىماي ماڭدى. كېيىن ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي بەدەر قاچتى. ئۇ بەك ئالاقزادە بولۇپ كەتكەچكە، ھېلىقى پىچاقنى جايىدىلا ئۇنتۇپ قالغان ئىدى.

## قەسەم

تام بىلەن خاك بازارغا قاراپ بەدەر قاچتى. بەك قورقۇپ كەتكەچكە ئۇلارنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغانىدى. ئۇلار خۇددى ئارقىسىدىن بىرسى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك، قېچىپ كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا قاراپ- قاراپ قوياتتى.
— تېرە مەيدانىنىڭ قېشىغا قېچىپ بېرىۋالالىساقلا بولاتتى، — دېدى دېمى ئۈزۈلۈپ قېلىۋاتقان تام، — مەن بولالماي قالدىم.
خاك تامدىنمۇ بەك ھاسىراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار ئىشكى ئوچۇق تۇرغان بىر تۆگمەنگە قېچىپ كىردى. يۈگۈرۈپ ھالى قالمىغان بالىلارنىڭ ئىككىلىسى ئىشكتىن كىرىپلا گۈپپىدە يىقىلدى. ئۇلار بىر ھازادىن كېيىن ئېسىگە كەلدى.
— خاك، بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى قانداق بولۇپ كېتەر، — دېدى تام پىچىرلاپ.
— ئەگەر روبىنسىن دوختۇر ئۆلگەن بولسا، ئىنجان جونمۇ دارغا ئاسىدۇ، شۇ.
تام بىردەم ئويلىنىپ قالدى.
— بۇ ئىشنى كىم ئېيتىدۇ؟ ھەقىقى ئەھۋالنى بىزلا كۆردۇق، بىز ئېيتامدۇق؟
— چاقچاق قىلما تام، ناۋادا بىزنىڭ ئېيتقانلىقىمىزنى ئىنجان جو بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ بىزنىڭ جېنىمىزنى ئالماي قويمايدۇ.
— ۋۇي، راست دەيسەن خاك.
— بۇ ئىشنى پەقەت ماف پوتېلا ئاشكارىلاپ قويۇشى مۇمكىن. راستلا ئۇنىڭ ئاززاق تەلۋىلىكى بار. ئىككى- تۆت سىر قېقىۋالسا دەپ قويىدۇ، جۇمۇ.
تام ئۇزۇن ئويلاندى.

www.uyghurkitap.com

— ماف پوتي دېگەن بۇ قېرى قانداقلارچە ئاشكارىلىيالىسۇن؟ — دېدى تام پەس ئاۋازدا، — ئۇ بولغان ئىشنى قەتئىي بىلمەيدىغان تۇرسا.

— ئۇ نېمىشقا بىلمەيدۇ؟ — خاك تامدىن سورىدى.

— ئۇنتۇپ قالدىڭما؟ ئالدىدا روبېنس دوختۇر ماف پوتىنى ئۇرۇپ ئايلاندۇرىۋەتتى. ئاندىن ئىنجان جو كېلىپ دوختۇرغا پىچاق سالدىغۇ.

— هە راست، دېدى خاك ئېسىگە ئېلىپ.

— خاك ئېيتقىنا، بۇگۇنكى بۇ ئىشنى سىر تۇتالامسەن؟

— ئەلۋەتتە، هەرگىز تىنمايمەن. بۇ ئىشنى دەپ قويساق، ئىنجان جو دارغا ئېسىلىسىغۇ مەيلى. ناۋادا ئۇ ئامان قالدىغان بولسا، ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن بىز قانداق قىلىمىز؟ ئۇ بىزنى مۈشۈكنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەندەكلا ئۇجۇقتۇرمىسا قۇلىقىمنى كېسىپ بېرىمەن.

— ئۇنداق بولسا بىز قانداق قىلىمىز؟ — ئەندىكىپ سورىدى تام.

— بىز بۇ ئىشنى سىر تۇتۇشقا قەسەم ئىچەيلى.

— شۇنداق قىلايلى، بىز قولىمىزنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ قەسەم ئىچەيلى. بىز...

— ياق، بۇ ئاغزاكى قەسەم ئىچىدىغانغا كىچىك ئىش بولمىسا. شۇڭا قەسەمنى قېنىمىزدا يېزىپ قالدۇرىشىمىز كېرەك.

— بۇ ياخشى تەكلىپ بولدى.

تام ئاينىڭ يورۇقىدا يەردىن بىر پارچە پاكىز هەم تۈپتۈز تاختاينى ئالدى. ئاندىن يانچۇقىدىن بىر تال موم قەلەمنى چىقىرىپ تاختايغا مۇنداق يازدى:

خاك بېرى فىپىن بىلەن توماس سويېر شۇنداق قەسەم قىلدۇكى، بىز مەخپىيەتلىكنى قەتئىي ساقلايمىز. كىمكى لەۋزىدە تۇرمىسا دوزاختا كۆل بولىدۇ.

— تام، قەلىمىڭ بولىدۇ جۇمۇ سېنىڭ، بەك پەيزى يازدىڭ.

— كۈندۈز بولغان بولسا بۇنىڭدىنمۇ ياخشى يازغان بولاتتىم.

تام ياقىسىنىڭ قېتىدىكى يىڭنىنى ئالدى. ئاندىن بۇ ئىككىسى يىڭنىنى ئۆزىنىڭ باش بارمىقىغا سانجىپ، بارمىقىنى چىڭ سىقىپ قان چىقاردى. تام قان چىقىپ تۇرغان باش بارمىقىنى قەسەمدىكى ئىسمىنىڭ ئۈستىگە باستى. خاكمۇ شۇنداق قىلدى. ئاندىن ئۇلار تاختاينى تامنىڭ بۇلۇڭىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، بىرئاز دۇرۇت ئوقۇدى. ئۇلارنىڭچە مۇشۇنداق قىلغاندا قەسەمنىڭ رەسمىيەتلىرى تولۇق بولاتتى.

# ماق پوتى قولغا ئېلىندى

ئەتىسى چۈشلەر بىلەن بۇ شۇم خەۋەر پۈتۈن بازارغا تارقىلىپ كەتتى. كىشلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ھەقتە غۇلغۇلا قىلىشاتتى.

— قاتىل كىمدۇ؟

— ماق پوتىمىشقۇ.

— ئۇ قانداقلارچە بۇنداق بولمىغۇر ئىشنى قىلىپ قالغاندۇ؟

— ئۆلگۈچىنىڭ يېنىدىن بىر پىچاق تېپىلىپتۇدەك. ئۇ دەل ماق پوتىنىڭ پىچىقىمىش.

شۇ چاغدا يەنە بىرەيلەن مۇنداق دېدى:

— ئاخشام بىر ئىش بىلەن كەچرەك كەلگەنىدىم، تاڭ سەھەر سائەت ئىككىلەر بولغان چاغمىكىن، ماق پوتىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ دەريادا پۇت-قولىنى يۇيۇۋاتقان ئىكەن، مېنى كۆرۈپلا ھودۇقۇپ غىپپىدە كېتىپ قالدى.

— توغرا، ئۇنىڭدا بىرگەپ باردەك قىلىدۇ.

— يېرىم كېچىدە نېمىشقا دەرياغا بېرىپ پۇت-قولىنى يۇيىدۇ؟ ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق قىلمايدىغان تۇرسا.

— بازارلىق ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى قاتىلنى تەرەپ-تەرەپتىن ئىزدەۋاتقۇدەك.

— بىراق تېخىچە يىپ ئۇچى تاپالماپتۇمىشقۇ؟

— قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرى قاتىلنى تۇتۇپ، دېلونى ئېنىقلاپ بولىمىز، دېگۈدەكقۇ؟

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپمۇ باللارنى قويۇپ بەردى. بازاردىكىلەرنىڭ ھەممىسى توپ-توپ بولۇشۇپ قەبرىستانلىققا كېلىشتى. تام ئەندىشە ئىچىدە كىشلەر توپىغا قېتىلىشۋالدى. نەق مەيداندىكى ئېچىنىشلىق

پاجىئەنى كۆرگەن تام، ئاخشامقى ئىشنى خۇددى چۈشتەك ئەسلەپ ئۆتتى.

تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ بويىنىنى بىرسى نوقۇغاندەك قىلدى. ئۇ ئارقىسىغا شۇنداق قارىۋىدى، دەل خاك ئىكەن. ئۇلار بىر- بىرىگە سىرلىق كۆز بېقىشتى. بۇ ئۇلارنىڭ "ئاغزىمىز چىڭ بولسۇن !" دېگىنى ئىدى. باشقىلارنىڭ بۇ سىرنى بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىككى بالا بەدەر قاچقىنىچە باشقا يەرگە بېرىۋالدى.قەبرە بېشىغا ئولاشقان كىشىلەر يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ غۇلغۇلىسى بىلەن ئىدى.

— ياپياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتتى- دە، بىچارە.

— ئىشقىلىپ بۇ، مۇشۇنداق مېيىت ئوغرىلىرىغا ساۋاق بولدى.

— روبىنس ئەپەندى نېمىشقىمۇ قەبرىنى ئاچمەن، دەپ يۈرگەن بولغىيدى؟

— بۇ تەرىپىنى بىلمىدۇق. ئېھتىمال تەتقىقاتقا جەسەت لازىم بولۇپ قالغاندۇ؟

— ماف پوتىي قولغا چۈشۈپ قالسا، دارغا ئاسار بەلكىم؟

ئورمانلىقتا تۇرۇپ ئىنجان جوننىڭ بەتبەشىرە ئەپتىنى كۆرگەن تام غەزەپتىن تىترەپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا كىشىلەر دۇررىدە ئالدى تەرەپكە قىستاشتى. بىرەيلەن ھە دەپ ۋارقىراۋاتاتتى:

— ئەنە، ئەنە، ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ!

— كىم، زادى كىمنى دەۋاتىسىلەر؟، — كىشىلەر تەرەپ- تەرەپتىن سوراشتى.

— ماف پوتىي بولمامدۇ!

— پاھ، يۈرىكى قاپتەككىنا بۇ ئاداشنىڭ. ھېچنېمىنى بىلمىگەن كىشىدەك تۇرۇشلىرىنى تېخى!

كۆپچىلىك يول بوشاتتى، ساقچى باشلىقى ماف پوتىينىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئادەملەر توپىدىن ئۆتتى.



www.uyghurkitap.com

سۇلغۇن چىراي ماف پوتىنىڭ كۆزلىرىدىن ئەندىشە ۋە قورقۇنچ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى. ئۇ جەسەتنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى تۇتقىنىچە هۆكرەپ يىغلىۋەتتى.
— هەرقايسىڭلارنىڭ ئالدىدا ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن. ئۇنى مەن ئۆلتۈرمىدىم. قەسەم قىلىپ بېرەي، ئۇنى ئۆلتۈرگەن مەن ئەمەس.
— كىم سېنى ئۆلتۈردى، دەپتۇ؟ — بىرەيلەن ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى.
راستتە، هېچكىم تېخىچە ئۇنى ئادەم ئۆلتۈرۈپتۇ دېمىگەن ئىدى. بىراق دەككە- دۈككىدە قالغان ماف پوتې ئۆزىنى ئالدىراپ ئاقلاۋاتاتتى.
ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ تۆت ئەتراپقا باقتى. ئۇنىڭ ئىلتىجا يىغىپ تۇرغان كۆزلىرى ئىنجان جوغا چۈشكەندە ئۇ تۇيۇقسىز ۋارقىرىۋەتتى.
— سەن دېسەڭچۇ، جو! مەن قەتئىي ...
— مانا بۇ سېنىڭ پىچىقىڭ ئەمەسمۇ؟
ساقچى باشلىقى هېلىقى قەلەمتىراچنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.
بۇنى كۆرگەن ماف پوتىنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دېدى. يېنىدىكىلەر ئۇنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزىۋالمىغان بولسا، ئارقىسىغا داراڭىدە ئۇچۇپ كەتكەن بولاتتى.
— ئاپلا، چاتاقنىڭ چوڭى چىقتى مانا. بۇنى ئويلىغان ئىدىم مەن. هەي، مۇشۇ پىچاقنى ئالغىلى كەلمىگەن بولسام ئېهتىمال ...
هالسىزلانغان ماف پوتې ئۆز- ئۆزىگە پىچىرلىدى.
— جو، سەن كۆپچىلىككە دەپ بەرگىنە. بولىدىغان ئىش بولدى، ئەمدى يوشۇرمەن دەپمۇ يوشۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ. ئىشقىلىپ كاللامنىڭ ئىچى قۇپ- قۇرۇق، هېچنېمە يادىمدا يوق مېنىڭ، دېدى ئۇ ئاخىرىدا ئىنجان جوغا قاراپ تۇرۇپ.
خاك بىلەن تام تاش يۈرەك ئىنجان جو توقۇغان يالغاننى ئاڭلاپ هاڭ- تاڭ قېلىشتى. قاتتىق دەككە- دۈككىگە چۈشكەن بۇ ئىككى بالا ئۇتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ، هەقىقى ئەهۋالنى ئېيتىپ، ماف پوتې دېگەن بۇ گۇناهسىز بىچارىنى

قۇتقۇزۇپ قالماقچى بولۇشتى. بىراق، ھېلىقى قەسەم ئىچىسكە كېلىپ نېيىتىدىن ياندى.

ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتتى. جەسەت تەكشۈرۈش ۋاقتىدا ئىنجان جوۋ بايىقى گەپلىرىنى ئالدىرىماي يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. ھەقىقىيەت تۇيغۇسىدىن يۈرۈكى پۇچۇلىنىپ كېتىۋاتقان تام بىلەن خاك كۆرگەنلىرىنى چىقىپ دېمەكچى بولدىيۇ لېكىن ئىنجان جونىڭ قانخور تەلەتىنى كۆرۈپ يەنە پەسكويغا چۈشۈپ قالدى.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ۋىجدان ئازابى

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قورقۇنچلۇق سىر تامنىڭ ۋىجدانىنى قاتتىق ئازابلاشقا باشلىدى. شۇڭا بىر ھەپتىدىن بېرى ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

بىر كۈنى ناشتىدا سىد تۇيۇقسىزلا گەپ ئېچىپ قالدى:

— تام، سەن كېچىدە ئۇياقتىن بۇياققا ئۆرۈلۈپ زادى ئۇخلىيالمايۋاتىسەن. جۆيلۈشلىرىڭدىن قورقۇپ مېنىڭمۇ ئۇيقۇم ھارام بولىۋاتىدۇ.

تاتىرىپ كەتكەن تام بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— بۇ بولماپتۇ تام، ساڭا بىرەر ئىش بولدىمۇ نېمە؟ — موماي تامغا تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى.

— ياقەي ھاما، ھېچ ئىش بولمىدى.

بىراق ئۇنىڭ قوللىرى تىترەۋاتقاچقا، قاچىسىدىكى قەھۋەمۇ يەرگە تۆكۈلۈپ كەتتى.

— تام، چىرايلىرىڭ بىرقىسمىلا تۇرىدۇ، قوللىرىڭمۇ تىترەۋاتىدۇ. زادى نېمە ئىش بولدى؟ دېگىنە بالام!

— ھېچ ئىش ... مەن... مەن...، گېپىڭىزنى ئاڭلىماي، مەكتەپتىن قېچىپ ھەم كەپسىزلىك قىلىپ سىزنى بەك كايىتىۋاتقىنىمغا كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ شۇ...

— ۋىيەي بالام، تۇيۇقسىزلا بۇ گەپلەرنى قىلىپ كەتكىنىڭ نېمىسى؟ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. ياخشىراق ئوقۇساڭلا بولىدى. بالا دېگەن ئوينايدۇغۇ؟ ئۇنداق يوقىلاڭ ئىشلارنى ئويلاۋېرىپ ئاغرىپ قالمىغىن يەنە!

تامنىڭ سۆزلىرى موماينىڭ يۈرەكلىرىنى ئېرىتىۋەتكەنىدى. تام ئاسمانغا پېچاق ئاتىدىغان كەپسىزلەردىن بولغىنى بىلەن لېكىن گاھىدا ئاشۇنداق ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى.

سىرنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ قارا تەرگە چۆمگەن تام مانا

www.uyghurkitap.com

ئەمدى ئۇھ ،دېدى.

بىراق، ئۆلگۈر سىدنىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلدى:

— سەن كېچىسى بەك قورقۇنچلۇق جۆيلۈۋاتىسەن، تام. ئاخشام"قان، ئەنە قان، ھەممە يېرى قانغا بويۇلۇپ كەتتى!" دەپ بىرقانچە قېتىم جۆيلۈدۈڭ. ئارقىدىن يەنە "كۆزۈمگە كىرىشىۋېلىپ مېنى تولا قىينىما دەيمەن! مەن راستىنى دەي، مېنى كەچۈرگىن!" دېدىڭ. ئېيتقىنا تام، سەن نېمىشقا خەققە شۇنچىۋالا يېلىنىسەن؟

تام ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەي دېدى ھەم قاتتىق قورقۇپ كەتتى. سىد يەنە ئىككى ئېغىزلا گەپ قىلغان بولسا بىرەر چاتاق چىقىپ قالار ئىدى. لېكىن كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ بولغان موماي تامنىڭ تەلىيىگە گەپ ئارىلىدى:

— ھېلىقى قاتىللىق چۈشىگە كىرىپ قالغان گەپ تايىنلىق. بىرنەچچە كۈندىن بېرى مېنىمۇ قارا بېسىپ كېتىۋاتىدۇ. چۈشۈمدە تېخى ئادەمنى مەن ئۆلتۈرۈپتىمىشمەن. قورقۇپ ئويغىنىپ كەتتىم.

— قىزىق ئىشقۇ بۇ، ئاخشام مېنىمۇ ئاشۇنداق قارا بېسىپ كەتتى، — دېدى مارى گەپ ئارىلىقىدا.

مارىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان سىد كۆڭلى ئەمىن تاپتىمۇ ئىشقىلىپ قايتا ئېغىز ئاچمىدى. تام دەرھال سىرتقا چىقىپ كەتتى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، تام چىشىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، دېگەننى باھانە قىلىپ، ئاخشىمى بېشىنى يۆركەپ ئۇخلىۋالىدىغان بولدى. بىراق سىد ھەر كۈنى كېچىسى ئۇنى كۆزىتەتتى ھەم بېشىنى يۆركىۋالغان يوتقاننى قايرىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ جۆيلۈشىنى خوپىيانە ئاڭلاپ باقاتتى. ئەمما بۇ ئىشنى تام بىلىپ قالدى.

— ھەي سىد، سەن زادى نېمىشقا مېنىڭ جۆيلۈشۈم بىلەنلا قالىسەن؟

— سەندىن گۇمان قىلىپ قېلىۋاتىمەن. ئادەم ئۆلگەن كۈنى كەچتە سەن نەگە باردىڭ؟

— دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىككىمىز تەڭلا ئۇخلاپ قالمىدۇقمۇ!

— بىراق، ئادەم ئۆلتۈرگەننى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەندەكلا جۆيلۈۋاتىسەن،

تام. سېنىڭ "كېچە سائەت ئون ئىككى بولغان... قەبرىستانلىق بەك قاراڭغۇ ئىكەن...قان... ئۇ قاندا بويۇلۇپ كەتتى... ... بىر- ئىككى ماڭداملا ئارىلىقتا... ... قاتىل!..." دەپ جۆيلۈگىنىڭنى ئۆز قۇلۇقۇم بىلەن ئاڭلىدىم. بۇنى بىلەمسەن تام؟

— مۇشۇنداق باش- ئايىغى يوق جۆيلۈشلىرىمنى ئاڭلاپ قېلىپلا مەندىن گۇمانلىنىۋاتامسەن؟

— سەندە خەقكە دېگىلى بولمايدىغان بىر سىر باردەك قىلىدۇ، تام.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىغانسەن. سەنچۇ؟ سەنمۇ ئاز جۆيلۈمەيسەن، سىد!

— يوق گەپنى قىلما! مەن ئەجەب بىلمەيدىكەنمەنا؟

— ئادەمنىڭ جۆيلۈشىمچۇ خورەك تارتقانغا ئوخشايدىغان تۇرسا، ئۇخلاپ قالغان ئادەم ئۇنى ئۆزى نەدىن بىلسۇن ئەخمەق!

— تام، دەپ باقىنا ئۇنداق بولسا مەن نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈدۈم؟ — تامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان سىد سەل ئويلىنىپ قالدى.

— سەن دائىم"ئەنە يالتىراق قوڭغۇز، يالتىراق قوڭغۇز تۇتىمەن" دېگەندەك بىر نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈيسەن. شۇ كۈنى سەن قەبرىستانلىقتا يالتىراق قوڭغۇز تۇتقىلى بارغانغۇ دەيمەن؟

— مەن ئەزەلدىن يالتىراق قوڭغۇز دېگەننى تۇتۇپ باقمىغان تۇرسام، تېخى كېچىسى بارامدىمەن؟ بۇ مۇمكىن ئەمەستە!

— شۇنداق ئەمەسمۇ! مېنىڭ جۆيلۈگەنلىرىمۇ ئەنە شۇنداق قۇرۇق گەپلەردە. ھاممام بىلەن مارىمۇ چۈشىدە ئاشۇ ئىشنى كۆرۈپتۇغۇ. بۇ قېتىمقى قاتىللىق دېگەن بۇ بازاردا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئىش بولغاچقا، ئەتىگەندىن كەچكىچە باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن شۇ گەپنىلا ئاڭلاۋاتىمىز. شۇڭا، ئاخشىمىمۇ ئاشۇ ئىشنى جۆيلۈپ قالدىغان گەپتە. بۇنىڭغا ئانچە ھەيران قالمىساڭمۇ بولىدۇ ، سىد.

— بەلكىم شۇنداقتۇ!

سىد بۇنىڭغا يەنىلا يۈزدە- يۈز ئىشىنىپ كېتەلمىدى.

— بۇندىن كېيىن مېنىڭ نېمە دەپ جۆيلۈشۈم بىلەن كارىڭ بولمىسۇن سىد، — دېدى تام ئاخىرىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم تارقاتقۇچىسى

# مۇشۇككە دورا ئىچكۈزۈش

تام يۈرىكىنى ئازابلاۋاتقان ھېلىقى ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىشكە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىداق قىلالمىدى. چۈنكى غىزادا بىرسىدىن "ماق پوتېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىپتۇدەك" دېگەن شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدى. ناۋادا تام كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقالىغان بولسا، ماق پوتي ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالاتتى. بىراق تام ئىنجان جونىڭ ھېلىقى ياۋۇز ئەپتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ھامان يەنە تىترەپ كېتەتتى.

تام ھەر كۈنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ھەسرەت چېكەتتى. كېچىلەرنى خىيال بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىۋاتقان تام تولۇشۇپلا كېتىۋاتاتتى. موماي بۇنىڭدىن ناھايىتى ئەنسىرىدى. ئۇ، سالامەتلىك ھەققىدىكى بىر ژۇرنالدىن "روھسىز ئادەملەر سوغۇق سودا يۇيۇنسا پايدىسى بولىدۇ" دېگەن ساۋاتنى ئوقۇپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ، تامنى ھەر كۈنى قاق سەھەردە ئويغىتىپ ئۇنىڭ بەدىنىنى سوغۇق سۇدا سۈرتۈپ باقتى. بىراق بۇنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. ئادەتتە كېيىكتەك قىيغىتىپ يۈرۈدىغان تام كۈندىن-كۈنگە سولىشىپ كېتىۋاتاتتى.

بىر كۈنى مۇئەللىم تامنىڭ ھاممىسىنى چاقىرتىپ قالدى.

— تام يېقىندىن بۇيان زېھنىنى قەتئىي يىغالماس بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا زادى نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ مومايدىن.

— شۇنداق ئەپەندىم، مەنمۇ مۇشۇنىڭغا قايغۇرۇپ يۈرىۋاتىمەن. بۇ بالىدا بىرەر ئىش باردەكلا قىلىدۇ. بىراق شۇنداق كوچىلاپ سوراپ باقسامۇ دېگىلى ئۇنىمىدى.

— ھەر كۈنلۈك دەرستە ئۇ ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا ئۇھ تارتىپ كېتىدۇ. ئاندىن دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك قېتىپ

تۇرۇپ قالدۇ.

— نېمە دەيدىغانسىز مۇئەللىم؟ يېقىندىن بېرى ئۇ كېچىسى جۆيلۈپ زادى ئۇخلىيالمايۋاتىدۇ.

— ھە، ئۇنىڭ دەرس ۋاقتىدا مۈگدەپ قېلىۋاتقانلىقى شۇكەن- دە! مەن ئۇنىڭغا ئانچە- مۇنچە تەگكۈزۈپمۇ باقتىم، بىراق كار قىلمىدى. ئۇرۇپ، تىللاۋەرسىمۇ ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالىدىكەن. بىراق پەرۋايىم پەلەك يۈرەي دېسەم، باشقا بالىلارغا تەسىر يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدىكەنمەن.

— ئەپەندىم، باشقىچە ئويلىماي ئىمكانىبار چېنىڭ تۇتسىڭىز! ئۇنىڭ ياغاچ قولاق، بەڭۋاشلىقىنى مەن ئۆيدە ئامال بار تۈزىتەي.

— ياقەي خانىم، بالىلارنىڭ شوخلۇقىنىڭ كارى چاغلىق. تام سەل تەرتىپسىز بولغىنى بىلەن كۆڭلى بەك ياخشى، نىيىتى دۇرۇس. بىراق، ئادەتتە شوخ ئويناپ يۈرىدىغان بالا تۇيۇقسىزلا شۈكلىشىپ كەتسە ئادەم سەل ئەندىشە قىلىپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ سالامەتلىكى جەھەتتە باشقىچە ئالامەتلەر بارمۇ- يا؟

— يېقىندا بىر تال چىشى چوشۇپ كەتكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقىچە ھېچقانداق ئىش بولغىنى يوق.

— نېرۋىسى ئاجىزلاپ كەتتىمۇ ئەمىسە؟

— كېچىسى ئۇخلىيالمايۋاتقىنىغا قارىغاندا شۇنداقمىكىن؟

موماي ئۆيگە قايتىپ كېتىۋېتىپ بىر بوتۇلكا تىنچلاندۇرۇش دورىسى سېتىۋالدى. بۇ بىر خىل سۇيۇق دورا بولۇپ، ئۇنى نېرۋا ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ، دېيىشەتتى.

— تام، مەن ساڭا دورا ئەكەلدىم، — دېدى موماي ئىشىكتىن كىرىپ.

— نېمە دورا؟ يا مەن كېسەل بولمىسام.

— ئۇنداق دېمىگىن تام، گەپ ئاڭلا. بۇ دورا قىرتاقراق بولغىنى بىلەن ئۇنى ئىچىۋەتسەڭ ياخشى ئۇخلايسەن، جۆيلۈمەيسەن. كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىسەن. كېلە بالام، ھازىرلا ئىچكىن. موماي دورىدىن لىقمۇ لىق بىر قوشۇق قۇيدى. تام دورىنى قاش- قاپىقىنى پۈرۈشتۈرۈپ يۇرۇپ مىڭ تەسلىكتە يۇتتى. دورا ئىنتايىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

قىرتاق بولغاچقا تام ئۇنى ياندۇرۇۋەتكىلى تاسلا قالدى. بىراق ئۇ بۇنى موماىغا چاندۇرمىدى.

— قانداق، ئاچچىقمىكەن؟

— ئانچە ئەمەس. دەسلەپتە قىرتاقراق تېتىغىنى بىلەن ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنداق بىلىنمەيدىكەن، ھاما.

بۇمۇ تام ئويلاپ تاپقان بىر ھىيلە ئىدى. چۈنكى ئۇ "دورا بەك قىرتاقكەن، ئاچچىقكەن" دەۋەرسە، موماي دورىنى ھەر قېتىم ئۇنىڭغا ئۆزى قاراپ تۇرۇپ ئىچكۈزمەي قويمايتتى. بوتۇلكىدىكى دورا بولماي ئەكسىچە ھەسەل ياكى مۇرابباً بولۇپ قالغان بولسىچۇ كاشكى! ئىشقىلىپ تام بۇ دورىنىڭ ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىغا شىپا بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ دورىنى باشتىلا ئىچكۈسى كەلمىدى. بىراق، بوتۇلكىدىكى دورا كۈندىن - كۈنگە ئازىيىپ بېرىۋاتاتتى. موماي بۇنىڭدىن خۇش ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن موماىغا تامنىڭ ئۇيقۇسى ياخشىلىنىپ، چىرايمۇ ئوڭشىلىپ قالغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى.

بىراق بىر كۈنى تام قولىدىكى دورىدىن ئازراق تۆكۈۋېتەي دەپ تالاغا مېڭىشىغا موماينىڭ ئامراق سېرىق مۈشۈكى "پېتا" كىرىپ قالدى. مۈشۈك بىرنى مياڭلاپ قويۇپ تامنىڭ قولىدىكى دورا قۇتىسىغا قاراپ، ئاغزى- بېشىنى يالاشتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچقاندەك قىلاتتى.

— ھەي پېتا، بۇنىڭدىن ئىچىپ باقامسەن؟

مۈشۈك يەنە ئۇلاپلا بىرقانچىنى مياڭلىدى.

— ھە بىلدىم، ئىچكۈڭ باركەندە سېنىڭ. ئىشقىلىپ بو دورىنىڭ ماڭا قىلچە پايدىسى يوق. بىراق ئىچىپ بولغاندىن كېيىن تەمى ياقماي قالسا مەندىن كۆرمە. چۈنكى ئۆزۈڭ ئىچمەن، دېدىڭ شۇنداققۇ!

شۇنىڭ بىلەن تام پېتانى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ۋە دورىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا قۇيدى. بىردەمدىن كېيىن پېتا تۇيۇقسىزلا ئادەم بويى سەكرىدى- دە قاتتىق مياڭلاپ كەتتى. مۈشۈك ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆزىنى ئۇراتتى، چاپاتتى. ئۇ شىرەنىڭ ئۈستىدىكى گۈل لوڭقىسىنى يەرگە چۈشۈرۈپ

چېقىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىچى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن مۈشۈك ئىككى پۇتلاپ ئۆرە ماگدى. ئۇ توختىماي مياڭلايتتى. تام مۈشۈكنىڭ ھۇرپەيگەن قىياپىتىنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

مۈشۈك خۇددى مەست بولۇپ قالغاندەك ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۆزىنى ئۇردى. ئاگغىچە موماي كىرىپ كەلدى. مۈشۈك ئىككى موللاق ئاتتى ۋە قاتتىق بىرنى مياڭلىدى- دە ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن تالاغا ئۆزىنى ئاتتى. مۈشۈك دېرىزە سىرتىدىكى گۈل تەشتىكىنىمۇ يەرگە چۈشۈرىۋەتتى.

بۇنىڭغا ھەيران بولغان موماي، كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن قارىغىنىچە داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— تام، بۇ مۈشۈككە نېمە بولغاندۇ؟

— تاگەي.

— ۋوي، ئەزەلدىن ئۇنداق قىلىپ باقمىغانىغۇ. زادى نېمىشقا مۇنداق قۇتراپ كېتىۋاتقاندۇ بۇ؟

— راستلا بىلمىدىم هاما. ياكى مۈشۈكلەر خۇشال بولسا مۇشۇنداق قىلامدۇ- يا؟

— نېمە دەيسەن؟ بۇ مۈشۈكنىڭ خۇشال بولغىنىما؟ مومايىنىڭ تەلەپپۇزى باشقىچىرەك ئىدى.

— مېنىڭچە شۇنداقمىكىن، هاما.

— تولا كاپشىما! — موماي تامغا بىرنى گۈلەيدى ۋە ئۆي ئىچىگە سەپسېلىپ قاراپ كەتتى. تام جىددىيلىشىپ قالدى. ئۇ مومايىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيغان چېغىدا ئاللىقاچان كېچىككەن ئىدى. چۈنكى ھېلىقى دورا قۇتىسى كارىۋاتنىڭ بىر تەرىپىدە تۇراتتى. موماي قۇتىنى قولىغا ئالدى. بۇنىڭ بىلەن تام قورقۇنچ ئىچىدە بېشىنى تۆۋەن سالدى.

موماي سول قولىدا تامنىڭ قۇلىقىنى تۇتتى. بارمىقىغا ئويماق كىيگەن ئوڭ قولى بىلەن تامنىڭ بېشىغا زەردە بىلەن نەچچىنى سالدى.

— ھەي ياغاچ قۇلاق، نېمىشقا زۇۋانسىز جانىۋارنى قىيىنىدىڭ، دەيمەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مېنى كەچۈرۈڭ هاما. مەن سىناق قىلىپ باقاي دېگەن. ئەگەر مۈشۈك دورىنى ئىچىپ باشقىچە بولۇپ قالسا، ئۇ ئەلۋەتتە مېنىڭ بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ قالغانلىقىمدىن ياخشىراق- دە.

— تام، ئادەم بىلەن هايۋاننى قانداقمۇ بىر- بىرىگە سېلىشتۇرغىلى بولسۇن.بۇ ئىككىسى ئوخشىمايدىغان تۇرسا.

موماي تامنىڭ قولىقىدىن چىڭ تۇتقىنىچە ئۆي ئىچىگە يەنە بىر قاراپ چىقتى. مۈشۈك سوقۇپ چېقىۋەتكەن لوڭقا ئىچىدىن بىر خىل سېرىق سۇيۇقلۇق ساقىپ تۇراتتى.

— ۋاي خۇدايىمەي، سېنى تېخى هەر كۈنلۈك دورىنى ئوبدان ئىچىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. ئەسلىدە لوڭقىغا تۆكۈۋېتىپتىكەنسەن- دە. بەك رەزىلكەنسەن، تام!

غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دېگەن موماي تامنى قازناققا سۆرەپ كىردى. ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق ئاچچىقلاپ باقمىغان ئىدى.

— ساڭا ياخشى بولسۇن دەيمەن تام. كېچىدە ئۇخلىيالماي ئاغرىپ قالامدىكىن، دەپ يۈرىكىم سۇ بولۇپ يۈرىدۇ مېنىڭ. سەن ئۇچۇن چېكىۋاتقان جاپايىمنى بىلەمسەن... ؟

موماي قامچىنى قولىغا ئېلىپ تامنىڭ كاسىسىغا ساناپ تۇرۇپ ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇردەك قۇيۇلاتتى.

# ئىككىنچى باب



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر تارقىتىش

# ئۆيدىن چىقىپ كېتىش

تام ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى. ئۇنىڭچە بولغاندا تام ئەزەلدىن يامان ئىش قىلىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ ياخشى بالا بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق ئۇ ياشاۋاتقان مۇھىت ئۇنىڭغا بۇ ئىمكانىنى بەرمەيۋاتاتتى. ئۇ ھاممىسىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن شۇنداق ئېھتىيات قىلسىمۇ لېكىن نېمىشقىدۇ ھامان ھاممىسىغا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىۋاتاتتى. ھەتتا ھاممىسىنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى. دېمەك ئۇ تامغا ئۆچ بولۇپ كەتتى. مۇئەللىمى تېخىمۇ شۇنداق، ئەلۋەتتە. بۇلارنى ئويلىغان تام ھەممىنى بىزار قىلىدىغان بالىلاردىن بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىدىن نەپرەتلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

تام ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقتى، بىراق مەكتەپكە بارمىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا مەكتەپتە ھەر كۈنى دەرس باشلانغاندا چالىدىغان قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى يىراقتىن ئاڭلاندى. تام بۇ تونۇش ھەم يېقىملىق ئاۋازنى ئەمدى ھەرگىز ئاڭلىيالمايدۇ. كۆڭلى بۇزۇلغان تام كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

تام ئۇدۇلدىكى كەڭ كەتكەن دالىغا قاراپ ئىختىيارسىز مېڭىۋەردى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ئەڭ كېلىشىدىغان دوستى جوخاپو ئۇچراپ قالدى.

— ۋۇي، جوخاپومۇ سەن؟

— ئاداش تام، نەگە؟

ئىككىيلەن قىزغىن سالاملاشتى. جوخاپونىڭ ئىنتايىن غەمكىن كۆزلىرىدىن بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى.

— مەكتەپكە بارمىدىڭمۇ، جوخاپو؟

— ئەمدى بارمايمەن.

— نېمىشقا؟

— ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولىۋاتىمەن، تام.

— نېمە؟ راستىما؟

تام بۇ ئىككىيلەننىڭ نىيىتىنىڭ بىر يەردىن چىقىپ قالغانلىقىغا ھەيران قالدى.

— نېمە ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدۇڭ، ئاداش؟ تام ياندۇرۇپ سورىدى.

— ئاپام مېنى بىر چىنە پىشلاقنى ئوغرىلاپ يەۋاپسەن، دەپ يىگىرمە نەچچە قامچا سالدى. بىراق مەن ئۇ پىشلاقنى كۆرۈپمۇ باقمىغان ئىدىم.

— بەك خورلۇققا قاپسەن جومۇ ئاداش، — تامنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى.

— شۇنداق، — دېدى جوخاپو ، — ئاپام مېنى بەك ئۆچ كۆرىدۇ، مېنى كۆزۈمدىن يوقالسىكەن، دەيدۇ. ئاپامنىڭ نىيىتى شۇنداق بولغاندىكىن مەنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئارامىدا قويىاي دېدىم. مەن كەتكەندىن كېيىن، ئاپامنىڭ كۆڭلى تىنسا، مەندەك بىچارە بالىسىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىغا پۇشايمان قىلمىسىلا ئايدالادا ئۆلۈپ كەتسەممۇ مەيلى ئىدى.

— توغرا قىپسەن ئاداش، — دېدى تام ئۇنى قۇۋۋەتلەپ، — جوخاپو بىلەمسەن؟ مەنمۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.

— نېمە؟ راستىما؟

— سېنى ئالداۋاتقىنىم يوق، — دېدى تام چۈشەندۈرۈپ، — ئۆيدىكى ئىشلار پەقەت كۆزۈمگە سىغماي قالدى، ھەممىسى ماڭا ئۆچ بولۇپ كەتتى. بۇنداق ياشىغاننىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن دەيسەن؟ شۇڭا، ئۆيگە ئىككىنچى ئاياغ باسماي، دېدىم.

مەيۈسلەنگەن تام يىگىتنىڭ ئۈچى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتتى.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، — دېدى جوخاپو تامنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — كېيىمىز بىر يەردىن چىقتى ئاداش، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما!

— ھەي جوخاپو، — دېدى تام تۇيۇقسىزلا، — بۇندىن كېيىن بىز بىر-بىرىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئۆمۈرلۈك ئاكا-ئۇكىلاردىن بولايلى، قانداق؟

— چاتاق يوق!

بېشىغا ئوخشاش قىسمەت چۈشكەن بۇ ئىككى بالا خۇددى ئەمدىلا كۆرۈشۈۋاتقاندەك قوللىرىنى قاتتىق سىقىشتى.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى.

— جوخاپو، ئۆيدىنغۇ چىقىپ كەتتۇق. بىراق نەگىمۇ بارارمىز؟ دېدى تام ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— مېنىڭ دەرۋىش بولۇپ ئۆڭكۈرلەردە ياشىغۇم بار، دېدى جوخاپو دەرھاللا، — ھەر كۈنى ياۋا مېۋە- چېۋىلەر بىلەن كۈن ئالىمەن. قىشنىڭ كۈنى ئاچلىقتىن توڭلاپ ئۆلۈپ قالساممۇ مەيلى.

— دەرۋىش بولغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ بېرىپ دېڭىز قاراقچىسى بولغانغا يېتەمدۇ.

— دېڭىز قاراقچىسى؟

— شۇنداق، دېڭىز قاراقچىسى دېگەنچۇ ئۆلۈمدىن قورقماي جەسۇرلۇق بىلەن ياشايدۇ. دېڭىز قاراقچىسى ئانچە- مۇنچە ئەسكى ئىش قىلىپ قويغىنى بىلەن ئۇ دەرۋىشلىكتىن ياخشى- دە!

— ۋوي راست، تام، ئۇنداق بولسا مەنمۇ دېڭىز قاراقچىسى بولاي جۇمۇ.

تامنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولغان جوخاپونىڭ يۈزلىرى خۇشاللىقتىن گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى.

— بىراق نەگە بېرىپ دېڭىز قاراقچىسى بولىمىز، تام؟

— جېكسون ئارىلىغا. ئۇ يەر بولىدىغان جاي.

سېن پېتربۇرگ بازىرىنىڭ جەنۇبىغا بەش كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە مىسسىسىپى دەرياسى بار ئىدى. دەريانىڭ كەڭلىكى ئىككى كىلومېتىرچە كېلىدىغان سۇيى تېيىز بىر بۆلىكىدە تار بىر قۇرۇقلۇق بولۇپ، ئادەم ئاياغ باسمايدىغان بۇ يەرنى كىشىلەر جېكسون ئارىلى دەپ ئاتىشاتتى. بۈك- باراقسان ئورمانلىق ئىچىگە مۆكۈنگەن جېكسون ئارىلىنىڭ قارشى تەرىپى دەريا قىنىغا ناھايىتى يىراق ئىدى. يەنە بىر تەرىپى ئادەملەر كەمدىن- كەم ئاياغ باسىدىغان ئورمانلىققا تۇتىشىپ كېتەتتى.



www.uyghurkitap.com

— مېنىڭچە بىزگە ئۇنىڭدىن باشقا ياخشى يەر يوق تام، — دېدى جوخاپو، — شۇ يەرگە بارايلى.

— مەن بۇرۇنلا دېڭىز قاراقچىسى بولسام جېكسون ئارىلىدا تۇرىمەن، دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم ، —دېدى تام، — بىراق ئىككىمىزلا بارساق زېرىكىپ كېتىمىز. شۇڭا خاكنىمۇ قوشۇۋالايلى.

ئۇلار خاكنى ناھايىتى تەستە تاپتى. پات ئارىدا دېڭىز قاراقچىسى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان خاك بۇ تەكلىپكە دەرھال ماقۇل بولۇپ، تام بىلەن جوخاپونىڭ سېپىگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچەيلەن ئۇدۇل مىسسىسىپى دەرياسى بويىغا كەلدى.

— قاراڭلار، دەريادا بىر سال تۇرىدۇ!

نەدىن ئېقىپ كەلگەنكى، بىر سال دەريا لېۋىدە لەيلەپ تۇراتتى.

— ئەجەب ياخشى بولدى. بۇ بىز ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم نەرسە، بىلەمسىلەر! بۇنىڭغا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئېرىشتۇق، — دېدى تام خۇشال بولۇپ.

جوخاپو تۇيۇقسىز سوراپ قالدى.

— بىراق، قورساققا نېمە يەيمىز؟

— ئۆيدىن بىردىن قارماق ئەكىلەيلى.

— بىراق، ھەر كۈنى بېلىقلا يېگىلى بولمايدۇ-دە!

— بولكا، سىرىق ماي دېگەندەك نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ كەلسەك بولىدۇغۇ، — دېدى خاك سۆز قىستۇرۇپ، — دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ كەسپى — ئولجا ئېلىش-تە!

— بىراق، ئوغرىلىق قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس.

— توغرا، ئوغرىلاش دېسەك بەك سەت ئاڭلىنىدىكەن، ئۇنى ئولجا ئېلىش دەيلى. قەيسەر كىشىلەرلا ئولجا ئالالايدۇ. دېڭىز قاراقچىلىرىمۇ ئولجىغا تايىنىدۇ، — دېدى تام چۈشەندۈرۈپ.

بۇ ئۈچ بالا يېرىم كېچىدە دەل مۇشۇ جايدا ئۇچرىشىشقا كېلىشىپ، ئۆز

www.uyghurkitap.com

يوللىرىغا مېڭىشتى. ئۇلار تاكى قاراڭغۇ چۈشكىچە ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە "بۈگۈن بۇ بازاردا ھەيران قالارلىق بىر ئىش بولىدۇ" دېگەن خەۋەرنى تارقاتتى. بىراق ئۇلار يەنە بۇ خەۋەرنى ھازىرچە سىر تۇتۇشنىمۇ تاپىلاپ ماڭدى.



# جېكسون ئارىلىدا

تام يېرىم كېچە بىلەن بولكا، كالباسا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ، قىيانىڭ ئۈستىدىكى پاكار ئۆسكەن ئورمانلىققا كەلدى. بۇ يەردە تۇرسا، ئۇلار ئۇچراشماقچى بولغان ھېلىقى جاينى كۆرگىلى بولاتتى.

كۆكتىكى سان- ساناقسىز يۇلتۇزلار تامغا ھەدەپ كۆز قىساتتى. مىسسىسىپى دەرياسى تىمتاس گۈگۈم قوينىدا بەخىرامان ئۈيقۇغا كەتكەن ئىدى.

تام قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ بىردەم تۇردى. لېكىن ھېچقانداق سادا كەلمىدى. ئۇ ئاستا ئىسقىرتىپ قويۇۋىدى، بىرەيلەن قىيانىڭ ئاستىدىن دەرھال جاۋاب قايتۇردى. تام كۆچەپ يەنە ئۈچنى ئىسقىرتىۋىدى، بىرەيلەن ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۈچنى ئىسقىرتتى. بىرەيلەن ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ناھايىتى ۋەزمىن ئاھاڭدا سورىدى:

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟

— ئىسپانىيىلىك قارا كېيىملىك دېڭىز قاراقچىسى — توماس سويېر بولىمەن. قېنى، ئىسىم- شەرىپىڭنى ئېيت!

— مەن، قان ئىچەر ئېلىس - خاك بېرى فېئىن بولىمەن!

— مەن، دېڭىز زومىگىرى جوخاپو بولىمەن!

بۇ مەنسەپ ناملىرىنى تام ئۆزى ئوقۇغان دېڭىز قاراقچىلىرى ھەققىدىكى كىتابلاردىن تېپىپ تەقسىملىگەنىدى.

— قېنى، پارول! — دەپ سورلۇك ۋارقىرىدى تام.

— قىزىل قان! — دەپ جاۋاب بەردى ئىككىيلەن.

تىمتاس تۈن نىسبىدە ئاڭلانغان بۇنداق سورلۇك ئاۋاز ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى.

تام ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى قىيادىن تۆۋەنگە قارىتىپ تاشلاپ، ئۆزى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دومىلاپ چۈشتى. چۈشكىچە ئۇنىڭ پۇت- قولى سۈرۈلۈپ،

www.uyghurkitap.com

كېيىملىرى يىرتىلىپ كەتتى. تام قىيادىن چۈشۈۋىغان بىر چىغىر يولنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى. لېكىن ئۇ يول بىلەن چۈشسە دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ جاپا-مۇشەققەتكە تەۋەككۈل قىلىش روھى ئىپادىلەنمەي قالاتتى.

دېڭىز زومىگىرى جۇخاپونىڭ قولىدا بىر پارچە تۇزلانغان گۆش، قان ئىچەر ئىبلىس خاكىنىڭ قولىدا بىر دانە ساپلىق تۇراتتى. بۇ ئۇلارنىڭ "ئولجا"لىرى ئىدى.

— ئاپلا، بىزدە ھازىر ئوت يوق، — دېدى ئىسپانىيىلىك قارا كىيىملىك دېڭىز قاراقچىسى، — يولغا چىقىشقا بولمايدۇ.

قان ئىچەر ئىبلىس يانچۇقىدىن بىر قاپ سەرەڭگە چىقاردى.

— بۇنى ئاللىبۇرۇنلا تەق قىلىپ قويغانمەن.

نېمىشقىدۇ تام سەرەڭگىنى شارتتىدە ئېلىپ دەرياغا تاشلىۋەتتى.

— تام، نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ ئوتنى نېمە بىلەن ياقىمىز؟

— ئاڭلا، — دېدى تام ئۇنىڭغا ، — دېڭىز قاراقچىلىقى پەيدا بولغان ئۇ زامانلاردا كىشىلەر سەرەڭگە دېگەن نەرسىنى بىلمەيتتى.

تام يۈز مېتىرچە نېرىدىكى دەريا لېۋىگە توختىتىپ قويۇلغان بىر سالدا ئىس چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ سالچىنىڭ بازارغا نەرسە كېرەك ئالغىلى ياكى ھاراق ئىچىپ ئوينىغىلى كەتكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ لېكىن قەستەن ۋەھىمىگە چۈشكەندەك، بىگىز بارمىقىنى لېۋىگە تىرەپ قويۇپ تۇرۇپ «ھۇش!» دېدى.

— قېنى ئاستا ئۆتۈپ باقايلى، — دېدى تام ئۇلارغا پەس ئاۋازدا، — ئەگەر دۈشمەن بىزگە چىقىلىشقا پېتىنىپ قالغۇدەك بولسا، شەمشەرنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويۇپلا تىكىۋېتىمىز.

— توغرا، ئادەمنى ئۆلتۈرىۋەتسەك مەخپىيىتىمىز ئاشكارىلىنىپ قالمايدۇ.

ئۈچ بالا ئىشلارنى دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن قىلمىغاندا پۇخادىن چىقمايمىز، دەپ ئويلىغان ئىدى.

ئۇلار بېرىپ تۇتۇرۇققا ئازراق چوغ ئالدى- دە، ئۆزلىرىنىڭ سالى بىلەن

قىرغاقتىن يىراقلىدى. كاپىتان تامنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن خاك ئارقا پالاققا، جوخاپو ئالدى پالاققا مەسئۇل بولدى. قاپاقلىرىنى سورلۇك تۇرۇپ، ئىككى بىلىكىنى قوشتۇرۇپ سالنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغان تام ئۇلارغا پەس ئەمما ۋەزمىن ئاھاڭدا بۇيرۇق چۈشۈرەتتى.

— كىمە قوزغىلىدۇ، تەييارلىق پۈتتىمۇ؟

— پۈتتى كاپىتان.

— كىمىنىڭ بېشىنى بۇراپ، شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ھەيدەڭلار!

— خوپ كاپىتان!

— ئۇدۇل ھەيدەڭلار، ئۇدۇل دەۋاتىمەن!

— ئۇدۇل مېڭىۋاتىمىز، باشلىق!

— قىيپاش كېتىپ قالدى، قىيپاش!

سال دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ باردى. تام بەرگەن بۇ بۇيرۇقلارنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر خىل شەكىل ئىكەنلىكىنى ئۇلار ئىچىدە بىلەتتى.

سال داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، سېن پېتىربورگ بازىرىدىن ئاستا-ئاستا يىراقلاپ كەتتى. يىراق، بۇ "ھەيران قالارلىق چوڭ ئىش" تىن خەۋەرسىز بازار، يەنىلا جىمجىت ئۇيقۇسىدا ئىدى.

تام بۇيرۇق بېرىشتىن توختاپ، مىيىقىدا كۈلگىنىچە كۆزلىرىنى يىراق-يىراقلارغا تىكتى. خاك بىلەن جوخاپومۇ قوللىرىدىكى پالاقنى قويۇپ، چەكسىز سۇ يۈزىدىن سېن پېتىربورگ بازىرىغا قارىدى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىكى ئىپادىنىڭ خۇشاللىق ياكى قايغۇ ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرغىلى بولمايتتى.

— ئاھ، خەير-خوش سۆيۈملۈك ماكان!

بۇ ئۈچەيلەن بازارغا ئۇزاقتىن-ئۇزاق ئۈن-تىنسىز تىكىلدى. تۇيۇقسىز كەلگەن دولقۇن سالنى ئارالنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئۇرۇپ ئاپىرىۋەتكىلى تاس قالدى.

— ھەي دىققەت! يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىڭلار، ئارالنىڭ ئاۋۇ تەرىپىگە قارىتىپ ھەيدەڭلار!

خاك بىلەن جۇخاپو جىددىي پالاق ئۇردى. سال كېچە سائەت ئىككىلەر بىلەن سۇنىڭ ئارالغا ئىككى يۈز يارد (يارد ـــ ئامېرىكا، ئەنگلىيەردە قوللىنىلىدىغان ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر يارد 0.9144 مېترغا تەڭ) كېلىدىغان جايدىكى تېيىز يېرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى سۇ كېچىپ بىر قانچە قېتىم قاتناپ، ئاران دېگەندە قىرغاققا ئېلىپ چىقىپ بولدى.

سالدا كونا بىر يەلكەن بار ئىدى. باللار بۇ يەلكەننى پاكار ئورمانلىق ئىچىگە ئاپىرىپ چېدىر قىلىپ تىكىپ، نەرسە- كېرەكلىرىنى ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويدى. ھاۋا ئوچۇق بولغاچقا ئۇلار ئايدالادىلا يېتىپ ئۇخلىماقچى بولدى. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ تۇرمۇش قائىدىسىگە چۈشكەن بولاتتى.

باللار ئورماننىڭ ئىچكىرىسىدىن قۇرۇق شاخ- شۇمبىلارنى تېرىپ كېلىپ گۈلخان يېقىپ، ئاززاق كاۋاپ پىشۇردى. ئاندىن ئېلىپ كەلگەن بولكىلىرى بىلەن كەچلىك غىزا يېدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئادەم كەمدىن- كەم ئاياغ باسىدىغان مۇشۇنداق ئارالدا ئۆزبەك- ئۆز خان دالا تامىقى يېيىش ئادەمنى چەكسىز خۇشال قىلىدىغان ئىش ئىدى. شۇڭا ئۇلار دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە قالغان مەدەنىي دۇنياغا قەتئىي قايتماسلىق نىيىتىگە كەلدى.

ئۇلار غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئولتۇرغان يېرىدىلا سۇنايلىنىپ يېتىشتى.

ـــ بەك ياخشى بولدى، ـــ دېدى جۇخاپو.

ـــ ھەي ئاغىنىلەر ، ـــ دېدى تام ئۇلارغا ، ـــ بۇنىڭدىنمۇ بەختلىك كۈنلەر بولمىسا كېرەك. ئەگەر بازاردىكى باشقا دوستلىرىمىز كۆرسە بىزگە ھەۋەس قىلىشىدۇ جۇمۇ!

ـــ ھەۋەس قىلىپ، ئىچلىرى ئېچىشىپ كېتىدۇ چوقۇم، ـــ دەپ قوشۇپ قويدى خاك ، ـــ شۇنداق بولىدۇ- دە، ئادەتتە يېرىم ئاچ، يېرىم توق يۈرەتتۇق. مانا ھازىر بەگدەك يېدۇق، باشقىلارنىڭ تىل- ھاقارەتلىرى، بوزەك قىلىشلىرىدىن قۇتۇلدۇق.

ـــ راستىنىلا جەننەتكە كىرىپ قالغاندەكلا بولدۇق، ـــ دېدى تام خاكنىڭ

سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — قاق سەھەردە تۇرىدىغان، مەكتەپكە بارىدىغان ئىش يوق. يۈز يۇيۇپ، كىيىم ئالماشتۇرمەن دەيدىغان ئاۋارىچىلىقمۇ يوق. بىلەمسىلەر، دېڭىز قاراقچىلىرى دېگەنچۇ، ئۇنداق ئۇششاق- چۈششەك ئىشلارغا ئۆزىنى ئاۋارە قىلمايدۇ.

— بىراق، ئۇلار زادى نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى خاك.

— قىزىقكەنسەن، دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ كۈنى بەك راھەتتە ئۆتىدۇ. ئۇلار كېمىلەرنىڭ ئالتۇن- كۈمۈشلىرىنى بۇلاپ، كېمە ۋە ئۆيلىرىنى كۆيدۈرىۋەتكەندىن كېيىن ئولجىلىرىنى ئۆزى تۇرغان ئارالغا ئاپىرىپ كۆمۈپ قويىدۇ. ئۇنى ئەرۋاھ، جىن- شەيتانلار ساقلاپ بېرىدۇ. ئۇلار يەنە كېمىدىكى ئادەملەرنى بىرىنى قويماي كۆزلىرىنى تېڭىپ دېڭىزغا تاشلىۋېتىدۇ، تېخى.

— ئۇلار يەنە ئاياللارنى ئۆلتۈرمەي، ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئارالغا ئېلىپ كېتىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى جوخاپو.

— ئەلۋەتتە ئاياللارنى ئۆلتۈرمەيدۇ، — دېدى تام چۈشەندۈرۈپ، — دېڭىز قاراقچىلىرى ئۇنداق رەزىل ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ. ئۇلار ئارالغا ئېلىپ كەتكەن ئاياللار دېگەن بەك چىرايلىق. مەن ئوقۇغان كىتابتا ئاشۇنداق دەپتۇ.

ھاياجانلانغان جوخاپو گەپ قىستۇردى:

— ئۇلارنىڭ كىيىنىشىمۇ كارامەت دەڭلا، كىيىملىرىگە گۆھەر، ئالماسلار قويۇلغان، تېخى.

— ھېلىقى ئاياللارنىڭ كىيىملىرىگىمۇ؟ — دەپ سورىدى خاك.

— ياقەي، ھېلىقى دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ كىيىملىرىگە دەۋاتىمەن.

خاك ئۇچىسىدىكى ئۆتمۈشۈك كىيىملىرىگە قاراپ كەتتى.

— مېنىڭ كىيىملىرىم بۇ كەسپكە ماس كەلمىگۇدەك، — دېدى كۆڭلى يېرىم بولغان خاك ھەسرەتلىنىپ، — بۇنى كىيمىسەم بۇنىڭدىن باشقا كىيىممۇ يوق.

— تولا قايغۇرما، — دېدى تام ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — ئولجا ئېلىشنى باشلىساقلا چىرايلىق كىيىم دېگەننى تاللاپ كىيىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئالىسى

## تام يوقاپ كەتتى

ئەتىسى ئەتىگەندە ئويغىنىپ كەتكەن تام كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئەتراپقا قاراپ ھەيران قالدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ زادى نەدە ياتقانلىقىنى دەماللىققا ئېسىگە ئالالمايۋاتاتتى. تام بىردەم تۇرۇپ ئېسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھازىر دېڭىز قاراقچىسى ئىكەنلىكىنى يادىغا ئالدى.

سەھەر ھاۋاسى بىر ئاز سوغۇق بولۇپ، پۈتكۈل ئورمانلىق تىمتاس ئىدى. دەرەخ يوپۇرماقلىرى خۇددى تېخى ئويقۇدىن ئويغانمىغاندەك جىم- جىت تۇراتتى. ئوت- چۆپلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدىكى شەبنەملەر يالتىراپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئاخشام گۈلخان ياققان يەردىكى بىر دۆۋە قالدۇق كۈلدىن تېخىچە ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بەك ھېرىپ كەتكەچكىمىكىن، خاك بىلەن جوخاپو ھېلىمۇ تاتلىق ئۇيقۇدا ئىدى.

بىردەمدىن كېيىن، ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىن بىر خىل قۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان باشقا قۇشلارمۇ جىمجىتلىقتىن زېرىككەندەك تەرەپ- تەرەپتىن سايرىشىپ كەتتى. تاڭ ئاستا- ئاستا يورىدى. تەبىئەتنىڭ سېھرىي كۈچى جىمى جانلىقنى ئويغاتتى. بىرتال كېپىنەك لېچىنكىسى خۇددى دەرەخ يوپۇرمىقىنى غىرىچلاۋاتقاندەك ئۆمىلەپ كېتىۋاتاتتى. بىر تال چېكەتكىنى يۇدۇۋالغان بىر توپ چۈمۈلە غەيرەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. دۇمبىسىدە بېغىررەڭ دېغى بار خانقىز ئۆمىلەپ بىر تال ئوتنىڭ ئەڭ چوققىسىغا چىقتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا يېتىپ كەلگەن تېزەكچى، ئالدىدىكى تېزەكنى پۈتۈن كۈچى بىلەن يۇمۇلاتماقتا ئىدى. قۇشلارنىڭ ناخشىسى ئەۋجىگە چىقتى. بىر قۇش ئۇچۇپ كېلىپ، دەرەخنىڭ تام قولىنى بىرلا ئۇزاتسا تۇتىۋالغۇدەك يەردىكى شېخىغا قوندى. دەرەخنىڭ ئۇچىدا شاختىن شاخقا سەكرەپ ئويناۋاتقان كۈلرەڭ تىيىن بىلەن پاكار ئورمانلىق ئىچىدە ئاستا

كېتىۋاتقان تۈلكە بالىلارغا قىزىقسىنىپ قاراپ قويىدى. كۆن نۇرى قويۇق دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن نەيزىدەك ئۇدۇل چۈشتى. بىرقانچە تال كېپىنەك ئۇسۇلغا قاناتلىرىنى كەردى.

تام بىرىپ ئىككى دېڭىز قاراقچىسىنى تۈرتتى. ئۇلار مىڭ تەسلىكتە كۆزىنى يىرتىپ ئېچىپ، بىر هازا كېرىلگەندىن كېيىن ئاستا ئورۇنلىرىدىن تۇردى.

— مىڭىگىلا يۇيۇنۇپ كېلەيلى، — دېدى تام ئۇلارغا.

كىيىم- كېچەكلىرىنى سېلىپ قىپيالىڭاچ بولغان بۇ ئۈچ بالا سۇنىڭ تېيىز يېرىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ، بىر- بىرىگە سۇ چاچتى ئارقىدىن سۇدا چېلىشىپ پومداقلىشىپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن تام ۋارقىرىۋەتتى:

— ئاپلا، سال يوق تۇرىدۇ!

— نېمە؟ خاك بىلەن جوخاپومۇ تەڭلا ۋارقىرىۋەتتى.

— سالنى بىز ئۇخلاپ قالغاندا ئوغرى ئالغان ئوخشايدۇ، — دېدى خاك.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ سال بولمىسا قانداق كېتىمىز؟ — دېدى چىرايلىرى ئۆڭگەن جوخاپو.

— ئۈزۈپ كېتىمىز شۇ، — دېدى خاك، — بىراق مەن جىق بولسا ئالتە يۈز مېترغا ئۈزەلەيمەن. بۇ يەردىن قىرغاققا چىققۇچە مىڭ مېتىردىن ئاشىدىغان تۇرسا...

— هەي نېمە دېگىنىڭلار بۇ؟ — تام ئاچچىقلاپ ۋارقىرىدى، — دېڭىز قاراقچىسى بولۇشقا بەل باغلىغان تۇرۇقلۇق يەنە كېتىشنى ئويلىغىنىڭلار نېمىسى؟

ئىككىيلەن تامنىڭ بۇ گېپىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى هېس قىلدى. ئۇلار جاننى ئالىقانغا ئېلىپ بۇ يەرگە كەلگەنىكەن ئەمدى قىرغاقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى "مەدەنىي" دۇنيا بىلەن ئادا- جۇدا بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئۇلار سەكرىشىپ، تاقلىشىپ قارارگاهىغا قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى بەك خۇش ئىدى، ئىشتىيمۇ ئېچىلىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار گۈلخاننىڭ ئوتىنى ئۇلغايتتى. ئاڭغىچە خاك يېقىندىلا سۇيى ئاجايىپ

سۈزۈك بىر بۇلاقنىڭ بارلىقىنى بايقاپ قالدى. ئۈچ بالا كوكۇس دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىنى قوشۇق قىلىپ بۇلاق سۈيىدىن ئىچىشتى.

— ياھ ، بەك تەملىككەن. قەھۋىدىنمۇ ياخشىكەن.

بالىلار تەملىك بۇلاق سۈيىدە گاللىرىنى نەمدىۋالغاندىن كېيىن، جۇخايۇ تۇزلانغان گۆشنى كېسىشكە تەمشەلدى. تام بىلەن خاك ئۇنى توستى.

تام بىلەن خاك دەريا قىنىغا يۈگۈرۈپ باردى- دە، بېلىق تۇتقىلى بولىدىغان بىر يەرنى تېپىپ، دەرياغا قارماق تاشلىدى. ھەش- پەش دېگۈچە ئۇلار ئوكۇن بېلىقى ۋە ئامۇر سون بېلىقىدىن بىرقانچە تال تۇتۇپ كەلدى. بېلىقلار ئىنتايىن سېمىز ئىدى. ئۇلار بېلىق بىلەن تۇزلانغان گۆشنى ھېلىقى ساپلىقتا سېلىپ قايناتتى. ساپلىقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان مەززىلىك پۇراق بالىلارنىڭ نەپسىنى تاقىلدىتىۋەتتى.

بالىلار ناشتىلىقىنى يەپ بولۇپ، دەرەخنىڭ سايىسىدا ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ بىردەم ئۇخلىدى. ئاندىن ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنى دوراپ ساياھەت قىلدى. خۇشاللىقتىن ياپراپ كېتىۋاتقان بالىلار ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاراپ مېڭىۋەردى. ئۇلار چىرىپ قاقشال بولۇپ قالغان دەرەخلەرنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، پاكار ئۆسكەن قويۇق ئورمانلىقتىن چىقتى ۋە كەڭ كەتكەن يەنە بىر يوغان دەرەخزارلىقتىن كېسىپ ئۆتتى. بۇ يوغان دەرەخلەردە سانجاق- سانجاق ئۈزۈملەر ساڭگىلاپ تۇراتتى. بالىلار ئۈزۈمدىن تويغۇچە ئۈزۈپ يېدى.

ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق ئىدى. ئۇلار بېرىپ سۇغا چۆمۈلگەندىن كېيىن يەنە بارگاھىغا قايتىپ كېتىشتى. بۇ چاغدا كۈن ئاللىقاچان قايرىلغانىدى. قورسىقى پېژىلداپ ئېچىپ كېتىۋاتقان بالىلار بېلىق تۇتۇپ كېلىشكىمۇ تاقەت قىلالماي ھېلىقى سوغاق كالباسانى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. ئۇلار قورسىقى تويغاندىن كېيىن دەرەخنىڭ سايىسىدا قىيسايىشىپ پاراڭغا چۈشتى.

بىراق، بۇ قېتىم پاراڭ ئانچە قىزىمىدى. شۇڭا ئۇلار بىردەم تاغدىن- باغدىن پاراڭلىشىپلا شۈك ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

پارىڭى توگەپ قالغان باللار بىر- بىرىگە قارىشىپ جىمجىت ئولتۇرغان چاغدا تۇيۇقسىزلا بىر خىل غەلىتە ئاۋاز ئاڭلاندى. باللار چۆچۈپ بىر- بىرىگە قاراشتى. ئاڭغىچە كۆچلۈك بىر پارتلاش ئاۋازى ئاڭلاندى.

— نېمىنىڭ ئۈنى بۇ؟ — جوخاپو ئەندىكىپ سورىدى.

— مەن ئاڭقىرالمىدىم، — دېدى تام بېشىنى چايقاپ.

— ئۇ گۇلدۇرماما ئەمەس، ئەگەر گۇلدۇرماما بولسا...، — ھەيران بولغان خاك بېشىنى چايقىدى، — ھەي، جىم تۇرۇپ ئاڭلاڭلا!

ئۇلار قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىدى. ئاڭغىچە يەنە ئاڭلانغان شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋاز جىمجىتلىقنى بۇزدى.

— مېڭىڭلار، بېرىپ كۆرۈپ باقايلى!

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، بازار تەرەپتىكى قىرغاقتا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. ئۇلار قىرغاقتا بېرىپ، پاكار دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئارىسىدىن دەريانىڭ ئۇ قېتىغا قارىۋېدى، دەريانىڭ بازارغا بىرەر چاقىرىمچە كەلگۈدەك جايىدا بىر پار كېمىسى تۇراتتى. كېمىنىڭ سەيناسىدا ئادەملەر مىغىلدايتتى. پار كېمىسىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە بىرقانچە قېيىق ئۇياقتىن بۇياققا ئۈزۈپ يۈرەتتى. زادى نېمە ئىش بولغاندۇ؟

بىردەمدىن كېيىن پار كېمىسىدىن ئاپئاق ئىس كۆتۈرۈلدى. بۇ ئىس خۇددى تۇمانغا ئوخشاش تىك كۆتۈرۈلۈۋاتقاندا بايىقىدەك كۆچلۈك ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى.

— بولدى، مەن بىلدىم. بىرەرسى سۇدا تۇنجۇقۇپ قازا قىلغان ئوخشايدۇ، — دېدى تام باللارغا.

— ھە راست، — دېدى خاك ئۇنىڭغا ئۇلاپلا، — بۇلتۇر ياز بىئىر تىنا سۇغا چۈشۈپ ئۆلۈپ قالغاندىمۇ توپ ئېتىۋېدى بىردەمدىن كېيىن جەسەت لەيلەپ چىققان.

— سۇدا توپ ئاتسا بەك قىزىق بولىدىكەن. خەپ، مەنمۇ ھازىر ئاشۇ يەردە بولغان بولسامچۇ، — دېدى جوخاپو.

— مەنمۇ شۇ، دېدى خاك ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا، — بىراق، زادى كىم

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆلگەندۇ؟

تام قارشى قىرغاقتا بىر هازا سەپسىلىپ تۇرغاندىن كېيىن تويۇقسىزلا ۋارقىرىۋەتتى.

— هەي ئاغىنىلەر، كىم ئۆلگەنلىكىنى بىلدىڭلارمۇ؟ دەل بىز.

جوخاپو بىلەن خاك ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى. تام تېخىمۇ پەخىرلىنىپ سۆزلەپ كەتتى.

— بىز تۇيۇقسىزلا يوقاپ كەتكەچكە هامام، سىد، مارى يەنە جوخاپونىڭ ئاپىسى تازا ئەنسىرىدى، تايىنلىق.

— ئۇلار بىزنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىمىزگە راستلا ئىشىنەرمۇ؟ — دەپ سورىدى جوخاپو.

— ئۇلار دەريادىن بىزنى ئىزدەپ تاپالمىغاندىكىن ئىشىنىدۇ-دە. ئۇلار چوقۇم يىغلاۋاتىدۇ. بىزنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ دائىم بىزنى ئۇرۇپ، تىللايدىغانلىقىدىن كۆرۈپ تازا پۇشايمان قىلىۋاتىدۇ. مانا، هازىر بىز پۈتۈن بازاردىكىلەر ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئادەملەرگە ئايلاندۇق. بۇنىڭغا بازاردىكى هەممە باللار كارامەت هەۋەس قىلىۋاتىدۇ، جۇمۇ.

— دېڭىز قاراقچىلىقىمۇ بولىدىغان ئىشكەن-هە! خاك خۇشلۇقتىن كۈلىۋەتتى.

قاش قارايغاندا پار كېمىسى پرىستانغا يېقىنلاشتى، هېلىقى قېيىقلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇ ئۈچ نەپەر دېڭىز قاراقچىسى بارگاهىغا قايتىپ كېلىپ، يەنە بېلىق تۇتۇپ يېدى. بىراق بازاردىكىلەر ئىككى-ئۈچتىن غۇزمەكلىشىپ ئۇلار ئۈچۈن قاتتىق هەسرەت چەكمەكتە ئىدى.

نېمىشقىدۇر، قاراڭغۇ چۈشكەن چاغدا تام بىلەن جوخاپو ئويلىنىپ قالدى. خاكنىڭ دادىسى ئۈچىنچى قېتقان هاراقكەش بولغاچقا بالىسى بىلەن كارى يوق ئىدى. خاكنىڭ يوقاپ كېتىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن بەربىر ئىدى. بىراق تامنىڭ هاممىسى، جوخاپونىڭ ئانىسى بار. ئۇلار باللارغا قەۋەتلا كۆيۈنىدۇ. ئۇلارنى هېچنېمىدىن هېچنېمە يوق ئەندىشىگە سېلىش راستىنلا قاملاشمىغان ئىش

ئىدى. شۇڭا، تام بىلەن جوخاپونىڭ بايىقى خۇشاللىقى بارا- بارا يوقاپ، غەمكىنلىشىپ قالدى. ئۇلار ئۆيلىرىنى سېغىنىپ ئىچىغىر ئۇھ تارتتى. بىراق، ئۇلار ئۆز ئويىنى بىر- بىرىگە چاندۇرمايتتى.

ئاسماندىكى يۇلتۇزلار كۆزلىرىنى جىمىرلىتىشقا باشلىدى. خاك يېتىپلا خورەككە چۈشتى. ئارقىدىن جوخاپومۇ يېتىپ ئۇخلىدى. تام ئىككى قولىنى ياستۇق قىلىپ، ئۇ ئىككىسىگە قاراپ خېلى ياتتى. تام ئىككى بالا تاتلىق



ئۇيقۇغا غەرق بولغاندا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، گۈلخاننىڭ يورۇقىدا بىرنەچچە پارچە توغراق قوۋزىقىنى تاپتى. تام قوۋزاقتىن ياخشىراق ئىككى پارچىنى تاللىۋالغاندىن كېيىن گۈلخاننىڭ يېنىغا زوڭزايدى ۋە يانچۇقىدىن شام قەلەمنى ئېلىپ، قوۋزاققا بىر نېمىلەرنى يازدى. ئاندىن ئۇنىڭ بىرسىنى ئېلىپ قوينىغا تىقتى. يەنە بىرسىنى جوخاپونىڭ قالپىقىغا سېلىپ قويدى.

تام تىمىسقىلاپ يۇرۇپ ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى. ئۇ خاك بىلەن جوخاپو ئۇخلاۋاتقان جايدىن بىر ئاز ئۇزىغاندىن كېيىن، دەريانىڭ ھېلىقى تېيىز يېرىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئۇغرىلىقچە ئۆيگە قايتىش

بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن تام دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى. دەريانىڭ بۇ بۆلىكى تېيىز بولغىنى بىلەن بەزى يەرلىرى تامنىڭ بېلىغا كېلەتتى. تام سۇنى ئۇدۇل كېچىپ ماڭدى. سۇ ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن ئاشقاندا ئۇ قارشى قىرغاققا قاراپ غۇلاچلاپ ئۈزۈشكە باشلىدى.

تام چاپىنىنى سىرتتىن سىيلاپ باقتى. ھېلىقى قوۋزاق بار ئىدى. تام ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ، دەريانى ياقىلاپ ماڭدى. سائەت ئونغا ئاز قالغاندا بازارنىڭ ئۇدۇلىدىكى بوشلۇققا يېتىپ كەلدى. ھېلىقى پار كېمىسى ئېگىز توسمىغا ياندىشىپ تۇراتتى. تام سۇغا سەكرەپ چۆشۈپ، پار كېمىسىگە چىقتى.

بىردەمدىن كېيىن قوڭغۇراق جىرىڭلاپ كەتتى. بىرەيلەن "كېمە قوزغىلىدۇ" دەپ ۋارقىرىدى. تام بىرەرسىنىڭ كۆرۈپ قالمىغانلىقىدىن خۇش بولدى. كېمە توختىغاندىن كېيىن ئۇ كېمىدىن سەكرەپ چۈشۈپلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۈزۈپ چىقتى. تام چىغىر يولنى بويلاپ يۈگۈرگىنىچە ئۇدۇل ھاممىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى.

تام قورۇ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ھاممىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ باقتى. شام ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. تامنىڭ ھاممىسى، سىد، مارى، جوخاپېرنىڭ ئاپىسى كارىۋاتنىڭ ئۇ تەرىپىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. تام ئاستا ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى ئاچتى. ئاندىن تۈۋش چىقارماي ئىشىكنى ئىتتىرىپ، ئۆيگە غىپپىدە ئۆمىلەپ كىرىۋالدى.

— شامنىڭ ئوتى نېمانداق لەپەڭشىپ كېتىۋاتىدىكىن دېسەم ئىشىك ئوچۇق قاپتىكەن ئەمەسمۇ! ئىشىكنى ئىلغاندەك قىلىۋىدىمغۇ؟ ھەي، ھازىر ئادەمنى ھەيران قىلىدىغان ئىشلار كۆپىيىپ كەتتىغۇ. سىد، ماڭ بېرىپ ئىشىكنى ئىلىۋەتكىن!

تامنىڭ ھاممىسى بۇ گەپلەرنى قىلىپ بولغۇچە تام كارىۋاتنىڭ ئاستىغا ئاللىقاچان كىرىپ بولغانىدى.

— بايا دېدىمغۇ. تام كەپسىزلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ياخشى بالا ئىدى. ئۇ ئادەمنى خاپا قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ قەستەن قىلىپ باقمىغان. ئۇنىڭ كۆڭلى بەك ياخشى ئىدى، — دېدى موماي يىغلاپ تۇرۇپ.

— مېنىڭ ئوغلۇمچۇ تېخى، — دەپ گەپ باشلىدى جوخاپونىڭ ئاپىسى، — شوخ بولغىنى بىلەن...، كۆڭلى دەريادەك بالا ئىدى، مىجەزىنىڭ ياخشىلىقىنى دېمەيسىز تېخى. ئېسىم قۇرسۇن مېنىڭ، پىشلاقنى تۆكۈۋەتكىنىم يادىمدا يوق، ئۇنى سەن ئوغرىلاپ يەۋاپسەن، دەپ قاتتىق ئۇرغانلىقىمغا مەڭ بىر پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. ئوغلۇمنى كۆرەلمەيدىغانلىقىمنى ئويلىسام يۈرىكىم قان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

خاپو موماي ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابلىنىۋاتاتتى. سىدنىڭ گېپى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى.

— ئاھ پەرۋەردىگار، تامغا جەننەتتىن ئورۇن بەرگەيسەن. بىراق تاممۇ، ئاشۇنداق قۇلاقكەستىلىك قىلمىغان بولسىمغۇ...

— سىد!

موماي قاتتىق ۋارقىرىدى. تام كارىۋاتنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ ھاممىسىنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىگەن بولسىمۇ لېكىن سىدقا قانداق ئۆتكەنلىكىنى بىلىپ تۇراتتى.

— تام ئاللىقاچان پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىغا كېتىپ بولدى. ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن گەپ قىلسا يامان بولىدۇ. ئۇنى پەرۋەردىگار ئۆز پاھانىدا ساقلايدۇ، ئۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلما.

بۇنى ئاڭلىغان تامنىڭ يۈرەكلىرى سوقۇنۇپ كەتتى. ئارقىدىن مومايىنىڭ جوخاپونىڭ ئانىسىغا قىلغان گەپلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— ھەي، خاپو خېنىم. قاراپ تۇرۇپ تامدىن ئايرىلىپ قالدىم، نېمە قىلارىمنى بىلمەي قېلىۋاتىمەن!

— باللارنى پەرۋەردىگار بەرگەن، يەنە ئۆزى ئېلىپ كەتتى. بۇنىڭغا نېمە ئامال دەيسىز؟ بىراق شۇنداق دېگەن بىلەن ئادەم زادىلا چىدىمايدىكەن ئەمەسمۇ! ئالدىنقى يەكشەنبە كۈنى جۇخاپو ئالدىمغا ئەكىلىپ پوجاگزا ئاتقان ئىدى. بەك قورقۇپ كەتكەچكە ئاچچىقىمدا ئۇنى ئۇرۇپ قويۇپتىمەن. ئۇنىڭدىن بۇنچىۋالا تېز ئايرىلىپ قالارىمنى نەدىن بىلەي. مانا ئەمدى ئاتسىچۇ پوجاگزىنى. يەنە ئاتقىن بالام، دەپ قۇچاقلاپ تۇرۇپ قانغۇچە سۆيگەن بولاتتىم.

— شۇنداق ئەمەسمۇ! كۆڭلىڭىز ماڭا ئايان. تامىمۇ ئالدىنقى كۈنى مۈشۈككە دورا ئىچكۈزۈۋېتىپتىكەن، مۈشۈك خۇددى غالجىر بولۇپ قالغاندەك قۇتراپ پۈتۈن ئۆينى ئەرەختەم-پەرەختەم قىلىۋېتىپتۇ. مەن ئاچچىقىمغا پايلىماي ئۇنىڭغا قول تەگكۈزۈپ قويۇپتىمەن. ئىسىت بىچارە بالام! ئۆمرى كوتا بولۇپ قالغان بالام! ئاھ پەرۋەردىگارىم...

ئۇن سىلىپ يىغلاپ كېتىۋاتقان ئىككى مومايىنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى.

دىماغلىرى ئېچىشىپ كېتىۋاتقان تامىمۇ ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى.

تامنىڭ كارىۋات ئاستىدىن ئىرغىپ قوپۇپ ئۇلارنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغۇسى كېلىپ كەتتى. ناۋادا شۇنداق قىلسا ھاممىسى قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر ھە! بىراق تام ئۆزىنى زورىغا بېسىپ، كارىۋاتنىڭ ئاستىدا جىم يېتىۋەردى.

تام كارىۋاتنىڭ ئاستىدا يېتىپ ئۇلارنىڭ تاغدىن-باغدىن قىلىشىۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ،بازاردا ئۇلار توغرىلىق بولۇنىۋاتقان گەپلەردىن تولۇق خەۋەر تاپتى. ئەسلىدە ئۇلار باللار سۇغا چۆمۈلۈۋاتقاندا تۇنجۇقۇپ قازا قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. كېيىن سالنىڭ يوق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەم باللارنىڭ ئاغىنىلىرىگە "بازاردا چوڭ بىر ئىش يۈز بېرىدۇ" دەپ تاپىلىغان گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ سال بىلەن قېچىپ كەتكەنلىكىدىن گۇمان قىپتۇ.

بىراق چۈشكە يېقىن كىشىلەر سالنىڭ سۇدا لەيلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر "ھايات بولغان بولسا ئاچلىققا چىدىيالماي قايتىپ كېلەتتى" دەپ ئويلاپ، باللارنىڭ قازا قىلغانلىقىغا ئىشىنىپتۇ ھەم يەكشەنبە

كۆنگچە تېپىلمىسا چېركاۋدا ئۆلارغا ئاتاپ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈدىغانلىقىنى بېكىتىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تامنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن خاپو موماي مېڭىشقا تەمشەلدى. ئىككى موماي چىڭ قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ هارغۇچە يىغلىۋالدى.

موماي سىد بىلەن مارىغا ياخشى چۈش كۆرۈڭلار بالىلىرىم، دېدى. ئۇنىڭ ئۇنى ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىن بوغۇق هەم پەس ئىدى. سىد مىشىلداپ يىغلاۋاتاتتى، مارىنىڭمۇ ئۇنلىرى پۈتۈپ كەتكەنىدى. بۇ ئىككىيلەن يىغلىغىنىچە ئۇستىگە چىقىپ كەتتى.

تامنىڭ هاممىسى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، تامغا ئاتاپ دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئا قىلغاندا ئوقۇغان ئايەتلىرى ۋە تىترەپ تەستە چىقىۋاتقان ئاۋازى چەكسىز مېھرىبانلىق ۋە سېغىنىشقا تولغان ئىدى. شۇڭا مومايىنىڭ دۇئاسى توگىمەي تۇرۇپلا تام ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى.

موماي كارىۋاتقا چىقىپ خىلىغىچە ئۇيىاقتىن بۇياققا ئۆرۈلۈپ زادى ئۇخلىيالمىدى. بىر هازادىن كېيىن ئېهتىمال ئۇخلاپ قالدىمىكىن ئۇ جىمىپ كەتتى.

تام كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن تۈيدۈرماستىن ئۆمىلەپ چىقىپ، هاممىسىغا ئۇزاقتىن ئۇزاق تىكىلدى. ئۈچ كۈندىن بۇيانقى هەسرەت- نادامەت مومايىنى خېلىلا يادىتىۋەتكەن ئىدى. بۇنى كۆرۈپ تامنىڭ يۈرەكلىرى ئېچىشىپ كەتتى.

تام قويندىكى هېلىقى قوۋزاقنى ئېلىپ شامنىڭ يېنىغا قويدى. قوۋزاققا "هاما، بىزدىن ئەندىشە قىلماڭلار، بىز ئۆلمىدۇق. دېڭىز قاراقچىسى بولغىلى كەتتۇق" دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى.

بىراق قايتىشقا تەمشەلگەن تام تۇيۇقسىز ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. گويا كۆڭلىگە بىر ئىش كەلگەندەك چىرايلىرىدا بىلىنەر- بىلىنمەس كۈلكە ئەكس ئەتكەن تام هېلىقى قوۋزاقنى ئېلىپ يەنە قوينىغا تىقتى. ئاندىن هاممىسىنىڭ مەڭزىگە ئاستا سۆيۈپ قويۇپ، ئارقىغا بۇرۇلدى- دە چىقىپ كەتتى. بۇ دۆرەم ئۇ ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى ئىلىشنى ئۇنتۇمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تارقاتقۇچىسى

# تامنىڭ دوكلاتى

ئەتىسى ئەتىگەندە جۇخاپو بىلەن خاك ئويغىنىپ ئورۇنلىرىدىن تۇردى. بىراق تام كۆرۈنمەيتتى.

— ھەي جۇخاپو! قارىغىنە ئاۋۇ گۆي قېچىپتۇ.

— مېنىڭچە ئۇ قاچمىدى، — دېدى جۇخاپو، — تام لەۋزىدە تۇرىدۇ، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇ بۇنداق قىلىشنىڭ دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ ۋىجدانىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇ راستتىنلا قېچىپ كەتكەن بولسا، بولدى ئىككىنچى ئۇنىڭ يۈزىگە قارىمايمەن.

— ھەي جۇخاپو، قالپىقىڭنىڭ ئىچىدە تۇرغان نېمە ئۇ؟

ئۇلار قالپاق ئىچىگە قارىدى. قالپاقتا ھېلىقى توغراق قوۋزىقى، تامنىڭ بارلىق مۈلكى ھېسابلىنىدىغان كوكۇس قوۋزىقىدىن قىلىنغان توپ، ئۈچ تال قارماق ۋە بىرتال خرۇستال ساقا تۇراتتى.

— جۇخاپو ئوقۇغىنا، قوۋزاقتا نېمە دەپ يېزىپتۇ؟

قوۋزاقتا: "مەن بىر يەرگە كەتتىم. ئەگەر ناشتىغىچە قايتىپ كېلەلمىسەم بۇ نەرسىلەر سىېنىڭ بولسۇن" دەپ يېزىلغان ئىدى.

— ھەي بۇ گۆيىنىزە!

— پەرۋەردىگارغا شۈكۈر! ھەر نېمە بولسىمۇ بۇ نەرسىلەر بىزگە قاپتۇ.

خاك تۇيۇقسىز ۋارقىرىۋەتتى.

— قارا جۇخاپو! تام قايتىپ كەلدى.

تامۇ ۋارقىرىدى. ئۇ ئالچاڭلاپ ماڭغىنىچە ئۇدۇل بۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

بىردەمدىن كېيىن، تۈزلانغان گۆش، بېلىقتىن قىلىنغان ناشتىلىق تەييار بولدى. باللار ناشتىلىقنى ناھايىتى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. تام ئاخشام ئۆيگە

بارغان چاغدا كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرىنى باللارغا ئېيتىپ بەردى. بىراق يەكشەنبە كۈنى ئۇلارغا ئاتاپ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈدىغان ئىشنى دېمىدى.

ئۈچ بالا ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانغا ئايلانغانلىقىدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىپ كېتىشتى. ناشتىدىن كېيىن تام ھەم سالقىن ھەم جىمجىت بىر يەرنى تېپىپ چۈشكىچە ئۇخلىدى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن دېڭىز قاراقچىلىرى تاشپاقا تۇخۇمى ئىزدەشكە باردى. ئۇلار ئالدى بىلەن قولىدىكى تاياقنى قۇمغا تىقىپ باقاتتى. قۇم يۇمشاق بولسا قوللىرى بىلەن كولايتتى. ئۇلار بىر كاماردىن ئەللىك- ئاتمىش دانە تۇخۇم تاپتى. تۇخۇملار يۇپيۇملاق بولۇپ، ياڭاقتىن كىچىكرەك ئىدى.

كەچلىك غىزاغا ئۇلار مەززىلىك تۇخۇم يېدى. جۈمە كۈنى ناشتىلىقىمۇ تۇخۇم يېدى.

ئۇلار قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن چۇرقۇراشقىنىچە دېڭىز بويىغا قاراپ چاپتى. يۈگۈرگەچ كىيىملىرىنى سېلىپ يالىڭاچلىنىپ بولغان باللار سۇنىڭ تېيىز يېرىگە كىرىپ سۇ چېچىشىش ئويۇننى باشلىۋەتتى. سۇ ناھايىتى دولقۇنلۇق بولۇپ، دىققەت قىلمىسا ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆرۈۋېتەتتى. بۇ باللارنى بەك قىزىقتۇردى. ئۇلار گاھىدا ئېڭىشىپ تۇرۇپ سۇنى قارشى تەرەپنىڭ يۈزىگە چاچاتتى. ئويۇن بارا- بارا قىزىپ ئاخىرى ئۇلار بىر- بىرىنى سۇغا بېسىشقا باشلىدى. ئۇلار سۇدا بىر- بىرى بىلەن يومىلاقلىشىپ كەتتى. باللار ھېرىپ ھالىدىن كەتكۈچە ئاشۇنداق ئوينىدى.

ئويناپ ھارغان باللار كۈننىڭ تەپتىدىن چوغدەك قىزىپ كەتكەن قۇم ئۈستىدە يۇمىلىدى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە قۇم چاپلىشىپ كەتكەنىدى. باللار يەنە ئۇقتەك يۈگۈرۈپ بېرىپ سۇغا شۇڭغۇدى. يالىڭاچ بەدەنلىرىنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ سېرىكچىلەرنىڭ قوڭۇر كىيىمىگىلا ئوخشاپ قالغانلىقىنى سەزگەن باللار قۇمنىڭ ئۈستىگە يۇملاق دائىرە سىزىپ، سېرىك ئويۇنى ئوينىدى. ئۈچلا ھەزىلكەشتىن تەركىب تاپقان بۇ ”سېرىك ئۆمىكى“نىڭ بىرمۇ تاماشىبىنى يوق ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تورى

## مەخپىيەتلىك

ھەرقانچە ئويۇنغا ئامراق بالىنىڭمۇ ئويناپ زېرىككەندىغان چېغى بولىدۇ. قانغۇچە ئويناپ يۇخادىن چىققان باللار بارگاھقا قايتتى. كەچكە يېقىن جوخاپو ئۆيىنى بەك سېغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش غىلدىرلاپلا تۇراتتى. ھەتتا ئىگە- چاقىسىز خاكمۇ بېشىنى تۆۋەن سىلىپ، ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا ئولتۇرۇپ كەتتى.

تامنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم ئىدى. بىراق ئۇنى ئىككى دوستىغا چاندۇرمىدى. دوستلىرىنىڭ مەيۇسلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى بايقىغان تام ئۇلارغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، گەپنى قىزىق يەردىن باشلىدى:

— ھەي ئاغىنىلەر، مېنىڭچە بۇ ئارالدا ئىلگىرى چوقۇم دېڭىز قاراقچىلىرى تۇرغان. ھەممە يەرنى قىدىرىپ باقساق بولارمىكىن. ئۇلار كۆمۈپ قويغان ئالتۇن- كۈمۈشلەرنى تېپىۋالساقمۇ بەك ياخشى بولاتتى!

بىراق، خاك بىلەن جوخاپو بۇنىڭغا ئانچە خۇش بولۇپمۇ كەتمىدى.

جوخاپو قولىدىكى دەرەخ شېخى بىلەن قۇمنى ئويناپ ئولتۇراتتى. ئۇ ناھايىتى مەيۈس ئىدى.

— بۇ يەر بەك زېرىكىشلىك ئىكەن، — دېدى ئۇ بېشىنى يەردىن ئالماي تۇرۇپ، — دېڭىز قاراقچىسى بولماي ئۆيگە كېتەيمىكىن، دەيمەن.

— جوخاپو، سەن بەك ھېرىپ كەتكەندەك تۇرىسەن، — دېدى تام ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا تىرىشىپ، — بىردەم ئارام ئېلىۋالساڭ ئۆيگە كېتىش ئويۇڭدىن يانىسەن. قارا، بۇ يەردە بېلىق تۇتۇپ ئوينىساق نېمە دېگەن ياخشى!

— ياق، مەن بېلىق تۇتۇشقا ئۆچ بولۇپ كەتتىم، ئۆيگە كېتىمەن!

— ئويلاپ باقە جوخاپو، ئۇ يەردە سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينايدىغان بۇنداق يەر بولمىسا...

— توغرا، بۇ يەردە مېنى تىللايدىغان، "سوغا چۆمۈلمە" دەپ ۋارقىراپ تۇرىدىغان ئادەم يوق. بۇنداق ئويۇننىڭ نېمە مەززىسى بولسۇن؟ ئىشقىلىپ مەن بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشتىن زېرىكتىم.

— ھەي، بېلى بوش قورقۇنچاق! كىچىك بالمۇسەن، ئاپاڭنى سېغىنىپ كېتىدىغان؟

— شۇنداق، مەن ئاپامنى سېغىنىپ كەتتىم. ئاپاڭ بولسا سەنمۇ سېغىناتتىڭ. مېنى كىچىك بالا دەيسەن تېخى، سەن قانچىلىك چوڭ نېمە ئىدىڭ؟

يىغلىۋېتىشكە تاس- تاس قېلىۋاتقان جوخاپو شىرتىلدىتىپ بۇرنىنى تارتتى.

— خاك قاراپ باقە! بۇ بەئەينى قىز بالىنىڭ ئۆزى، ھە دېسىلا مىشىلداپ يىغلاپ تۇرغان. بوپتۇ، بۇ قىزچاق بېرىپ ئاپىسىنى ئەمسۇن. خاك، سەنمۇ كەتمەي مەن بىلەن قالارسەن؟

— ماقۇل، — دېدى خاك . بىراق ئۇنىڭ بۇ سۆزى زورىغا چىقىۋاتقاندەك ئىدى.

قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن جوخاپو دەس ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيدى ۋە تامغا قاراپ تۇرۇپ دېدى:

— بۇندىن كېيىن ئىككىنچى يۈزۈڭگە قارايدىغان بولسام سېنىڭ، خەپ!

— ۋايىۋۈي، قارىمساڭ قارىما! قايتىپ بېرىپ خەقلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالغۇڭ كېلىپ قاپتۇ- دە، باتۇر قاراقچى! بەك خېنىم مىجەزكەنسەن. خاك ئىككىمىز سەندەك يىغلاڭغۇلاردىن ئەمەس. بىز قالىمىز. شۇنداقمۇ خاك؟ كەتسە كېتىۋەرسۇن. ئۇ بولمىسىمۇ كۈنىمىز ئۆتىۋېرىدۇ.

تام ئاغزىدا ئۇنداق دېگىنى بىلەن كۆڭلى يېرىم بولىۋاتاتتى. جوخاپو خوشمۇ دەپ قويماي سۈنى كېچىپ دەريا قىرغىقى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

تامنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. خاك ئاستا بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇ تامنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتاتتى.

— تام مېنى كەچۈر ئاداش، — دېدى ئۇ ئاخىرى تاقەت قىلىپ تۇرالماي،

— مەنمۇ ماڭاي، بۇ يەردە بەك زېرىكىپ كېتىدىكەنمەن.

— بوپتۇ، كەتسەڭلار كېتىڭلا، بىراق مەن كەتمەيمەن، مۇشۇ يەردە قالىمەن.

— تام، بىللە كېتەيلىچۇ!

— كەتسەڭ كېتىۋەر، مەن ئېسىلىۋالغىنىم يوققۇ؟

— تام، ئەڭ ياخشىسى بىز بىللە كېتەيلى، — دېدى خاك يەردە تاشلاقلىق تۇرغان كىيىملىرىنى كىيگەچ، — ياخشىراق ئويلاپ باق، سېنى قىرغاقتا ساقلايمىز.

— ساقلىساڭ ساقلا، بىراق مەن ھەرگىز كەتمەيمەن.

خاك ئازابلانغان ھالدا ماڭدى. تام ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ بۇ ئىككى دوستىنى ۋارقىراپ توختىتىۋالغۇسى، يۈزىنى داپتەك قىلىپ تۇرۇپ ئۇلار بىلەن كەتكۈسى كەلدى. بىراق ئۇ ئىككىسى ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي ئىتتىك كېتىۋاتاتتى.

تام ئۆزىنىڭ راستىنلا يالغۇز قالغىنىنى ھېس قىلدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي بىر ھازا دېلىغۇل بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، توختاپ تۇرۇڭلار، سىلەرگە دەيدىغان گېپىم بار!

ئۇ ئىككىسى ئىتتىك توختاپ ئارقىسىغا قارىدى. تام يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇلاردىن خۇپىيانە تۇتۇپ يۈرگەن ھېلىقى مەخپىيەتلىكنى سۆزلەپ بەردى.

— بىلەمسىلەر، بازاردىكىلەر بىز ئۈچۈن ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكچى.

— نېمە؟ ماتەم مۇراسىمى؟

بۇ جۇخاپو بىلەن خاكنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان ئىش ئىدى.

— شۇنداق، بىز ئۈچۈن ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكچى. ئەگەر يەكشەنبىگىچە بىزنىڭ جەسىتىمىزنى تاپالمىسا، شۇ كۈنى ئەتىگەنلىكى چېركاۋدا بىز ئۈچۈن ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىكەن. مېنىڭ بىر پىلانىم بار ئىدى. سىلەرگە دېمىگەن.

— نېمە پىلان ئۇ؟ جۇخاپو بىلەن خاك تەڭلا سورىدى.

— ئالدىرىماڭلار، — دېدى تام، — ياخشى پىلاننى ئادەتتە ئالدىراپ دېگىلى بولمايدۇ. كېلىڭلار مەن سىلەرگە ئەمدى دەپ بېرەي. تام ئۇلارغا يېقىن بېرىپ بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى.

— ۋوي، بولىدىغان ئىشكەن جۇمۇ! جۇخاپو بىلەن خاك خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى.

— ئەجەب ئاغزىڭ چىڭ نېمىكەنسەن. بالدۇرراق دېسەڭ بولمامدۇ؟

— بۇ دېگەن ئۇنداق. مۇنداق ئىش ئەمەستە. شۇڭا، ئىشنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقتۇم. ۋوي راست، سىلەر كەتمەكچى ئەمەسمىدىڭلار؟

— ياق، يەكشەنبىدىن بۇرۇن ھەرگىز كەتمەيمىز.

بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولغان باللار يەنە بارگاھىغا قايتىپ كېلىپ، شۇ ئىش توغرىلىق قىزغىن پاراڭلاشتى.

— بۇنىڭدا قاتتىق ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى تام ئىككى دوستىغا، — ئەگەر باشقىلار بىلىپ قالسا ھەممە ئىش سۇغا چىلىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچەتلىك تورى

# ساۋاقداشلار سىغىنىدى

شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن مىسسىسىپى بازىرىنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن سۇرۇنلىشىپ كەتتى. خاپو ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تامنىڭ ئۆيىدىكىلەر باشتىن ئاياغ قارىلىق كىيىمى كىيگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسى توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بازاردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئۈچ بالىنىڭ گېپى بولسىلا، ئىختىيارسىز ئۇھ تارتاتتى. شەنبە كۈنى دەم ئېلىش كۈنى بولسىمۇ لېكىن بالىلارنىڭ كۆڭلى ئويۇنغا تارتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بېك مەكتەپ مەيدانىنى ئۆزى يالغۇز ئايلىنىپ يۈردى. ئۇ تامنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن بۇيان ئۇنى بەك ئەسلىدى. تامنىڭ شوخلۇق يىغىپ تۇرغان قىياپىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى.

— بۇنى بىلگەن بولسام ھېلىقى ئىشىك تۇتقۇسىنى ئېلىپ خاتىرە ئورنىدا ساقلاپ قوياركەنمەن.

خىيال سۈرۈپ كېتىپ بارغان بېك مەيدانىنىڭ بىر بۇرجىكىگە بېرىپ توختىدى.

— ھېلىقى كۈنى ئۇ مۇشۇ يەردە ماڭا نورغۇن رەسىملەرنى سىزىپ بەرگەن، موللاق ئېتىپ قىزىقچىلىق قىلغان ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن قالتىس بالا ئىدى. ئۇ شۇ كۈنى ئاپامنىڭ قەستەن يامان گېپىنى قىلمىغان تۇرسا، نېمىشقىمۇ چۈپەيلىك قىلىپ ئىچىمگە ئېلىپ كەتكەندىمەن! ئىسىت، ئىسىت! مانا ئۇ ئەمدى ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنى ئەمدى مەڭگۈ كۆرەلمەيمەن.

ئۇ شۇلارنى ئويلىغانسېرى كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇنىڭ توختىتالماي قىلىۋاتقان كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ تۆۋەن سىرغىيتتى.

بىردەمدىن كېيىن، تام ۋە جوخاپولار بىلەن بىللە ئوينايدىغان بالىلاردىن بىرنەچچىسى ئۆتۈپ قالدى. ئۇلار ھېلىقى يەرگە كېلىپ، تام ۋە جوخاپو بىلەن ئەڭ

ئـاخىرقى قېـتىم كۆرۈشـكەن چـاغدىكى ئىشـلار ھـەققىدە ھەسـرەت بىلـەن سۆزلىشىۋاتاتتى.

— مـەن ئـۇ كۈنـى مانـا مۇشـۇنداق تۇراتـتىم ، — دېـدى بـىر بـالا، — ئالدىدىكى بالىغا قاراپ تۇرۇپ، — ئەنە ئاشۇ سەن تۇرغان يەردە تام تۇرغانىدى. ئارىلىقىمىز ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈۋېدى تەنلىرىم شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ ئىشتىن بېرىلگەن بېشارەت ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن؟ بەك قورقۇنچلۇق جۇمۇگلار.

ئاخىرى بۇ باللار ئۆلۈپ كەتكەن بۇ ئىككى بالا بىلەن زادى كىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يۈز كۆرۈشكەنلىكى ھەققىدە تالىشىپ كەتتى.

— ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئېھتىمال مەن كۆرگەن، — دېدى بىر بالا ئۆزىگە ئىشەنگەن ھـالدا، — ئـۇلار يوقـاپ كېتىشـتىن بـىر كـۈن بـۇرۇن مەكتەپـتىن قايتقـاندا مـەن تـامنىڭ دەريـا تەرەپـكە سـۇغا چۆمۈلگـىلى كېـتىپ بارغـانلىقىنى كۆرگەن.

— ئۇنداق بولسا سەن ئەڭ ئاخىرقى قېـتىم كۆرمەپسەن. مەنچۇ ئۇنـى سۇغا چۆمۈلۈپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا كۆرگەن.

تالاش- تارتىش قىزىپ كەتتى. ئاخىرىدا بىر بالا تام بىلەن ئەڭ ئاخىرىدا كۆرۈشكەن ئادەمنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى، ھەتتا تام بىلەن پاراڭلاشقانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

— ئـۇ كۈنـى كـەچ سـائەت توققـۇزلار بىلـەن ئاپام مېـنى بازارغا بىر ئىشقا بۇيرۇغان. تاملارنىڭ ئۆيىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە چىراغ يېنىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ”تام“ دەپ توۋلىدىم. مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىغان تام دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ مـەن بىلـەن بـىر مىنۇتتـەك پاراڭلاشـتى. كېيىـن بىـز بىـر- بىرىمىزگـە ئامانلىـق تىلەپ خوشلاشتۇق.

دېمـەك بـۇ بـالا ”تـامنى ئـەڭ ئـاخىرقى قېـتىم كۆرگـەن“ دېگـەن شەرەپـكە ئېرىشتى. ئـۇ بىـر خىـل ئىپـتىخار تۇيغۇسـى بىلـەن باللارغـا غادىيىپ قـارىدى. باشقىلار ئاغزىنى ئاچقىنىچە ئۇنىڭغا قاراپلا قالدى. ئۇلار بۇ بالىغا ھەم ھەسەت

قىلاتتى، ھەم ھەۋەس قىلاتتى.

— ھەي، مەنمۇچۇ تام سويېر بىلەن دائىم بىللە ئوينىغانتىم، — دېدى ھېلىقى بالا ئېرىشكەن شەرەپكە كۆزى قىزارغان بىر بىچارە بايقۇش، ئۆزىنىڭ تام بىلەن بولغان دوستلۇقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، — ئۇ مېنى بىر قېتىم ئۇرۇۋالغان.

بىراق، ھېلىقى بىچارىنىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشى بىھۇدە ئىدى. چۈنكى تامدەك بۇنداق كەپسىزگە بوزەك بولغانلار ئازمۇ؟

باللارنىڭ كېيى بارا- بارا قىزىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار چوڭقۇر ھەسرەت ۋە ھۆرمەت بىلەن بۇ ئىككى "مەرھۇم" قەھرىماننىڭ ئىشلىرىنى ھېكايە قىلىشماقتا ئىدى.



## ماتەم مۇراسىمى

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەنلىكى، يەكشەنبىلىك مەكتەپنىڭ دەرسى تۈگىگەندىن كېيىن، چېركاۋنىڭ قوڭغۇرىقى سوزۇلۇپ چېلىندى.
بۇ ناھايىتى تىمتاس يەكشەنبە ئىدى. كىشىلەر ماتەم قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان چېركاۋنىڭ ئالدىغا يىغىلدى. ئۇلار بۇ كېلىشمەسلىك ئۈستىدە ئاستا سۆزلىشەتتى.
چېركاۋغا كىرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ پارىڭى ئۈزۈلۈپ قالدى. پەقەت كىشىلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى بىلەن ئاياللارنىڭ ئېتەكلىرىنىڭ شىرت- شىرت قىلغان ئاۋازىلا چېركاۋدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. چېركاۋدا بىرمۇ بوش ئورۇن قالمىغانىدى. بۇ ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىدى.
ھايال ئۆتمەي تامنىڭ ھاممىسى سىد بىلەن مارىنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئارقىدىن خارپو ئائىلىسىدىكىلەر كىردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قارىلىق كىيىمى كىيگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن قېرى پوپ باشلىق ھەممە كىشى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سۈكۈت ئىچىدە ئۆرە تۇرۇشتى. ئۇلار قارىلىق كىيىمى كىيگەنلەر ئالدىنقى رەتكە كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى.
باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ سۈكۈت بىلەن دۇئا قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا بۇقۇلدىغان يىغا ئاۋازى كىرىپ تۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن، پوپ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر مۇڭلۇق بىر مۇناجاتنى ئوقۇدى. ئاندىن مۇنداق ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى:
"مەن سىنى ياراتتىم، ساڭا ھاياتلىق ئاتا قىلدىم..."
پوپ بۇنىڭغا ئۇلاپلا قازا قىلغان باللارنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئادەمنىڭ مەسىلىكىنى كەلتۈرىدىغان ياخشى تەرەپلىرى، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى نەقەدەر

سەبىيلىكى، ئەمدىكى كەلگۈسىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغۋارلىقى ھەققىدە ئىنتايىن تەسىرلىك ۋەز ئېيتتى.

پوپىنىڭ ۋەزلىرى ھەممەيلەننىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالدى. ھەسرەتلىك ئۆكسۈشلەر، ھازىدارلارنىڭ يىغا- زارى چېركاۋ ئىچىنى بىر ئالدى. ھەتتا پوپمۇ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى.

دەل شۇ چاغدا چېركاۋنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىن "تاراق" قىلغان بىر ئاۋاز كەلدى. بىراق بۇنى ھېچكىم سەزمىدى. بۇ ھېلىقى ئۈچ دېڭىز قاراقچىسىنىڭ ئاۋازى ئىدى.ئۇلار چېركاۋنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ماتەم مۇراسىمىنى كۆرۈۋاتاتتى. مانا بۇ تامنىڭ ئاخىرقى مەخپىيەتلىكى ئىدى.

ئۇلار شەنبە كۈنى كەچتە بىر دانە شەمشاد ياغىچىغا ئېسىلىپ، مىسسىسىپى دەرياسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، بازارنىڭ ئايىغىغا بەش- ئالتە كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىن قىرغاققا چىقتى. ئۇلار كېچىنى بازار سىرتىدىكى بىر ئورمانلىقتا ئۆتكۈزدى. تاڭ بىلەن تەڭ ئەگرى- بۈگرى جىمجىت كوچىلاردىن ئەگىپ ئۆتۈپ، چېركاۋنىڭ بالىخانىسىغا چىقىۋالدى.

چېركاۋنىڭ ئىككىنچى قەۋىتى ئادەتتە بىكار تۇرىدىغان بولغاچقا، ئەسكى- تۈسكى شىرە، ئورۇندۇقلار دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۈستىنى قېلىن بىر قەۋەت توپا بېسىپ كەتكەنىدى. بۇ يەر باللار ئۈچۈن يوشۇرۇنىدىغان ئەڭ ياخشى جاي ئىدى.

— ھەي جۇخاپو، قۇلاق سال، پوپ يەنە ۋەزنى باشلىدى.

— بىزنى داڭلاپ ئۈچۈرىۋاتىدۇغۇ!

— ھايات ۋاقتىمىزدا ھېچكىم بىزنى "ئادەمنىڭ مەسلىكى كېلىدۇ" دەپ باقمىغان- ھە!

— ئەنە، بىزنى قالتىس باللار، دەۋاتىدۇ، — دېدى خاك، — مۇشۇنداقلا بولسا ئادەم بىرنەچچە قېتىم ئۆلۈپ باقسىمۇ بولامدۇ نېمە؟

— ئەمدى بىز چۈشەيلى. مۇراسىم ئاخىرلىشىپ قالسا ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدۇ.

— توغرا، بىز چۈشۈپ، ئۇلارنى ھاڭ- تاڭ قالدۇرۇۋېتەيلى!

خاك بىلەن جۇخاپو ئالدىراپلا چۈشۈشكە تەمشەلدى. بىراق تام ماتەم مۇراسىمىدىكى قايغۇ- ھەسرەت تازا ئەۋجىگە چىققاندا تۇيۇقسىز پەيدا بولسا ئاندىن ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولىدۇ، دەپ ئويلىدى.

بىردەمدىن كېيىن بۇ ئۈچ بالا چېركاۋنىڭ بالىخانىسىدىن چۈشۈپ، ئالدى ئىشىككە كەلدى ۋە ئىشىكنى غىچ قىلىپ ئىتتىرىپ ئېچىپ چېركاۋغا كىرىپ كەلدى.

قولياغلىقى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈۋاتقان پوپنىڭ كۆزى ئىختىيارسىز بۇ ئۈچ بالىغا چۈشتى. پوپ "ھە!" دەپ بىرنى ۋارقىراپ تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى. كىشىلەرمۇ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي پوپ قارىغان تەرەپكە قاراشتى. ئۇلار كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇلار ئۆلۈپ كەتتى، دېگەن ئۈچ بالا كىرىپ كېلىۋاتاتتى. تام ئالدىدا، جۇخاپو ئوتتۇرىدا، ئۇچىسىغا تىتما- تىتما ئەسكى چاپان كىيىۋالغان خاك ئارقىدا كىرىۋاتاتتى. ئەيمەنگەن خاك باشقىلارغا قارىغاندا ئېھتىيات بىلەن ئاستا ماڭاتتى.

تامنىڭ ھاممىسى، سىد، مارى ۋە خاپو ئەر- ئايال، ئۆلۈپ قايتا تىرىلگەن باللىرىغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى. ئۇلار يۈگۈرۈپ بېرىپ باللارنى باغرىغا چىڭ بېسىپ سۆيۈپ كەتتى. ناھايىتى چىڭ قۇچاقلىغاچقا باللار نەپەس ئالالماي قالدى.

چېركاۋدىكىلەر يۈكۈندى. ئۇلار يىغلاپ تۇرۇپ، تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە تەشەككۈرلەر ئوقۇشتى.

بىراق بىچارە خاك بىر چەتتە بوينىنى قىسىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغانىدى. خاك ئۆزىنى ناھايىتىمۇ سالقىن تىكىلگەن كۆزلەردىن قانداق قاچۇرۇشنى بىلەلمەي ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىردەم دېلىغۇل بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن غىپپىدە چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

— ھاما، بۇ قىلغىنىڭلار ئادىل بولمىدى، — دېدى تام ھاممىسىغا، — خاكنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىگىمۇ خۇشال بولۇش كېرەككۇ!

— شۇنداق بالام، شۇنداق. ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولۇشىمىز كېرەك. مەن بۇ قارا يېتىمنى گۆر ئاغزىدىن قايتۇرۇپ كەلگەن پەرۋەردىگارغا شۈكۈر



ئوقۇيمەن، بالام.

موماي خاكنىڭ باشلىرىنى سىلىدى. بىراق خاك تېخىمۇ ئوڭايسىزلانغىلى تۇردى.

ئادەتتە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرىدىغان چېركاۋ كۆتۈلمىگەن بۇ ئىشتىن لەرزىگە كېلىپ قايناپ كەتتى. پوپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مۇناجاتنى باشلىدى:

”شۈكۈر دەيمەن ئەي ئىگەم، ھەمدۇسانا ساڭا خاس، ماڭا بەردىڭ سائادەت، بارۇ-يوقۇم ساڭا خاس“

كۆيۈپچىلىك ئۈنىڭغا ئەگىشىپ مۇناجات ئوقۇدى، ناخشا ساداسى ئۆگزىدىكى كاھىشلارنى تىترىتىۋەتتى. دېڭىز قاراقچىسى تام سوييېر ئەتراپىقا سەپسېلىپ قارىدى. باللارنىڭ ئۈنىڭغا زوق بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىنى كۆرگەن تام، ئۆزىنىڭ ھازىر ئۆمرىدىكى ئەڭ پەخىرلىك مىنۇتلاردا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن يۈرەكلىرى يايراپ كەتتى.

بۇ ئۈچ بالىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن كىشلەر ئۆيلىرىگە قايتىشتى. بىراق ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن خۇش ئىدى. ئۇلار ئەگەر مۇناجاتنى مۇشۇنداق يۈرەكتىن بالقىپ چىققان چىن ھېسسىيات بىلەن ئېيتىدىغان پۇرسەت يارىتىلىدىغانلا ئىش بولسا، يەنە بىر قېتىم ئالدام خالتىغا چۈشۈشكىمۇ رازى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# تامنىڭ چۈش ئۆرۈشى

دۈشەنبە ئەتىگەنلىكى ئۇلار ناشتىغا ئولتۇردى. موماي بىلەن مارى تامنىڭ قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قالدى. ئۇلارنىڭ تامغا قىلىۋاتقان گەپلىرى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئاجايىپ سىلىق ئىدى. گەپ ئارىلىقىدا موماي سورىدى:

— تام، بۇ قېتىمقى چاقچىقىڭ بەك ئېشىپ كەتتىمۇ دەيمەن؟ ئۇ يەردە ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئوينىغانسىلەر، بالام؟ بىراق سىلەردىن ئەنسىرەپ نىمىلەر بولۇپ كەتكەنلىكىمىزنى خىيالىڭلارغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىدىڭلار. مەن سېنىڭ دەردىڭدە مېڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلدىمغۇ، بالام. ياغاچقا ئېسىلىپ دەريادىن ئۆتۈپ ماتەم مۇراسىمىڭلارغا كەلگەن ئادەم، ئەلۋەتتە دىككىدە كېلىپ، ھايات ئىكەنلىكىڭلاردىن خەۋەر بېرىپ قويغان بولساڭلار بولماسمىدى؟

— تام ئېھتىمال بۇ تەرەپلىرىنى ئويلاپ كەتمىدى تايىنلىق، — دېدى مارى گەپ ئارىلاپ.

— ئېيتقىنا بالام، ناۋادا ئويلاپ يېتەلىگەن بولساڭ شۇنداق قىلاتتىڭمۇ؟

موماي تامغا تەلمۈرۈپ قارىدى.

— مەن... مەن... بىلمەيمەن. ئۇنداق قىلساق پىلانىمىز بۇزۇلۇپ كېتەتتى، هاما.

بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەنگەن موماي، ھەسرەتلىك كۆزلىرىنى تامغا تىكتى.

— تام سېنىڭ ماڭا ۋاپادار بولۇشۇڭنى ئارزۇ قىلاتتىم. بۇغداي نىنىڭ بولمىسا بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى، دېگەندەك ھەرھالدا ئىككى ئېغىز تاتلىق گەپ بىلەن كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ قويساڭ بولماسمىدى؟

— ئۇ ئەنە ئاشۇنداق بىپەرۋا تۇرسا، بۇلارنى ئويلاپ يېتەلەيتتىمۇ . مارى مومايىنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى.

— سىنىڭ ئورنۇڭدا سىد بولغان بولسا ئۇ مىنى ئۇنچىۋالا ئەنسىرەتمىگەن بولاتتى، ھەي! قارىغىنا، ئۇن ياش قىرىپ كەتتىم، چاچلىرىممۇ ئاقىرىپ بولدى.

— ھاما، ئۇنداق دىگىنىڭىز بىلەن سىزنى بەك سىغىنىدىم.

— سىغىنىدىم؟ سىغىنغان بولساڭ نىمىشقا سايەڭنىمۇ كۆرسىتىپ قويمايسەن ئەمسە؟

— ھاما، مەن سىرتتا سىزنى كۈندە دىگۇدەك چۈشۈمدە كۆردۈم. بۇ سىغىنغانلىقىم ئەمەسما؟

— بۇ قانچىلىك ئىشتى؟ ئىت- مۈشۈكلەرمۇ چۈش كۆرۈدىغان تۇرسا. چۈشىدە كۆرگەنىمۇ كۆرمىگەندىن ياخشى ئەمدى. قىنى دىگىنە چۈشۈڭدە مىنى قانداق كۆرۈپسەن؟

— مەنچۇ چارشەنبە كۈنى بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە سىز كارىۋاتتا ئولتۇرغۇدەكسىز، سىد ساندۇقنىڭ ئۈستىدە، مارى سىدنىڭ يىقىنىدا ئولتۇرغۇدەك.

— ۋىيەي راست. شۇ كۈنى بىز ئاشۇنداق ئولتۇرغان. ئادەتتىمۇ تولاراق شۇنداق ئولتۇرىمىز.

— چۈشۈمدە يەنە جوخاپونىڭ ئاپىسىمۇ كەپتۇمىش.

— شۇنداق، شۇ كۈنى ئۇ كەلگەن. دىگىنە چۈشۈڭدە يەنە نىملەرنى كۆردۈڭ؟

— مەن... مەن...، چۈشۈمدە جىقلا نەرسىلەرنى كۆرۈۋىدىم. ئاستا ئويلاپ ئاندىن دەپ بىرەي.

— ماقۇل، ئالدىرىماي ئويلىغىن.

— ھە، ئەمدى ئىسىمگە كەلدى. ئۆيگە شامال كىرگەندەك بولۇپ، شام...

— قىنى دىگىنە، شام نىمە بولدى؟

تام بارمىقىنى پىشانىسىگە تىرەپ تۇرۇپ بىر مىنۇتچە ئويلاندى.

— توغرا، توغرا، شامال سوققاندەك لەپەڭشىپ تۇرمىدى.

— ۋاي خۇدايىمەي. قىنى دەۋەرگىن!

— كېيىن سىز "ئىشىكنى ئىلغاندەك قىلىۋېدىم قانداقلارچە ئېچىلىپ قالغاندۇ؟" دېدىڭىز.

— شۇنداق تام، مەن ئاشۇنداق دېگەن، كېيىنچۇ؟

— كېيىن، كېيىن، سىدنى ئىشىكنى ئىلىۋېتىشكە بۇيرۇدىڭىزغۇ دەيمەن!

— ئاھ تەڭرىم، ھازىرغىچە ياشاپ، بۇنچىلىكمۇ توغرا كېلىدىغان چۈشنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىماپتىكەنمەن. مەن بۇنى چوقۇم خاپىو مومايغا دەپ بېرىپ، چۈشنىڭمۇ توغرا چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويىمەن. ئۇ ئادەتتە چۈشكە پەقەت ئىشەنمەيدۇ. قېنى تام سۆزلىگىنە، كېيىن يەنە نېمە بولدى؟

— ھە توغرا، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. سىز "تام كەپسىزلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا ياخشى بالا ئىدى. ئۇ ئادەمنى خاپا قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ قەستەن قىلىپ باقمىغان. ئۇنىڭ كۆڭلى بەك ياخشى ئىدى" دېگۈدەكسىز.

— توغرا، مەن ئاشۇنداق دېگەن.

— كېيىن، سىز ئۇن سېلىپ يىغلاۋاتقۇدەكسىز.

— شۇنداق، سېنى قازا قىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ يۈرەكلىرىم لەختە- لەختە قان بولۇپ كەتتى.

— كېيىن، جوخاپونىڭ ئاپىسىمۇ يىغلاپ كېتىپتۇدەك.ئۇ "مېنىڭ ئوغلۇممۇ شوخ بولغىنى بىلەن...، كۆڭلى دەرىيادەك بالا ئىدى، مىجەزىنىڭ ياخشىلىقىنى دېمەيسىز تېخى. ئېسىم قۇرسۇن مېنىڭ، پىشلاقنى تۆكۈۋەتكىنىم يادىمدا يوق، ئۇنى سەن ئوغرىلاپ يەۋاپسەن، دەپ قاتتىق ئۇرغانلىقىمغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلىۋاتىمەن" دەۋاتقۇدەك.

— تام، ئاجايىپ ئىشقۇ بۇ؟ ياكى خىزىرغا يولۇقتۇڭمۇ، بالام؟ قېنى قولىقىم سەندە.

— كېيىن سىد، سىد...

تامنىڭ كۆزلىرى سىدقا تىكىلدى.

— مەن ھېچنېمە دېمىگەنغۇ؟

— جىم تۇر، تام گېپىنى دەۋالسۇن! تام، ئېيتقىنا سىد نېملەرنى دېدى؟

موماي چۈشىنىڭ داۋامىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتاتتى.
— سىد ” پەرۋەردىگار تامغا جەننەت ئاتا قىلغاي. بىراق تامۇزە، ئاشۇنداق قۇلاقكەستىلىك قىلمىغان بولسىمغۇ... “ دېگەندەك قىلدى.
تام سىدقا تىكىلدى، سىد دەرھال بېشىنى تۆۋەن سالدى.
— توغرا، سىد ئاشۇنداق دېگەن.
— كېيىن هامام ئۇنىڭ ئاغزىنى ئەتتى.
— شۇنداق، — دېدى موماي مارىنىڭ سۆزىگە بىنائەن، — ئۆلگەن ئادەمنىڭ كەينىدىن گەپ قىلسا ئىنتايىن يامان بولىدۇ.
— كېيىن جۇخاپونىڭ ئاپىسى ”جۇخاپو ئالدىمدا پوجاڭزا ئېتىپ مېنى بەك قورقۇتۇۋەتكەن“ دېگۈدەك، — دەپ چۈش ئۆرۈشىنى داۋاملاشتۇردى تام، — سىزمۇ ئۇنىڭغا مېنىڭ مۈشۈككە دورا ئىچكۈزگەنلىكىمنى دەپ بېرىۋاتقۇدەكسىز.
— توغرا، دەل شۇنداق بولغان.
— كېيىن خاپو موماي ئىككىلار كىشىلەرنىڭ دەرياغا بىزنىڭ جەسىتىمىزنى سۈزۈشكە بارغانلىقىنى، يەكشەنبە كۈنى ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقىنى سۆزلەۋاتقۇدەكسىلەر. ئاخىرىدا ئىككىلار قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ ئايرىلدىڭلار.
— توۋا ماۋۇ كارامەتنى كۆرمەمدىغان، — دېدى هەيران قالغان موماي، — هەتتا ئۆزۈڭ ئاشۇ چاغدا بولغان بولساڭمۇ مۇنداق ئېنىق سۆزلەپ بېرەلمەيتتىڭ بالام. قېنى، كېيىنچۇ؟
— سىز ماڭا ئاتاپ دۇئا قىپتۇدەكسىز. چۈشۈمدە سىزنى ئاپئاشكارا كۆردۈم، دۇئا قىلغاندا دېگەن گەپلىرىڭىزنىمۇ ناهايىتى ئېنىق ئاڭلىدىم. كېيىن كارىۋاتقا چىقىپ بىر دەم ياتقاندىن كېيىن ئۇخلاپ قاپتۇدەكسىز. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بەك بۇزۇلۇپ كېتىپتۇدەك. كېيىن بىر پارچە دەرەخ قوۋزىقىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ”بىز ئۆلمىدۇق، دېڭىز قاراقچىسى بولغىلى كەتتۇق“ دەپ يېزىپ ئۇنى شامنىڭ يېنىغا قويۇپتۇدەكمەن. ئاندىن سىزنىڭ مېھرىبان چىرايىڭىزغا ئۇزاقتىن ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ، مەڭزىڭىزگە سۆيگۈدەكمەن.

ئۇيغۇر كىتاپ تورى www.uyghurkitap.com

— بۇ گەپلىرىڭ راستمۇ تام؟ مۇشۇ گەپلىرىڭ ئۈچۈن بارلىق قىلغان-ئەتكەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى كەچۈرۈۋەتتىم، جېنىم بالام.

ھاياجانلانغان موماي تامنى باغرىغا چىڭ باستى. بىراق، تامنىڭ ۋىجدانى ئازابلىنىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ شۇنچىلىك مېھرىبانلىق قىلىۋاتقان ھامىسىنى يالغان- ياۋىداق گەپلەر بىلەن ئالداۋاتاتتى. بۇ ھەقىقەتەن قاملاشمىغان ئىش ئىدى.

— بۇنىڭغا ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم، — دېدى سىد دوق قىلغاندەك، — بىراق ئۇ بەربىر چۈشتە.

— سەن تولا ئاغزىڭنى ئۈششۈتمە. كۈندۈزى ئويلىغانلىرىڭ، كېچىسى چۈشۈڭگە كىرەر، دەيدىغان گەپ بار. تام كۈندۈزى ئاشۇلارنى ئويلىغاچقا چۈشىگە كىرگەن گەپ، — دېدى موماي، — تام، مانا ماۋۇ ئالمىنى سېنى قايتىپ كېلىپ قالسا بېرىمەن، دەپ ساقلاپ قويغان، ئالە بالام. كەرەملىك پەرۋەردىگارغا مىڭ رەھمەت، ئۆلدىگە چىقىرىۋەتكەن بالىنى تىرىك ئەكېلىپ بەردى. ۋاقتىمۇ بىر يەرگە باردى. قېنى مەكتىپىڭگە ماڭ! سىد، مارى سىلەرمۇ مېڭىڭلار!

# چىقشقاق بالا

مانا ھازىر تام بۇ بازاردىكى قالتىس قەھرىمانغا ئايلىنىپ كەتتى. بازاردىكىلەر ئۇنى كۆرگەن ھامان ئۇنى ئىشارە قىلىپ "ئاشۇ بالا شۇ، دەل ئۆزى!" دەپ پىچىرلىشاتتى. تام ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، بۇنىڭدىن يۈرەكلىرى ئاجايىپ يايراپ كېتەتتى.

بىر توپ بالا ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالىدىغان بولدى. باللار توپى خۇددى نامايىشچىلار قوشۇنىغا ئوخشايتتى. تام گويا بۇ نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ سەركىسىدەك باشلىرىنى قاڭقايتىپ ھەممىنىڭ ئالدىدا مەغرۇر ماڭاتتى.

باللارنىڭ ھەممىسى تامنىڭ قەھرىمانلىقلىرىدىن زوقلىناتتى. چۈنكى تامنىڭ كۆلۈپلا تۇرىدىغان نۇرلۇق چىرايى بىلەن ئاپتاپتا كۆيۈپ قىزارغان تېرىسى ھەممىنىڭ مودىسىغا ئايلانغانىدى. مەكتەپتىكى ھەممىنىڭ ئاغزىدا تام بىلەن جۇخاپو ئىدى. باللار ئۇلارغا قايىللىق بىلەن بېقىشاتتى. بۇ ئىككى قەھرىمانمۇ تەنەپپۇستا ئۇلارنى ئورىۋېلىشقان "تاماشىبىن"لارغا بېشىدىن ئۆتكەن خەتەرلىك سەرگۈزەشتلەرنى تېخىمۇ قانات- قۇيرۇق چىقىرىپ سۆزلەيتتى.

بۇ ئىككىسى دېگىز قاراقچىلىرىغا دائىر كىتابلارنى كۆرگەن بولغاچقا، جېكسۇن ئارىلىدا ئۆتكەن بىر ھەپتىلىك ھاياتنى ئاجايىپ تەسىرلىك، جانلىق تەسۋىرلەيتتى. بۇنى ئاڭلىغان باللار ئاغزىلىرىنى ئېچىپلا قالاتتى.

بىر قېتىم تام بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئاغزى- ئاغزىغا تەگمەي زوق- شوق بىلەن سۆزلەۋېتىپ، بېكىنىڭ ئارقىدىراق تۇرۇپ ئۇنىڭ ھېكايىسىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. تام ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراشنى ئويلاپ يۈرەتتى. چۈنكى ھېچكىممۇ باشقىلارنىڭ ئۆز ئانىسىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشىنى خالىمايتتى. تام ساتچىر خانىمنىڭ غەيۋىتىنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، بېك ئۇنىڭغا ناھايىتى خاپا بولغانىدى. بىراق، ھازىر تامغا ھال كىرىپ قالدى. بېك

ھەرقانچە كاتتا سودىيەنىڭ قىزى بولسىمۇ ئەمدى ئۇنىڭغا كۆڭۈل قويۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغان ئىدى. شۇڭا تام بېكىنى كۆرگەن چاغدا ئۇنىڭدىن ئەيىۇ سوراش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا قاراپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى.

چۈشتىن بۇرۇنقى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق دەرس ۋاقتىدا، تام ئاتلانتىك دوسكىسىغا سىزغان جېكسۇن ئارىلىنىڭ خەرىتىسىنى يېنىدىكى ساۋاقدىشىغا چۈشەندۈرىۋاتاتتى. بۇنى كۆرۈپ قالغان مۇئەللىم ئۇنى چاقىردى:

— توماس سويېر چۈشلۈك دەم ئېلىشتا ئىشخانامغا كىرىڭ.

— چاتاق بولدى، دەپ ئويلىدى تام. چۈنكى ھەر قېتىم مۇئەللىم ئاشۇنداق چاقىرغاندا ئۇنىڭغا ياخشىلىق يوق ئىدى. يەنە پالاق يەيدىغان گەپمۇ قانداق؟ بايىقى مەغرۇرلۇقلىرى ئاللىقاياقلارغا ئۇچقان تام دەككە- دۈككىدە قالدى.

تام چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئېغىر تەشۋىش ئىچىدە مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. بىراق مۇئەللىمنىڭ چىرايىدا خاپىلىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

— ھەي تام، سەن قايتىپ كېلىپ بەك ياخشى بولدى. مەن تېخى سىلەرنى ئۆلۈپ كەتتىمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئاشۇ بىر ھەپتە كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كېچىلىرى پەقەت ئۇخلىيالمىدىم.

— مېنى كەچۈرۈڭ مۇئەللىم، سىزنى ئەنسىرىتىۋەتتىم.

— بۇنىڭ كارى چاغلىق، تام. ھەممىدىن مۇھىمى ئامان- ئېسەن قايتىپ كەلدىڭلار. مەن مۇشۇنىڭغا خۇشال.

مۇئەللىم تامنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقتى. مۇئەللىمنىڭ خۇشاللىقتىن ئۇرغۇغان قانلىرى ئۇنىڭ ئالقىنى ئارقىلىق تامنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كىرگەندەك بولدى.

— بىراق تام، سەن زادى نېمە ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ كەتتىڭ؟

تام نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدى.

— مۇئەللىمنىڭ تەنقىدىدىن قورقتۇڭمۇيا؟

— ئۇنداق ئەمەس مۇئەللىم. ئىلگىرى مەن تەۋەككۈلچىلىككە ئائىت نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئوقۇغان. پەقەت ئاشۇ ئوقۇغانلىرىمنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ باقاي دەپ... شۇ ...

— ھە، مۇنداقمىدى؟ بولدى ئەمدى چۈشەندىم. بىر مەزگىل چىرايىڭ تاتىرىپ ئىنتايىن روھسىز يۈردۈڭ. ئۇنىڭدىن مەن بەك ئەنسىرىگەن ئىدىم. ئەسلى مۇشۇ ئىش ئىكەن- دە!

— مەن ھازىر ياخشى بولۇپ كەتتىم، مۇئەللىم.

— شۇنداق، بۇ بىر ھەپتىدە ناھايىتى روھلۇق بولۇپ كېتىپسەن، تىرىلىرىڭمۇ كۆيۈپ قارىداپتۇ، ناھايىتى ساغلام چىراي كۆرۈنىسەن. بىراق، ھەقىقىي دېڭىز قاراقچىلىرىنى كۆرگەن بولساڭ قورقۇپ تىكىۋېتەرسەنمىكىن بەلكىم؟ مۇئەللىم كۈلۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قوۋزاق پاكىت

تام مەكتەپتىن قايتىپ ئۆيگە خۇشال كىرىپ كەلدى. بىراق موماي ئۇنىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ تۇتتى- دە، قايناپ سۆزلىگىلى تۇردى:

— خەپ تام، تېرەڭنى تەتۈر سويمىسام مەن سېنىڭ!

— نېمە بولدى هاما، مەن زادى نېمە قىپتىمەن؟

— هېيىقماستىن يەنە نېمە قىپتىمەن، دەپ سورايسىنا؟ مېنى ئەخمەق كۆرۈپ تاغاردا بىر يالغاننى توقۇپسەن. مەن بۇ يالغان چۈشلىرىڭگە ئىشىنىپ، ئۇنى خاپو مومايغا بېرىپ دەپتىمەن. ئوغرىلىقچە كېلىپ كۆرگىنىڭنى نەدىن بىلەي! خەقنىڭ كۈلكىسىگە قالدىم. يۈزۈمنى تۆكتۈڭغۇ، تام! ئەدىپىڭنى بىر بەرمىسەم دەردىم چىقمايدۇ، مېنىڭ!

بۇ ئىش يامىنىغا ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئىدى. ئەسلىدە ئەتىگەنكى "چۈش" هېكايىسىنى ئۇ چاقچاق بولسۇن دەپ توقۇغان هەم ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى پاراستىگىمۇ قول قويغان ئىدى. بىراق، كىم بىلسۇن؟ مانا ئەمدى كارامىتى ئاشكارا بولۇپ تىل- ئاهانەتكە قېلىۋاتىدۇ. قاتتىق نومۇس ئىچىدە قالغان تام هامىسىنى ئالدىغانلىقىغا مىڭبىر پۇشايمان قىلىۋاتاتتى.

— مېنى كەچۈرۈڭ هاما، مەن... مەن...

— سەن ئۆزۈم بولسامىلا دەيسەن، باشقىلار خىيالىڭغا كىرىپ چىقمايدۇ. بىزنى نازارەت قىلىشقا جېكسۇن ئارىلىدەك يەردىن ئەتەي كەپسەن. سەن ئۇچۇن زار- زار قاقشاۋاتقانلارغا هېسداشلىق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، يالغاندىن چۈش ئۆرۈپ دوپپامغا جىگدە ساپسەن.

— هاما، مەن هازىر گۇناهىمنى تونىدىم. بىراق ئۇ كۈنى كەچتە شۇنچە يەردىن قەستەن سىزگە چاقچاق قىلغىلى كەلمىگەن ئىدىم. سىزنى ئالداشقا هەددىممۇ؟

— ئۇنداق بولسا نېمىگە كەلگەن ئىدىڭ، ئېيتە!

— سىزگە "بىز ئۆلمىدۇق، ئەنسىرىمەڭلار" دەپ ئېيتىپ قويغىلى كەلگەن ئىدىم.

— تام، مەن ھەرقانچە قاپاق باش بولسامۇ ئەمدى مۇنداق ياغلىما گەپلىرىڭگە ئىشەنمەيمەن.

— ھاما، مەن راستىنلا شۇنداق نىيەت بىلەن كەلگەن. ئەگەر سىزنى ئالدىغان بولسام ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا مېنى يەر يۇتسۇن! تام قەسەم قىلدى.

— بولدى، تولا بىلجىرلىما! مەن سېنىڭ گەپلىرىڭگە مەڭگۈ ئىشەنمەيمەن.

— راست دەۋاتىمەن،ھاما. مەن سىزنى ئەنسىرەپ قالمىسۇن، دەپ ئوغرىلىقچە قېچىپ كەلگەن. دېڭىز قاراقچىسى بولۇش ھەقىقەتەن قىزىق ئويۇنكەن. بىراق، شۇنداقلا قاراڭغۇ چۈشسە ئۇ يەر دېگەن ھەم زېرىكىشلىك ھەم قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتىدىكەن. ئەگەر سىز ئۇ يەرگە بېرىپ قالسىڭىز، ئېھتىمال بىر ئاخشاممۇ تۇرالمايسىز.

— ئىسسىق ئۆيۈمنى تاشلاپ، ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە ئىش قىلغۇدەكمەن؟

— كۆن ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭلا مېنى غېرىبلىق بېسىپ كېتىدۇ. جۇخاپىو قانداق ئويلىدىكىن، بىلمىدىم. بىراق مەن سىزنى بەك سېغىندىم، قانات چىقىرىپ ئۇچۇپلا يېنىپ كەلگۈم كېپكەتتى. بىراق، دېڭىز قاراقچىسى بولغان كىشى ئۆيۈمنى سېغىندىم، دېسە يۈزى چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ھېلىقى كۈنى كەچتە ئىككىسىگە تۇيدۇرماي غېپپىدە قاچتىم. قاراڭغۇدا مېنى دولقۇن ئېقىتىپ كەتكىلى تاس قالدى. مىڭ تەسلىكتە قاشقا ئۈزۈلەپ چىقىپ ئۆيگە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەلدىم.

— ۋىيەي، تاس قاپسەندە ئېقىپ كەتكىلى- ھە ! شۇنداق ئويلىغان بولساڭلىغۇ ھەرقانداق گۇناھىڭدىن ئۆتىمەن،بالام. بىراق شۇنچە يەردىن كەلگەن ئادەم نېمىشقا مۆكۈۋېلىپ قاراڭنى كۆرسەتمەيسەن؟

— بىز ئۇچۈن ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،

ئاشۇ ماتەم مۇراسىمىنى مۆكۈپ تۇرۇپ كۆرەيلىمىكىن،دەپ ھېلىقى قوۋزاقنىمۇ ئەكەتكەن.

— ئۇستىگە "بىز ئۆلمىدۇق، دېڭىز قاراقچىسى بولغىلى كەتتۇق!" دېگەن خەت يېزىلغان قوۋزاق. راست ھاما، مەن سىزنى سېغىنىپ كەتكەچكە شۇ كۈنى كەچتە مەڭزىڭىزگە سۆيۈپ قويغان، شۇ چاغدا ئويغىنىپ قالغان بولسىڭىزغۇ بەك ياخشى بولاركەن.

— تام، سەن راستىنلا مېنى سۆيدۇڭما؟

— ئەلۋەتتە، ھاما!

— شۇنداقما؟ مېنى ئالدىمايۋاتقانسەن؟

— قەسەم قىلىپ بېرەي ھاما، سىزنى ئالدىمىدىم.

— ئۇنداق بولسا، مېنى نېمىشقا سۆيدۈڭ؟

— سىزگە بەك كۆيۈدىغان تۇرسام، ھاما. مېنى دەپ كارىۋاتتا تولغىنىپ ئۇخلىيالمايۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى. شۇڭا سىزنى سۆيگۈم كەلدى.

گەپنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن مومايىنىڭ ھاياجاندىن ئاۋازلىرى تىترەپ چىقىشقا باشلىدى:

— تام، مېنى يەنە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ، چىقىپ ئويۇنىڭنى ئويىنىغىن! بۇنىڭدىن كېيىن مېنى يەنە غەم- قايغۇغا قويمىساڭلا، مەن شۇنىڭغا رازى.

تام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن موماي دەرھال تامنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ئۇنىڭ دېڭىز قاراقچىسى بولغاندا كىيگەن ھېلىقى جۇل- جۇل كىيىمىنى قولىغا ئالدى. بىراق موماي كىيىمنى يەنە جايىغا قويۇپ، ئۆز- ئۆزىگە پىچىرلىدى:

— ياق، بولدىلا! ئۇنى قەستەن تەگلىكتە قويماي. بۇ بالا بەربىر يالغان

سۆزلىدى تاپىنلىق. بىراق بۇنداق يالغان گەپنى ئاڭلىسىمۇ ئادەم خېلى خۇش بولۇپ قالىدىكەن. يالغان بولسىمۇ شۇ گەپنى قىلدىمۇ، بولدى. ئەمدى ئۇ قوۋزاقنى ئىزدىمەي.

موماي ئىختىيارسىز ھېلىقى كىيىمنى يەنە قولىغا ئالدى. بىراق بىر دەم ئويلانغاندىن كېيىن يەنە جايىغا قويدى. ئاخىرىدا موماي ئۆز- ئۆزىگە ئاستا پىچىرلىدى:

— يالغان ئېيتقان بولسىمۇ ئۇ يەنىلا تامنىڭ ياخشى كۆڭلى، شۇڭا ھەرگىز كۆڭلۈم يېرىم بولمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن موماي ھېلىقى كىيىمنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇردى. ئۇنىڭ قولى يانچۇقتىكى ھېلىقى دەرەخ قوۋزىقىغا ئۇرۇلدى.

موماي قوۋزاقنى ئېلىپ ئۇنىڭدىكى ھېلىقى خەتلەرنى ئوقۇدى. ھاياجاندا تىترەپ كېتىۋاتقان مومايىنىڭ كۆزلىرىدىن مۇنچاق- مۇنچاق ياشلار تاراملاشقا باشلىدى:

— ھەي تام، ھەي تام! يەنە ئاسماننى ئۆرۈۋەتكۈدەك گۇناھ ئۆتكۈزسەڭمۇ سېنى كەچۈرىمەنغۇ، جېنىم بالام!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىسى

# دوستى ئۇچۇن تاياق يېيىش

ئەتىسى تام مەكتەپكە كېتىۋېتىپ بېكىنى ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ بېكقا كۈلۈپ تۇرۇپ ناھايىتى قىزغىن گەپ ئاچتى:

— ھېلىقى ئىشقا سەندىن ئەپۇ سورايمەن، بىز يېڭىۋاشتىن ياخشىلىشىپ قالايلى، بولامدۇ؟

بېك ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قارىدى.

— ماڭا گەپ قىلماڭ، توماس سويېر ئەپەندى.

بېك يەردىن بېشىنى ئېلىپ تەكەببۇرلۇق بىلەن تامغا شۇنداق بىر قارىدى-دە، ئىتتىك كېتىپ قالدى. بۇنى كۆرگەن تام قاققان قوزۇقتەك جايىدا تۇرۇپلا قالدى.

بىراق بۇ بىچارە قىز ئۆزىنىڭ بىردەمدىن كېيىنلا پالاكەتكە ئۇچراپ قالىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟

دوبىنس ئەپەندىنىڭ بۇ بازاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە بالا ئوقۇتۇۋاتقىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغانىدى. ئۇنىڭ دوختۇر بولۇش ئارزۇسى بولغاچقا، ھەر قېتىم باللار تاپشۇرۇق ئىشلەشكە كىرىشكەندە ئۇ تېبابەتچىلىككە ئائىت كىتابىنى ئېلىپ ئوقۇيتتى. بىراق باللارنىڭ بىرەرسىمۇ ئۇنىڭ نىمە كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

تام بىلەن جوخاپو ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقىنىنى دېڭىز قاراقچىلىرى ياكى ئېكسپېدىتسىيىگە ئائىت كىتاب دەپ پەرەز قىلاتتى. بەزى باللار ئۇنى تارىخي كىتاب دەپ بىلەتتى. يەنە بەزىلەر بولسا مۇئەللىمنىڭ ئوقۇۋاتقىنىنى ھايۋانات ئىلمى ياكى بوتانىكىغا ئائىت كىتاب دەپ چىڭ تۇرىۋالاتتى. ئىشقىلىپ بۇلارنىڭ ھەممىسى باللارنىڭ پەرەزلىرى بولۇپ، ھېچكىم ئۇ كىتابنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. چۈنكى مۇئەللىم دەرستىن چۈشكەندە ھېلىقى كىتابنى

تارتمىغا سېلىپ قۇلۇپلاپ قويىدىتى.

شۇ كۈنى تەنەپپۇستا بىر مۇئەللىمنىڭ ئۈستىلىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تارتما ئاچقۇچىنىڭ قۇلۇپقا تىقىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت ئىدى. بىر ئەتراپقا قاراپ بېقىپ باشقىلارنىڭ تالاغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، تارتمىنى ئاچتى-دە ھېلىقى كىتابنى ئالدى.

ئۇ ناھايىتى قېلىن بىر كىتاب بولۇپ، مۇقاۋىسىدا ''ئاناتومىيە ××———

— پروفېسسور يازغان'' دېگەن خەتلەر تۇراتتى. ''ئاناتومىيە'' دېگەن بۇ سىرلىق ئىسمىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمىگەن بېكى قىزىقچىلىقتا كىتابنى ۋاراقلاپ باقتى. ئۇ كىتابتىكى ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن بىر رەڭلىك قىستۇرما سۈرەتنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

دەل شۇ چاغدا ئۇ بىرسىنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدى. قورقۇپ كەتكەن بېكى شۇنداق قارىۋېدى، ئەسلىدە تام ئىكەن.

بېكى كىتابنى ئالدىراپ- تىنەپ ياپتى. بىراق ئۇ ناھايىتى ھودۇقۇپ كەتكەچكە ھېلىقى رەڭلىك قىستۇرما سۈرەت ئوتتۇرىسىدىن يىرتىلىپ كەتتى. بېكى كىتابنى دەرھال تارتمىغا سېلىۋەتتى. ئىزادىن ئۆلەي دېگەن بېكى ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.

— توماس سويېر، ئوغرىلىقچە كىرگىنىڭىزنى ئاز دەپ يەنە باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلاپ كۆرۈۋالدىڭىز. بەك پەسكەشكەنسىز!

— مەن سىزنىڭ مۇئەللىمنىڭ كىتابىنى ئوغرىلىقچە كۆرۈۋاتقىنىڭىزنى نەدىن بىلەي!

— تام، بۇ ئىشنى مۇئەللىمگە دەپ قويىسىز تايىنلىق. ئاھ، خۇدا ئەمدى قانداق قىلارمەن! ھەممىنى قىلغان سىز، ھودۇقۇپ كېتىپ سۈرەتنى يىرتىۋەتتىم. مۇئەللىم مېنى چوقۇم تىللايدۇ، ھەتتا ئۇرۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ئىلگىرى مۇئەللىمنىڭ تىل- ئاھانىتىنى ئاڭلاپ باقمىغان تۇرسام، ئاھ... قانداق قىلارمەن. بېكى تېخىمۇ يىغلاپ كەتتى. ئۇ يىغلىغىنىچە تالاغا يۈگۈردى. بۇنى كۆرگەن تام ھەيران قالدى.

— غەلىتىلا قىزكىنا بۇ، — دېدى تام ئۆز- ئۆزىگە، — مەكتەپتە ئاياق يەپ باقمىغان، دەيدۇ تېخى. ئاياق يېيىسە نېمە بوپتۇ؟ قىز بالا دېگەن مۇشۇنداق تاۋۇ نازۇك، توخۇ يۈرەك بولىدىكەن-دە! بۇ ئىشنى مۇئەللىمگە دەپ قويسام ماڭا نېمە پايدا؟ بېكىتىن ئۆچ ئالىمەن، دېسەم ئۇنىڭ ئامالى جىق. بىراق ئۇنى مۇئەللىمگە چاقىدىغانغا مەن ئۇنچىۋالا ئىپلاس ئەمەستە. بىراق، مۇئەللىم بىردىن، بىردىن تۇرغۇزۇپ سورىسا بېكى چوقۇم چاندۇرۇپ قويۇپ تاياققا قالىدۇ. ھەي، ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا، دېگەن شۇدە. بوپتۇ، ئۆز ئۇۋالى ئۆزىگە.

تام بۇ ئىشنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ كۆردى.

— بېكى تازا تىت- تىت بولىۋاتىدۇ تايىنلىق. ئەگەر بۇ چاتاقنى مەن تېرىپ قويغان بولسام ئۇ ئېھتىمال خۇش بولۇپ كېتەتتى.

تام مەيدانغا چىقىپ باللار بىلەن ئويۇنغا كىرىشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بېكىنىڭ ئىشىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى. بىراق، ئىككىنچى سائەتلىك دەرس باشلىنىشى بىلەنلا تام يەنە بېكى ئۈچۈن قايغۇرۇپ قالدى. ئۇ قىزلار تەرەپكە ئاستا قاراپ باقتى. بېكى ساراسىمىگە چۈشكەن ئىدى.

بېكى ھە دەپ ئۆزىنى ئەيىبلىمەكتە ئىدى:

— مۇئەللىم بىلىپ قالسا قانداق قىلارمەن؟ باللارنىڭ ھەممىسى مېنى ماختىشىدىغان تۇرسا، ئەگەر تاياققا قالسام بۇ يۈزۈمنى نەدە كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن؟ بايا نېمىشقىمۇ تامغا يالۋۇرمىغان بولغىيدىم؟ ئۇ چوقۇم ئامال تاپالايتتى. ھەي، بۇ دۆتلۈكۈمنى! ئۇنى تىللاپتىمەن، تېخى.

پۇشايماندىن قىينىلىپ كېتىۋاتقان بېكى بىر دەم ئويلانغاندىن كېيىن بىر قارارغا كەلدى:

— مەن يىرتمىدىم، دەپ تېنىۋالسام كىم بىرنېمە دېيەلەيتتى؟

دوبسىن ئەپەندى بىر پارچە ماقالىنىڭ ماۋزۇسىنى ئېيتىپ بەردى. باللارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ماقالىنى يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى. سىنىپ ئىچىدە پەقەت قەغەز ئۈستىدە يورغىلاۋاتقان قەلەمنىڭ شىرت- شىرت قىلغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. يازنىڭ كۈنى بولغاچقا، چۈشكە يېقىن سىنىپ ئىچى ناھايىتى دىمىق بولۇپ

كەتتى. مۇئەللىم قاتتىق بىرنى ئەسنىدى. دېمىسىمۇ بۇ خىل ھاۋا ئادەمنى مۈگدىتەتتى. مۇئەللىم ئىختىيارسىز تارتمىغا قولىنى ئۇزارتتى. نېمىشقىدۇ ئۇ تۇرۇپلا قالدى. بۇ چاغدا باشقا باللار بېرىلىپ ماقالە يېزىۋاتاتتى. پەقەت تام بىلەن بېكىنىڭ كۆزىلا مۇئەللىمدە ئىدى.

مۇئەللىم كىتابنى ئالدى. ئاپلا چاتاق بولدى، چاتاق!!

تام بېكىغا قارىدى، بېك بېشىنى تۆۋەن سالدى.

تام بايا بېكىغا ناھايىتى ھېسداشلىق قىلغان بولسىمۇ لېكىن دەماللىققا بىرەر ئەپچىل چارا تاپالمىغانىدى.

مۇئەللىم كىتابنىڭ ۋارىقىنى ئېچىپلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، باللارغا بىر قۇر قاراپ چىقتى.

— باللار، بۇ قىممەتلىك كىتابىمنى قايسىڭلار يىرتتىڭلار؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىم قاپاقلىرىنى تۈرۈپ.

باللار قەلەملىرىنى قويۇپ مۇئەللىمگە قارىدى. بىراق ھېچكىم ئېغىز ئاچمىدى.

— روجېس، سەن يىرتتىڭما؟

— مەن ئەمەس، مۇئەللىم!

— جۇخاپو سەنچۇ؟

— ياق مۇئەللىم، مەن ئۇ كىتابىڭىزغا تەگكىنىم يوق!

نۆۋەت ئايلىنىپ تامغا كەلدى.

— توماس سويېر، سەنغۇ دەيمەن؟

تام ئويلىنىپ قالدى. نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىم كېرەك؟ ئۇ ئاخىرى بېشىنى چايقىدى. — مەن ئەمەس، مۇئەللىم!

ئەمدى نۆۋەت قىزلارغا كەلدى.

— رۇلىس مىل، سىزمۇيا؟

قىز بېشىنى چايقىدى.

— سۇزى خاپو، سىز دەپ بېقىڭا؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇ قىزمۇ بېشىنى چايقىدى.

ئەمدىكى نۆۋەت بېكقا كېلىپ قالغانىدى. تام جىددىيلىشىپ كەتتى.

— بېك ساتچىر!

تام ئۇنىڭغا ئىتتىك قارىدى. بېكنىڭ چىرايلىرى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— بېك، سىز يىرتىپسىزدە ھە؟ نېمانداق بېشىڭىزنى كۆتۈرەلمەيسىز؟ قېنى، ماڭا قارىڭە!

دەل شۇ چاغدا چاقماق تېزلىكىدە كاللىسىغا بىر ئوي كەلگەن تام دەس ئورنىدىن تۇردى:

— مۇئەللىم، كىتابىڭىزنى مەن ئېھتىياتسىزلىقتىن يىرتىپ قويدۇم.

بۇنى ئاڭلىغان مۇئەللىمنىڭ ئىنتايىن ئاچچىقى كەلدى. ئۇ پالاقنى قولىغا ئالدى- دە تامنى ئۇرۇپ كەتتى. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن يەنە ئىككى سائەت ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويدى.

سىنىپتىكى باللارنىڭ ھەممىسى تامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىغا ھەيران قېلىشتى. بىراق بېك مىننەتدارلىق ۋە ھۆرمەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى تامغا تىكتى. "مۇشۇنىڭ ئۈچۈن يۈز قېتىم تاياق يېسەممۇ مەيلى!" دەپ ئويلىدى تام.

# ئۈچىنچى باب



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## سوت ئېچىلىشقا ئاز قالدى

يازلىق تەتىل يېقىنلىشىپ قالدى.

ئۇرغۇن ئويۇنلارنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ قويغان تام تەتىلنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. قىزىقتۇرۇشقاندەك تەتىل ئەمدىلا باشلىنىشىغا ئۇنىڭ پىلانلىرى بىراقلا يوققا چىقتى. چۈنكى تامغا قىزىل چىقىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

ئۇ بىر قېتىم ھامىسىنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىپ جىم ياتماي، ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ باللار بىلەن ئوينىۋىدى، كېسىلى ئېغىرلىشىپ يەنە ئۈچ ھەپتە يېتىپ قالدى. ئۆيدە مىدىرلىماي ياتقان ۋاقىت ئۇنىڭغا خۇددى بىر ئەسىردەك ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى.

دوختۇرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى ۋە ھامىسىنىڭ كۆيۈپ- پىشىپ ياخشى بېقىشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ كېسىلى ئاستا- ئاستا ياخشىلىنىپ قالدى. تام ئورنىدىن تۇرۇپ تالا- تۈزگە چىققۇدەك بولدى. بىراق، تالاغا چىقىپ قارىۋىدى بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا بىراقلا ئۆزگىرىپ كەتكەندەك بىلىندى. ھېلىقى دوستلىرىدىن بىرەرسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئاندا- ساندا ئۇچراپ قالغانلىرى بولسا ئورۇقلاپ بىر تىرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، چىرايلىرى تامدەك تاتىراڭغۇ ئىدى.

ئەسلىدە بۇ ياز قىزىل تاراپ كېتىپ، باللارنىڭ ھەممىسى ئاغرىغان ئىدى. ھەتتا جوخاپو بىلەن خاكمۇ ساك قالمىدى. دېمەك بۇ قېتىمقى يازلىق تەتىل ھەقىقەتەن نەس باسقان تەتىل بولدى.

تەتىل تۈگەشكە ئاز قالغاندا، پوتېرنىڭ قاتىللىق دېلوسى سوت قىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش شۇ بازاردىكى مۇھىم پاراڭ تېمىسىغا ئايلاندى.

تام ئۇنىڭسىزمۇ بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيۋاتاتتى. ھەر قېتىم باشقىلارنىڭ بۇ قاتىللىق ھەققىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلىغىنىدا تامنىڭ ۋىجدانى چىدىغۇسىز

ئازابلىنىپ ئۇلتۇرالماي قالاتتى. تام پەقەت جېكسون ئارىلىدا دېڭىز قاراقچىسى بولغان قىسقىغىنا بىر ھەپتە، ئويۇن بىلەن بولۇپ قەبرىستانلىقتا كۆرگەن ھېلىقى ئىشنى ئېسىدىن ۋاقىتىنچە چىقىرىۋېتەلىدى. شۇنىڭ ئالدىدا ئاشۇ ئىش كېچە-كۈندۈز يادىغا كېلىۋېلىپ ئىنتايىن بىئارام بولغان ئىدى. ئۆيدىن تويۇقسىز چىقىپ كېتىشىنىڭ بىر سەۋەبىمۇ دەل شۇ ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ خاكنى بىر خالىي جايغا تارتىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقتى.

— خاك، ھېلىقى ئىشنى بىرسىگە دەۋەتتىڭمۇ دەيمەن؟

— قايسى ئىشنى؟

— ھېلىقى ئىشچۇ! بىلىپ تۇرۇپ خۇپسەنلىك قىلىۋاتقىنىڭنى قارا!

— ھە توغرا! ئەلۋەتتە دېمەيمەن- دە!

— ئىنىس- جىنغا تىنمىدىم. ئىشەنمىسەڭ قەسەم قىلىپ بېرەي. ۋۇي، سەن نېمىشقا مەندىن گۇمان قىلىسەن؟

— گۇمان قىلغىنىم يوق، ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن.

خاكنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولغان تام بىردەم تۇرۇۋېلىپ يەنە سورىدى:

— بىراق خاك، ئەگەر بازاردىكىلەر سەندىن گەپ ئېلىپ قالسا قانداق قىلىسەن؟

— گەپ ئېلىپ قالسا؟ چاقچاق قىلما! دەپ قويۇشقا كاللام ئونمۇ مېنىڭ؟ ئىنجانجونىڭ كاللامنى ئېلىشىدىن قورقمامدىمەن؟

— بۇ گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولدۇم. بىز پەقەت ئېغىز ئاچمىساقلا چاتاق چىقمايدۇ. بىراق، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز باشقىدىن قەسەم قىلايلى، تېخىمۇ ئىشەنچلىكرەك بولسۇن.

— بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار قەسەمنامىنى باشقىدىن يازدى.

— خاك، خەقلەرنىڭ نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

— يەنە شۇ "ماف پوتېر ئۇنداق ئەسكى، مۇنداق يامان" دېگەن گەپلەر

www.uyghurkitap.com

بولمامدۇ. ھازىر خەقلەرنىڭ ماف پوتى ھەققىدە دېيىشىۋاتقان گېپىنى ئاڭلىساملا تەنلىرىم تىكەنلىشىدىغان بولۇپ قالدى.

— مەنمۇ شۇ. ماف پوتى ئېھتىمال ئەمدى تۈگەشتى. خاك، ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ؟

— ئەلۋەتتە ئىچىم ئاغرىيدۇ. باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى لۈكچەك دېيىشىدىكەن. بىراق مېنىڭچە ئۇ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئۇنداق يامان ئىشنى قىلىپ باقمىغان. بېلىق تۇتۇپ تاپقان پۇلىغا ئانچە- مۇنچە ئىچىپ قويىدۇ، بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەردە لاغايلاپ يۈرىدۇ، شۇ. بىراق، ئۇنداق ئادەملەر ئازمۇ؟ راستىنى دېسەم بىزمۇ شۇ خىلغا كىرىمىزغۇ! شۇنداقمۇ تام؟ مېنىڭچە ئۇنىڭ كۆڭلى ياخشى جۇمۇ! گاھىدا مەن بېلىق تۇتالمىسام، ئۇ ئۆزى تۇتقان بېلىقنىڭ يېرىمىنى ماڭا بۆلۈپ بەرگەنتى تېخى.

— خاك، ئۇنى دېسەكقۇ ئۇ تېخى ماڭا لەگلەك، قارماقلارنى ياساپ بەرگەن. بىز ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقىپ قاچۇرۇۋېتەلمەسمىزمۇ؟

— ھەي، بولمايدۇ جۇمۇ تام، ئۇنداق چوڭ ئىش قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. ئۇنى راستىنلا قۇتقۇزۇپ چىقىپ قاچۇرىۋەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇنى يەنە تۇتۇۋالىدۇ.

— راست دېدىڭ. تۈرمىدىن بوشىنىپ چىقسىمۇ نەگە قاچىدۇ؟ بىراق گۇناھسىز بىر ئادەم ئالۋاستىدەك قارىلىنىپ كەتسە، يۈرىكىم پەقەت چىدىمايدىكەن، خاك!

— شۇ ئەمەسمۇ. خەقلەر تېخى ئۇنى "ماف پوتىنىڭ سىياقىمۇ قاتىلنىڭ ئۆزى، بالدۇرراق دارغا ئاسسا بولاتتى" دېيىشىۋاتىدۇ. سوتتا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنمىسىمۇ، خەقلەر ئۇنى چالما- كېسەك قىلىۋېتەرمىكىن.

— قارىغاندا ئۇلارنى قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

ئىككى بالا ئۇزاق مۇڭداشتى. بىراق گۇڭۇر- مۇڭۇر پاراڭ كۆڭۈل غەشلىكىنى تۈگىتەلمىگەن ئىدى.

قاش قارايغان چاغ ئىدى. تام بىلەن خاك تۈرمىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇلارچە بولغاندا ماف پوتىنى قۇتقۇزۇپ چىقىش ئەمدى ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى، پەقەت تەڭرىنىڭ سېھرىي كۈچىگە سېغىنماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. بىراق ئۇلار بۇ بىچارىنى قۇتقۇزۇشقا كەلگەن بىرەر پەرىشتە ياكى ئەۋلىيانىڭ قارىسىنىمۇ كۆرۈپ باقمىدى.

# بىچارە ماف پوتتېر

ئۇزۇن ئۆتمەي، تام بىلەن خاك تۈرمىنىڭ تۆمۈر رىشاتكىلىق پەنجىرىسى ئالدىدا يەنە پەيدا بولۇپ قالدى.

ماف پوتتېرنىڭ جىنايىتى ئېغىر بولغاچقا ئايرىم كامىرغا سولاقلىق ئىدى. تام بىلەن خاك ئېلىگىرىمۇ گۈندىپاي يوق چاغدا بۇ يەرگە بىر قانچە قېتىم كەلگەنىدى. بۇ قېتىممۇ ئېلىگىرىكىگە ئوخشاش ماف پوتتېرغا تاماكا، سەرەڭگە ئالغاچ كەلدى.

ماف پوتتېر ھەر قېتىم بالىلار ئەكەلگەن نەرسىلەرنى قولىغا ئالغىنىدا، يىغلاپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتاتتى. بىراق ئۇنىڭ بۇ خىل ھالىتى بالىلارنىڭ يۈرىكىدىكى يارىنى تېخىمۇ تاتىلايتتى. مانا، ئۇنىڭ ئۆلۈمى يېقىنلىشىپ قالدى. بۇ ئېھتىمال ئۇلارنىڭ ئاخىرقى يۈز كۆرۈشۈشى بولۇپ قالار. بۇلارنى ئويلىغان تام بىلەن خاكنىڭ يۈرەكلىرى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى.

ماف پوتتېرنىڭ تۈرمىگە سولانغىنىغا ئۇزۇن بولغاچقا چاچ- ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەنىدى، ئۆزى ناھايىتى زەئىپ كۆرۈنەتتى. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بىر جۈپ كۆزى نۇرسىز پىلدىرلايتتى.

— رەھمەت بالىلىرىم، — دېدى ھالسىراپ كەتكەن ماف پوتتېر ناھايىتى تەستە، — ماڭا ئىنتايىن ياخشى قارىدىڭلار، بازاردىكى ھېچكىم بۇنداق قىلالمايدۇ. سىلەرنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن. مەن بۇ قاراڭغۇ زىنداندا ھەر كۈنى ئۇزۇمگە ئۆزۈم سۆزلەپ كېتىمەن: مەن بازاردىكى بالىلارغا لەگلەك ياساپ بەرگەن، بېلىق تۇتۇشقا ئەپلىك جايلارنى كۆرسىتىپ قويغان. مانا بۈگۈن بېشىمغا كۈن چۈشىۋىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى ئۇنتۇتتى.پەقەت تام بىلەن خاكنىڭلا ئېسىدە مەن بار. شۇڭا مەن سىلەرنى ئۇنتۇيالمايمەن، بالىلىرىم.ئىككى بالا ھاياجاندىن يىغلىۋەتتى.

— ھەي، بۇ گەپلەرنى دەپ نېمىمۇ قىلارمەن كۆڭلۈڭلارنى بۇزۇپ. بىراق باللىرىم قۇلۇقۇڭلاردىن قۇلۇقۇڭلارغا بولسۇن، چوڭ بولغاندا ھەرگىز ھاراق ئىچمەڭلار. ھاراقنىڭ كەيپى بىلەن ئادەم ئاسانلا خاتا ئىشلارنى قىلىپ قويىدىكەن. ھاراق دېگەن ئاشۇ نىجىسنى ئىچمىگەن بولسام، ھەرگىز بۇ تۇقۇناق بالاغا قالمىغان بولاتتىم. سىلەر بولساڭلارمۇ ماڭا ئىشىنىڭلا باللىرىم، مەن قەستەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم.

— بىز ئىشىنىمىز، ھەتتا پەرۋەردىگارمۇ ئىشىنىدۇ، سىز خاتىرجەم بولۇڭ.

تام بىلەن خاك بۇ گەپلەرنى دېگەندە تاراملاپ ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى.

— بۇ گېپىڭلاردىن بەك خۇشال بولدۇم. مەن ھەر قېتىم ھاراق ئىچسەم ھېچنېمىنى ئۇقماي قالىمەن. ھەتتا ھازىرمۇ شۇ كۈنى قىلغان ئىشىمنى قەتئىي ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن. بىراق، ھەرقانچە قاقشىسامۇ بەرىبىر. ئىشقىلىپ ئادەمنى مەن ئۆلتۈرگەن ئوخشايمەن. ئەمدى دارغا ئېسىلىشىم تۇرغان گەپ.

— ياق ماف تاغا، بۇ قەستەن قىلغان ئىش بولمىسا، ئېھتىمال ئۆلتۈرمەسمىكىن...

— ياق، ياق، ياخشى كۆڭلۈڭلار ماڭا چۈشىنىشلىك، باللىرىم. بىراق ماڭا ھەرگىز رەھىم قىلمايدۇ. ئىشقىلىپ مەن يېقىندىن بېرى ئويلاپ يەتتىم. نومۇسقا قېلىپ ياشىغاندىن كۆرە ئۆلۈپلا تۈگەشكەن ياخشى. بىچارە ماف پوتېرنىڭ ھەممىگە كۆزى يەتكەنىدى. بىراق تام بىلەن خاكنىڭ ۋىجدان ئازابى تېخىمۇ كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى. چۈنكى "بىز دوختۇرنى ماف پوتېرنىڭ ئۆلتۈرمىگەنلىكىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن" دەپ گۇۋاھلىق بەرسىلا ئۇنىڭ قۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى بالىلار ئوبدان بىلەتتى.

تام بىلەن خاك ئۆزلىرىنىڭ ئىنتايىن قورقۇنچاق ۋە ساداقەتسىز ئىكەنلىكىدىن ئىنتايىن خىجىل بولىۋاتاتتى. بىراق ئۇلار بۇ ئىشنى ئىنسانغا تىنمايدىغانلىقى ھەققىدە قايتا-قايتا قەسەم ئىچىشكەن.

— باللىرىم يېقىنراق كېلىڭلارچۇ، چىرايىڭلارنى ئېنىقراق كۆرۈۋالاي! ھە

بولدى مۇشۇنداق... مۇشۇنداق... سولاقتىكى ئادەم ئۆزىگە يېقىملىق ھەم تونۇش چىرايىنى كۆرسە بەك خۇشال بولۇپ كېتىدىكەن. بىر- بىرىڭلارنىڭ دۈمبىسىگە چىقىپ تۇرۇپ قاراڭلارچۇ، بالىلىرىم. مەن يۈزۈڭلارنى سىلىۋالاي، ھە



مۇشۇنداق. بىر قول ئىلىشقۇالايلى. مېنىڭ بىلىدىغىنىم بىر تاشتىن توم، رىشاتكىنىڭ ئارىلىقىدىن سىغمايدىكەن. سىلەر قولۇڭلارنى ئۇزىتىڭلار. ياھ، نېمە دېگەن كىچىك، ئوماق قول بۇ! بىراق بۇ قول مەندەك جىنايەتچىگە تاغدەك ياردەم قىلالىدى. سىلەرگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت باللار!

تام بىلەن خاك ئۆيلىرىگە ئىنتايىن سولغۇن يېنىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ياشلىرى تېخى قۇرىمىغانىدى. شۇ كۈنى كېچىچە ئۇلارنى قارا بېسىپ چىقتى.

ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۈنلىرىمۇ تام سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىن كېتەلمىدى. ئۇ يوگوروپ كىرىپلا ھەقىقى ئەھۋالنى ئېيتىۋېتىشكە بىر قانچە قېتىم تەمشەلدى. بىراق جۈرئەت قىلالمىدى. تام سوت مەھكىمىسىدىن قايتىپ چىققۇاتقان كىشىلەرنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سېلىپ باقتى. ئۇلارنىڭ گېپىگە قارىغاندا ئەھۋال ماف پوتېرغا پايدىسىزدەك قىلاتتى.

ماف پوتېرنىڭ كۈنلىرى ئاز قېلىۋاتاتتى. ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن بازاردا "ئىنجان جونىڭ گۇۋاھلىق سۆزلىرىگە سۇ كىرمەسىمىش، زاسىداتىللارنىڭ قانداق ھۆكۈم قىلىدىغانلىقى بىلىنىپلا تۇرارمىش" دېگەن گەپلەر تارقالدى.

# كۆتۈلمىگەن گۇۋاھچى

شۇ كۈنى سىرتتا ناھايىتى ئۇزاق ئايلىنىپ يۈرگەن تام يېرىم كېچە بىلەن دېرىزىدىن غىيپىدە كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. بىراق كېچىچە ئۇ ياقتىن بۇياققا ئۆرۈلۈپ زادى ئۇخلىيالمىدى.

تاڭ ئاتتى. بۈگۈن ماف پوتېرنىڭ تونى پىچىلىدىغان كۈن ئىدى. شۇڭا كىشىلەر قاق سەھەردىلا سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى. سوتنى سىرتتىن ئاڭلىغۇچىلار ئولتۇرىدىغان ئورۇن ئاللىقاچان توشۇپ بولغان ئىدى.

خېلى ئۇزۇندىن كېيىن زاسېداتېل ئەمەلدارلار كىرىپ كېلىپ ئۆز ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشتى. ئاندىن قولىغا كويزا سېلىنغان ماف پوتې سوتقا يالاپ ئېلىپ كىرىلدى. ماف پوتېرنىڭ چىرايى تامدەك تاتارغان، ئۆزى ناھايىتى سولغۇن ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قورقۇنچ ۋە ئىلاجسىزلىق ئالامەتلىرى چىقىپلا تۇراتتى. سوتنى بىرتتىن ئاڭلىغۇچىلار ئۇنىڭغا قىزىقسىنىپ قاراشتى. ئۇلار گۇۋاھچى ئورنىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىغەم ئولتۇرغان ئىنجان جوغىمۇ سەپسېلىپ قارىشاتتى.

بىردەمدىن كېيىن سودىيە كىرىپ كەلدى. ئۇ سوتنىڭ باشلانغانلىقىنى ناھايىتى سۈرلۈك جاكارلاپ تەپتىش ئەمەلدارى بىلەن ئادۋوكاتلارنى بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ۋە ئالدىدىكى ھۆججەتلەرنى ئۆرۈپ- چۆرۈپ كۆرۈشكە باشلىدى. كۆپچىلىك سوراقنىڭ پاتراق باشلىنىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

بىر نەپەر گۇۋاھچى گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرىلدى. ئۇ بۇ قانلىق دېلو يۈز بەرگەن شۇ كۈنى ماف پوتېرنىڭ قاق سەھەردە دەريادا پۇت-قولىنى يۇيۇۋاتقانلىقى، ئاندىن ئاشۇ گۇۋاھچىنى كۆرۈپلا غىيپىدە تىكىۋەتكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئارقىدىن تەپتىش ئەمەلدارى جاۋابكارنىڭ ئادۋوكاتىدىن سورىدى:

— گۇۋاھچى ئۇتتۇرىغا قويغان گۇۋاھلىق سۆزىدە گۇمانلىق دەپ قارايدىغان نۇقتىلار بولسا بۇنى سورىسىڭىز بولىدۇ.

جاۋابكار ماف پوتېر ئادۋوكاتىغا تەلمۈرۈپ قارىدى.

— سوئالىم يوق، ئەپەندىم، — دېدى ئادۋوكات كېسىپلا.

ئۈمىدسىزلەنگەن ماف پوتېر كۆزىنى يۇمدى.

ئىككىنچى بىر گۇۋاھچى جەسەتنىڭ يېنىدىن قاتىل ئىشلەتكەن پىچاقنىڭ بايقالغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. تەپتىش ئەمەلدارى ماف پوتېرنىڭ ئادۋوكاتىدىن يەنە سورىدى:

— گۇۋاھچىدىن سورايدىغان سوئالىڭىز بارمۇ؟

ئادۋوكات يەنە بايىقىدەك ناھايىتى خاتىرجەم تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— سوئالىم يوق، ئەپەندىم.

ئۈچىنچى قېتىم سەھنىگە چىققان گۇۋاھچى ھېلىقى پىچاقنىڭ دەل ماف پوتېرنىڭ ئىكەنلىكى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەردى. جاۋابكارنىڭ ئادۋوكاتى بايىقى "سوئالىم يوق" دېگەن سوزىنى يەنە تەكرارلىدى. بۇنىڭ بىلەن سوتنى ياندىن ئاڭلىغۇچىلار ھاڭ-تاڭ قېلىشتى. ئەسلىدە بۇ ئادۋوكات جاۋابكارنى ئاقلىشى كېرەك ئىدى. بىراق ئۇ خۇددى خوپ بولىدى، دېگەندەك بىپەرۋالىق قىلىۋاتاتتى.

ئارقىدىن يەنە بىرقانچە گۇۋاھچى چىقىپ، قاتىللىق مەيدانىدا قالدۇرۇلغان ماف پوتېرنىڭ قاتىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يىپ ئۇچلىرىنى كۆرسەتتى.

بۇ ئىسپاتلارنىڭ ھەممىسى ماف پوتېرغا ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئادۋوكاتى لام-جىم دېمەي ئولتۇرىۋەردى. بۇنىڭ بىلەن گۇۋاھچىلار چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇلدى.

ياندىن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ نارازىلىق سادالىرى زال ئىچىنى بىر ئالدى. سودىيە قولىدىكى ياغاچ بولقا بىلەن ئۈستەلگە ئۇرۇپ تۇرۇپ "تىنچ، تىنچ" دەپ ۋارقىرايتتى.

بىراق، جاۋابكارنىڭ ئادۋوكاتى جاۋابكارنى ئاقلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ بىلەن تەپتىش ئەمەلدارى ئۇنىڭ قىلىپ دېدى:

— گۇۋاھچىلارنىڭ ئىسپاتىدا ھېچقانداق گۇمانلىق نۇقتىلار بولمىسا، مەزكۇر جىنايى قىلمىشنى ماف پوتېر سادىر قىلغان، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

بىچارە ماف پوتېر ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى تۇتقىنىچە ھۆكرەپ كەتتى.

بۇنىڭ بىلەن ئاجايىپ سۈرلۈك تىمتاسلىق زال ئىچىنى بىر ئالدى. دەل شۇ چاغدا جاۋابكارنىڭ ئادۋوكاتى سودىيەگە تۇيۇقسىز ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— سودىيە ئەپەندىم، مەزكۇر دېلو دەسلەپتە سوراق قىلىنغان چاغدىكى ئاقلاش ئىلتىماسىمدا "جاۋابكار ھاراق ئىچىپ خۇدىنى يوقاتقاندىن كېيىن، مەزكۇر قاتىللىقنى سادىر قىلغان" دېگەن پىكرنى بايان قىلغان ئىدىم. بىراق ھازىر ئۇ نىيىتىمدىن ياندىم. شۇڭا ئاشۇ ئىلتىماسىمنى قايتۇرىۋالماقچىمەن.

ئارقىدىنلا ئۇ سوت كاتىپىغا قاراپ دېدى:

— توماس سويېر سوتقا كىرىپ گۇۋاھلىق بەرسۇن!

ھەممەيلەن بۇ كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىشتىن ھەيرانۇ ھەس قېلىشتى. ماف پوتېر تېخىمۇ ھەيران قالدى.

تام گۇۋاھچى ئورنىغا چىققاندا، سوتتىكى ھەممىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئادەتتە ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان تام نېمىشقىدۇر مانا ھازىر تەمتىرەپ قېلىۋاتاتتى.

تام باشقىلارغا ئوخشاش ئالدى بىلەن قەسەم قىلدى. ئاندىن جاۋابكارنىڭ ئادۋوكاتى ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا باشلىدى:

— توماس سويېر، 6- ئاينىڭ 17- كۈنى كەچ سائەت 12 ئەتراپىدا سىز نەدە ئىدىڭىز؟

تام ئىنجان جونىڭ تەلەتىگە شۇنداق قارىدى-دە، تەنلىرى شۈركۈنۈپ تىلى تۇتۇلۇپلا قالدى. كىشىلەر قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ تامغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. بىراق تامنىڭ تىلى گەپكە كەلمەيۋاتاتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ قىينىلىپ ناھايىتى تەستە ئېغىز ئاچتى. بىراق ئۇنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
سەھنىدە ئولتۇرغان بىرقانچە كىشىلا ئاڭلىيالايتتى.

— مەن قەبرىستانلىقتا ئىدىم.

— ھودۇقماي ئۇنلۇكرەك سۆزلەڭ، سىز نەدە ئىدىڭىز؟

— قەبرىستانلىقتا ئىدىم.

بۇنى ئاڭلىغان ئىنجانجوننىڭ قاپاقلىرى سەل- پەل تورۇلدى. بىراق شۇھامان يەنە خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۆلۈمسىرەپ ئولتۇرۇۋەردى.

— سىز خوس ۋىليامىس دەپنە قىلىنغان قەبرىنىڭ يېنىدىمىدىڭىز؟

— شۇنداق، ئادۋوكات ئەپەندىم.

— يەنە ئۈنلۈكرەك سۆزلەڭ، سىز بىلەن قەبرىنىڭ ئارىلىقى زادى قانچىلىك كېلەتتى؟

— ئىككىيلەننىڭ ھازىرقى ئارىلىقىچىلىك كېلەرمىكىن.

— ئۇنداقتا سىز مۆكۈپ تۇرغانمۇ؟

—شۇنداق ئەپەندىم.

— نەگە مۆككەن؟

— قەبرىنىڭ يېنىدىكى قارىياغاچنىڭ ئارقىسىغا.

بۇنى ئاڭلىغان ئىنجان جو سەل ئەندىككەندەك بولدى. بىراق بۇنى ھېچكىم سەزمىگەن ئىدى.

— سىز كىم بىلەن بىللە ئىدىڭىز؟

— مەن...، مەن... - خاكنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان تام سەل دۇدۇقلىدى.

— ئالدىرىماڭ، توختاپ تۇرۇڭ. ئۇنىڭ ئىسمىنى ھازىرچە ئاشكارىلىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇنى چاقىرتىمىز. ئۇنداقتا، سىز قەبرىستانلىققا بارغاندا قولىڭىزدا نېمە بار ئىدى؟

تام سەل ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن ئىدى.



— بالام، قورقماي سۆزلەۋېرىڭ، راست گەپ قىلىڭ. ھەممىدىن مۇھىمى راستچىللىق.

— قولۇمدا... قولۇمدا... بىر دانە ئۆلۈك مۈشۈك بار ئىدى.

زالدىكىلەر پاراققىدە كۈلۈۋېتىشتى، سودىيە يەنە ھېلىقى ئۇسۇلى بويىچە كىشىلەرنى تىنچلاندۇردى.

— بىز ئاشۇ مۈشۈكنىڭ ئۆلۈكىنى ئىسپات سۈپىتىدە كۆپچىلىككە كۆرسىتىمىز. ھازىر سىز، ئاشۇ چاغدا يۈز بەرگەن ئىشنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلى سۆزلەپ بېرىڭ. قورقماي راست گەپ قىلىڭ!

تام كۆرگەنلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ باشتا ھودۇقۇپ سەل- پەل دۇدۇقلىدى، كېيىن بارغانسېرى شۇنداق راۋان سۆزلىدى. زال ئىچى قايتىدىن جىمىپ كەتتى. بۇ گۇۋاھچىنىڭ بايانىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن ھەممەيلەن كۆزلىرىنى تامغا تىككىنىچە تىمتاس ئولتۇراتتى.

تامنىڭ بايانى ئاشۇ پاجىئەنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكىگە ئۆتكەندە زالدىكى جىددىيلىك ئەۋجىگە چىقتى.

— ... دوختۇر قولىدىكى كرېست بىلەن ماف پوتېرنى ئۇرۇپ ئايلاندۇرىۋەتتى. دەل شۇ چاغدا ئىنجان جو ھېلىقى پىچاقنى يەردىن ئېلىپلا دوختۇرغا تىقىۋەتتى...

بۇنى ئاڭلىغان ئىنجان جو پالاق- پۇلۇقلا قىلدى- دە، دېرىزىدىن تالاغا ئۆزىنى ئاتتى. كىشىلەر ئىنجان جونى تۇتۇۋېلىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ بولغۇچە، ئۇ ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

## ئەندىشە

ئوچۇق سوت ئېچىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، تام ماف پوتېرنىڭ ئادۋوكاتىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ھەممىنى ئۇنىڭغا ئېيتقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ماف پوتې ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى.

بۇنىڭ بىلەن تامنىڭ قەھرىمانلىقى يەنە بىر قېتىم پۇر كەتتى. ئەتىسى گېزىتنىڭ بېشىغا بۇ خەۋەر بېسىلدى. خەۋەردە تامنىڭ ئىسمى قارا خەت بىلەن ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ھەققانىيەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇلغان ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن تام كۈندۈزلىرى ئۆز شۆھرىتىدىن مەمنۇن بولۇپ خۇشال-خۇرام يۈرسە، قاراڭغۇ چۈشكەن ھامان ئەنسىزلىك ئىچىدە قالاتتى. چۈنكى ئۇ ھەر كۈنى كېچىسى ئىنجان جونى چۈشەيتتى. ئىنجان جونىڭ ياۋۇز كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلىپلا تۇراتتى. شۇڭا تام كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ھەرقانچە قىزىقارلىق ئويۇن بولسىمۇ بوسۇغا ئاتلاپ تالاغا چىقمايدىغان بولۇپ كەتتى.

بىر كۈنى خاك تامنى ھېلىقى قەسەمگە ئەمەل قىلمىدىڭ، دەپ ئەيىبلەپ كەتتى.

— تام، شۇندىن كېيىن مەن ئادەمگە ئىشەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم، — دېدى خاك.

— ماڭا دوق قىلىۋەرمە خاك، گۇناھسىز بىر ئادەمنىڭ بىكاردىن بىكار ئۆلۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرساق بولامدۇ؟ مېنىڭچە، ئاشۇ ئىشنى ئاشكارىلاپ ياخشى قىلدۇق، كۆڭلۈممۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ماف پوتېرمۇ بىزدىن شۇنچىلىك مىننەتدار بولۇپ كەتتىغۇ!

— ئۇغۇ راست. بىراق سەن جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ، تام؟ ھېلىقى ئىنجان جو دېگەن ئەبلەخ بىزنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ، جۇمۇ. مۇشۇنى ئويلىساملا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر تور ئادرېسى

قورقۇپ جالاقلاپ كېتىمەن.

— سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بەرگەن ئادەم مەن تۇرسام، سەن نېمىگە قورقاتتىڭ؟ ئىنجان جو سېنى ئۇقمايدۇ.

— بىراق، ھېلىقى كۈنى كەچتە سەن ھەممىنى ئادۋوكاتقا دېگەن تۇرساڭ، مېنىڭ ئىسمىم ئىنجان جونىڭ قۇلىقىغا يەتمەي قالامدۇ!

— چاتاق يوق، مەن ئادۋوكاتقا خاكنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلىماڭ، دەپ تاپىلىدىم.

— ئۇنىڭغىمۇ بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. تام، سەن زادى ئەنسىرىمەيۋاتامسەن؟

— نەدىكىنى! كۈندۈزلىرى خېلى ياخشى، دېگىنە. بىراق شۇنداقلا قاراڭغۇ چۈشسە دەككە- دۈككىدە قالىمەن. ئۇنى ئاشكارىلىمىغان بولساققۇ ئەلۋەتتە خاتىرجەم يۈرەتتۇق.

— ئىشقىلىپ ئىنجان جو قولغا چۈشۈشتىن بۇرۇن بىزگە خاتىرجەملىك يوق. ئىچىم بەك سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ، جۇمۇ! — دېدى خاك تامغا.

— خاتىرجەم بول، ئۇ چوقۇم قولغا چۈشىدۇ.

— تام، ئىنجان جونىڭ چوقۇم قولغا چۈشۈدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟

— شۇنداق بولارمىكىن، دەيمىنا!

— ئويلىمامسەن، ئۇ بىر پىچاق بىلەنلا دوختۇرنىڭ جېنىنى ئالدى، نېمە دېگەن قەبىھ! ئەگەر ئۇ بىزنى جايلىۋەتمەكچى بولسا، پىچاق تىقىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ كۆتەكتەك بىلەكلىرىنى كۆرگەنسەن؟ بىزنى خۇددى چۈجىنى بوغقاندەك بوغۇپلا ئۆلتۈرىۋېتىدۇ.

— ئادەمنى قورقۇتىدىغان بۇنداق گەپلەرنى قىلمىساڭچۇ، خاك! ئىشنى يامىنىغىلا ئويلاۋەرمەيلى.

— ھېچكىمنىڭ ئىشنى يامىنىغا ئويلىغۇسى يوق. ئىشقىلىپ، ئىنجان جو دارغا ئېسىلىشتىن بۇرۇن بىز ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتكىنىمىز ئۆتكەن.

ئەمەلىيەتتە ساقچى تەرەپ ئىنجان جونى قوغلاپ تۇتۇشقا كىرىشىپ كەتكەن ھەم ئۇنى تۇتۇش ھەققىدە ئېلانمۇ چىقىرىپ بولغان ئىدى. بىراق، تا ھازىرغىچە ئىنجان جونىڭ دېرىكى بولمايۋاتاتتى.

ۋاقىت ئۇزارغانسېرى قاتىلنى تۇتۇش ئىشىمۇ بوشاپ قالدى، بازاردىكىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى تالاش- تارتىشلىرىمۇ پەسكويغا چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆز ۋاقتىدا ھەممىنى لەرزىگە سالغان بۇ دېلومۇ قىزىقىنى يوقاتتى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ئىككى بالىنىڭ ئەندىشىسىمۇ تەدرىجىي يوقالدى.

# بىزمۇ گۆھەر تاپالىساق!

ئامېرىكىدا ”دېڭىز قاراقچىلىرى ئالتۇن- كۈمۈشلىرىنى خالىغان يەرگە كۆمۈپ قويارمىش“ دېگەن ھېكايە خېلى بۇرۇنلا تارقالغان ئىدى.

تەۋەككۈلچىلىككە قىزىقىدىغان بالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىر يەرلەرگە بېرىپ، ئاشۇ ئالتۇن- كۈمۈشلەرنى قېزىۋېلىشنى ئۇتتەك ئارزۇ قىلىشاتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ خىل ئارزۇ تامنىڭ يۈرەكلىرىنى تېپىرلاتقىلى تۇردى. تام دەرھال جۇخاپونىڭ يېنىغا باردى، بىراق ئۇ يوق ئىدى. تام يەنە بېن روجېسنى ئىزدەپ باردى، قېرىشقاندەك ئۇمۇ بېلىق تۇتقىلى كەتكەن ئىدى.

بۇنىڭدىن كۆڭلى غەش بولغان تام ئۆيگە كېلىۋېتىپ، قان ئىچەر ئىبلىس — خاكنى ئۇچرىتىپ قالدى. تام خاكنى بىر چەتكە تارتىپ ئويلىغانلىرىنى ئۇنىڭغا دېدۈيدى، زېرىكىپ قىلىدىغانغا ئىش تاپالمايۋاتقان خاك ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى:

— ۋاھ، بەك ياخشى بولدى، بىراق نەگە بېرىپ قازىمىز؟

— نەدىلا بولسا بولىۋېرىدۇ.

— ھەي، ئۇنداق بولسا ھەممىلا يەرگە ئالتۇن- كۈمۈش كۆمۈلگەنمۇ؟

— ئۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. بۇنداق بايلىقلار ئادەتتە پەۋقۇلئاددە جايلارغا يوشۇرۇپ قويۇلغان بولىدۇ. مەسىلەن، بەزىلىرى ئاراللاردىكى غار تاشلارنىڭ تېگىگە، بەزىلىرى قاقشال دەرەخلەرنىڭ تۈۋىگە، يەنە بەزىلىرى كەچ سائەت ئۇن ئىككىدە ئاي نۇرى چۈشىدىغان تەسكەي تەرەپلەرگە، كۆپىنچىلىرى جىن ئۇۋىلايدىغان ئەسكى ئۆيلەردىكى پولنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ قويۇلىدۇ.

— بۇنداق بايلىقلارنى كىم كۆمۈپ قويغان؟

— ئەلۋەتتە دېڭىز قاراقچىلىرى بولماي، يەكشەنبىلىك مەكتەپنىڭ مۇدىرى كۆمۈپ قويامتى ئەمسە؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— شۇنچىۋالا بايلىقنى كۆمۈپ قويۇپ نېمە جاپا! مەن بولغان بولسام ئۇنداق ئالتۇن- كۈمۈشنى راسا خەجلەپ، بايۇەچچىلەردەك ياشىغان بولاتتىم.

— مەنمۇ شۇنداق قىلاتتىم. بىراق دېڭىز قاراقچىلىرى ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار ئۇنچىۋالا جىق دۇنيانى بىراقلا ئاشكارىلاپ باشقىلارنى گۇمانلاندۇرۇپ قويۇشتىن قورقىدۇ.

— ئۇلار نېمىشقا كۆمۈپ قويغان ئالتۇن- كۈمۈشلىرىنى كېيىن كېلىپ ئەكەتمەيدۇ، ئەمىسە؟

— ئەلۋەتتە، ئەكەتكۈسى بار. لېكىن بەزىلىرى كۆمگەن يېرىنى تاپالمايدۇ، بەزىلىرى ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. شۇڭا ئۇ بايلىقلار مەڭگۈ ئاشۇ يەردە تۇرىدۇ. كېيىن بەزىلەر ئاشۇ ئالتۇن- كۈمۈشلەرنىڭ كۆمۈلگەن ئورنى بەلگە قىلىنغان كونا قەغەزلەرنى تېپىۋالىدۇ. بىراق بۇنداق قەغەزگە مەخپىي نومۇر ۋە تەسۋىرىي يېزىق خاتىرىلەنگەن بولغاچقا، ئۇنى بىرەر ھەپتىدە ئاران ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولىدۇ.

— تەسۋىرىي يېزىق دېگىنىڭ نېمە ئۇ؟

— دېمەكچى بولغان مەزمۇننى خىلمۇ خىل شەكىل ۋە بەلگىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان يېزىق.

— تام، سەندە ئاشۇنداق يېزىقتا يېزىلغان قەغەز بارمۇ؟

— يوق.

— ئۇنداق بولسا، ئالتۇن- كۈمۈش كۆمۈلگەن يەرنىڭ بەلگىسىنى نەدىن تاپىسەن؟

— ئۇنداق بەلگە بولمىسىمۇ بولىدۇ. دېڭىز قاراقچىلىرى بايلىقلىرىنى ئالاھىدە بىرەك يەرلەرگە كۆمىدۇ. دېدىمغۇ، ئۇلارنىڭ ئالتۇن- كۈمۈشلىرى يا ئاراللاردىكى غارلارنىڭ ئىچىدە، يا جىن ئۇۋىلايدىغان ئەسكى ئۆيلەردە، يا بولمىسا قاقشال دەرەخلەرنىڭ تۈۋىدە، شۇ. بىز جېكسون ئارىلىدا بىر قېتىم ئىزدەپ باقتۇققۇ؟ يەنە بىر-بىر ئىزدىسەك بولىدۇ. دەريانىڭ باش تەرىپىدە ھېلىقى ئالۋاستى ئۆگكۈرى بار. ئۇ يەردە يەنە قاقشال دەرەخلەرمۇ بار. شۇ يەرلەردىن ئىزدەيمىز.

— قاقشال دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاستىدا ئالتۇن- كۈمۈش بارمۇ؟

— قىزىقكەنسەن، ھەممىسىنىڭكىدە بولمايدۇ، ئەخمەق!

— ئۇنداق بولسا، قايسى توپ دەرەخنىڭ ئاستىدا بارلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟
— بىرمۇ بىر كولاپ كۆرىمىز-دە!
— ھەي، ئۇنداقتا پۈتۈن بىر تەتىلدىمۇ كولاپ بولالمايمىز.
— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئويلاپ باقە، ئەگەر بىرەر ساندۇق تىللا ياكى ئالماس تېپىۋالىساق، ئۇنىڭغا بىر ياز كەتسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ!
بۇنى ئاڭلىغان خاكنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ كەتتى.
— ئۇنداق بولسا بەك ياخشى بولاتتى. بىراق مەن ئالماسنى ئالماي تىللانى ئالىمەن.
— ماقۇلە، ئالماسلار مېنىڭ بولسۇن. بىراق سەن بىر تال ئالماسنىڭ قانچىلىك تىللاغا يارايدىغانلىقىنى بىلمەيسەن-دە!
— شۇنداقما؟ — خاك قىزىقسىنىپ سورىدى.
— ئەلۋەتتە شۇنداقتە. ئىشەنمىسەڭ خەقلەردىن سوراپ باق. خاك، سەن ئالماسنى كۆرۈپ باققانمۇ؟
— ياق.
— پادىشاھلارنىڭ تاغار-تاغار ئالماسلىرى بولىدۇ.
— پادىشاھ دېگەن نېمە ئۇ؟ — خاك يەنە سورىدى.
— بىزنىڭ ئامېرىكىدا پادىشاھ يوق بولغىنى بىلەن ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە پادىشاھ بار. ئۇلار دېگەن بەك مەنمەنچى، سۆلەتۋاز كېلىدۇ.
— پادىشاھ دېگەن نېمىشقا مەنمەنچى، سۆلەتۋاز بولىدۇ؟
— ئۇلارنىڭ پۇلى جىقتە، شۇڭا. بىلەمسەن؟ ھەتتا رىچارد دېگەن قېرى دۆمچەكمۇ پادىشاھ ئىكەن.
— رىچارد، دېدىڭما؟ ئۇنىڭ فامىلىسى نېمە؟
— پادىشاھ دېگەننىڭ فامىلىسى بولمايدۇ، پەقەت ئىسمىلا بولىدۇ.
— ۋاي، بولمايدىكەن ئەمىسە، — خاك بېشىنى چايقىدى، — مەن چوڭ بولسام پادىشاھ بولمايمەن. فامىلىسى يوق، بىرلا ئىسمى بولسا خەقلەر مازاق قىلمامدۇ! بىراق تام، ئېيتقىنا دېگىنە قاراقچىلىرنىڭ ئۇنداق ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى بىز زادى نەدىن كولايمىز؟
— مەنمۇ بىلمەيمەن، — دېدى تام دېلىغۇل بولغاندەك، — دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغدا قېرى دەرەخلەر بارغۇ! ئىشنى ئالدى بىلەن شۇ يەردىن باشلايلى.
— ماقۇل، تام!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## شېرىن خىيال

تام بىلەن خاك بىر جوتۇ، بىر گۈرجەكنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى يەرگە يېتىپ بارغۇچە چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى.

— ھەي خاك، مەن بەك خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىمەن جۇمۇ ئاداش!

— مەنمۇ شۇ، ئالتۇن كولاش بەك قىزىق ئىشتۇ-ھە؟

— خاك، ئەگەر بىز مۇشۇ يەردىن ئالتۇن-كۈمۈش تاپالىساق، سەن قانداق قىلماقچى؟

— مەنما؟ مەن ھەر كۈنى گۆش مانتىسى يەيتتىم، گازلىق سۇ ئىچەتتىم، ھەر قېتىملىق سىرك ئويۇننى ئەڭ ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرۇپ كۆرەتتىم. ئۇنداق تۇرمۇش دېگەن راھەت-دە!

— ئۇ ئالتۇن-كۈمۈشلەردىن ئازراق ساقلاپ قويغۇڭ يوقمۇ؟ — تام ياندۇرۇپ يەنە سورىدى.

— ساقلاپ دېدىڭما؟ ئالتۇن-كۈمۈش ساقلاپ قانداق قىلاتتىم؟

— كېيىنكى تىرىكچىلىكىڭ ئۈچۈن پۇل لازىمدە!

— ھەي، مەن ئۇنى بالدۇرراق خەجلىۋەتمىسەم، دادام كېلىپ ھەممىسىگە ھاراق ئىچىۋەتمەمدۇ؟ سەنچۇ تام؟ سەن ئۇنى نېمىگە ئىشلەتمەكچى بولىۋاتىسەن؟

— مەن بىر لەگلەك، بىر دانە ئۆتكۈر شەمشەر، بىر تال ياقىلىق لىنتا، بىر كۈچۈك ئالاتتىم. قالغىنىغا خوتۇن ئالىمەن.

— خوتۇن ئالىمەن؟

— ھەئە، خوتۇن ئالىمەن!

— ئېلىشىپ قالدىڭمۇ، تام؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ساڭا دەپ بەرسەم تام، خوتۇن ئېلىش دېگەن ئەخمەقنىڭ ئىشى. قارا،

دادام بىلەن ئاپام ھەر كۈنى ئۇرۇشىدۇ، مەن بۇلاردىن جاق تويۇپ كەتتىم.

— ھەممىسىلا ئۇنداق بولىۋەرمەس؟ بىراق مەن ، مەن بىلەن توي قىلغان قىز بىلەن ھەرگىز ئۇرۇشمايمەن.

— تام، ساڭا نەسىھەت قىلاي ئاداش. خوتۇن خەق دېگەن ھەممىسى ئوخشاش. ۋۇي راست، سەن ئالدىغان قىزچاقنىڭ ئىسمى نېمە؟

— قىزچاق ئەمەس، خانقىز دېگىن.

— قىزچاق، خانقىز دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئوخشاشقۇ. ئۇ قىزنىڭ ئىسمى نېمە؟

تام چوڭ بولسا بېك بىلەن توي قىلىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. بىراق ئۇنىڭ ئىسمىنى قانداقمۇ ئالدىراپلا دەپبەرگىلى بولسۇن؟

— ھازىر بولمايدۇ، كېيىن دەپ بېرەي!

— ماقۇلە! بىراق سەن توي قىلىپ قالساڭ، مەن تېخىمۇ يالغۇزسىراپ كېتىدىغان بولدۇم- دە.

— ئۇنداق بولمايدۇ. سەن بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ تۇرساڭ بولىدۇغۇ! ھازىر بىز ئۇ گەپنى قويۇپ تېز- تېز كولايلى.

ئۇلار يېرىم سائەتكىچە يەر تىلغاپ چىلىق- چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى. بىراق ھېچنېمە چىقمىدى. يەنە يېرىم سائەت كولاپ باقتى. بىراق يەنىلا ھېچنېمە ئۇچرىمىدى.

— ھەي، دېگىن قاراقچىلىرى ئۇ نەرسىلەرنى بەك چوڭقۇر كۆمىۋەتكەنمۇ قانداق؟ — دېدى خاك بىر ئۇھ تارتىپ.

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، بەزىلىرى چوڭقۇر، بەزىلىرى تېيىز كۆمۈلگەن بولىدۇ. قارىغاندا بىز دەل جايىنى تاپالمىدۇق.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار يەنە بىر يەرنى كولىدى. بۇ دورەم ئۇلار ئالدىنقى قېتىمقىدەك ئۇنداق كۈچەپ كەتمىدى.

— تام، — دېدى خاك گۈرجەكنىڭ دەستىسىگە تايىنىپ يېڭى بىلەن يۈزلىرىدىكى تەرلەرنى سۈرتكەچ ، — بۇ قېتىممۇ خاتا كولاپ قالغان ئوخشايمىز.

— مېنىڭچە بىز يەنىلا تۇل خوتۇن دوگلاسنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىگە جايلاشقان كادىپۇ تېغىدىكى ھېلىقى قېرى دەرەخنىڭ تۈۋىنى كولاپ باقايلى.

— ئۇ يەرغۇ بولىدۇ. بىراق ھېلىقى دەرەخ تۇل خوتۇننىڭ ئېتىزلىقىدا تۇرسا، بىز كولاپ چىققان ئالتۇن- كۈمۈشلەرنى ئۇ بۇلاپ كېتەرمىكىن؟



— مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق مال- دۇنيا دېگەن كىم كولىغۇالسا شۇنىڭكى. يەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

خاك تامنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. ئۇلار ئۇدۇل ھېلىقى يەرگە باردى- دە، دەرەخ تۈۋىنى كولاشقا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار خېلى كولىدى. بىراق يەنىلا ھېچنېمە يوق ئىدى.

— غەلىتە ئىشقا بۇ، جىن- ئالۋاستىلار بىزنى ئەخمەق قىلىۋاتامدۇ، نېمە؟ شۇنچىۋالا كولىساقمۇ چىقمايدۇغۇ، — دېدى تام تېرىكىپ.

— جۆيلۈمە! جىن- ئالۋاستى دېگەن كۈندۈزلىرى چىقمايدۇ.

— بولدى، بولدى ئەمدى تاپتىم، — دېدى تام خۇشال بولۇپ، — بەك دۆتكەنمىز جۇمۇ! ئەڭ ياخشىسى بىز كېچە سائەت ئون ئىككىدە يوغان دەرەخنىڭ سايىسى چۈشكەن يەرنى تېپىپ كولايلى!

— يېرىم كۈنلۈك ئاۋارىچىلىقىمىز بىكار كەتتى- دە! — دېدى خاك خورسىنىپ، — كەچتە كەلسەك كېلەيلى. بىراق، سەن كەچتە چىقالامسەن؟

— چوقۇم چىقىمەن. بىز بۈگۈن كەچتە كولىمىساق بولمايدۇ. چۈنكى باشقىلار بۇ يەرنىڭ كولانغانلىقىنى كۆرۈپ قالسا، بۇ يەردە ئالتۇن- كۈمۈش بارلىقىنى بىلىپ قېلىپ ئۇلارنىڭمۇ كۆزى قىزىرىدۇ.

— ئەمىسە، بۈگۈن كەچتە جۇمۇ! يەنە ھېلىقىدەك بەلگە بېرىمەن.

— ماقۇلە! ئۇنى تاپالىساق، ئورمانلىققا يوشۇرۇپ قويايلى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## كېچە سائەت ئون ئىككىدە

تام بىلەن خاك شۇ كېچىسى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ھېلىقى يەرگە يەنە كەلدى.

ئۇلار دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ سائەتنىڭ ئون ئىككى بولۇشىنى كۈتۈۋاتاتتى. بۇ يەر ئىنتايىن جىمجىت ئىدى. شامالدا شىلدىرلاۋاتقان دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ ئاۋازى ئۇلارغا خۇددى جىن- شەيتانلارنىڭ شىۋىرلاشقىنىدەك بىلىنىپ كەتتى. قاپقاراڭغۇ بۇلۇڭلارغا گويا جىن- ئالۋاستىلار مۆكۈپ تۇرغاندەكلا قىلاتتى. يىراقتىن ئىتنىڭ قاتتىق قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاڭغىچە ئۈنىڭغا مۈشۈكياپىلاقنىڭ قورقۇنچلۇق سايرىشى جور بولدى.

بىردەمدىن كېيىن تام بىلەن خاك سائەت ئون ئىككى بولغانلىقىنى جەزم قىلدى. ئۇلار دەرەخنىڭ سايىسى چۈشكەن جاينى بەلگە قىلىۋېلىپ، كولاشقا كىرىشتى.

ئالتۇن- كۈمۈشنى قولغا چۈشۈرۈش كويىدا قىزىپ كەتكەن باللار ئادەمنىڭ تەنلىرىنى شۈركەندۈرۈدىغان قورقۇنچلۇق كېچىنى تامامەن ئۇنتۇپ، پۈتۈن ئەس- يادى بىلەن بېرىلىپ كولىماقتا ئىدى. ھەر قېتىم گۈرجەككە بىرەر نەرسە ئۇرۇلغان ھامان ئۇلار گۆھەر ساندۇقى چىققتى، دەپ خۇشال بولۇپ كېتەتتى. بىراق، گۈرجەككە ئۇرۇلغان نەرسە بىرەر تال تاش ياكى ياغاچ پارچىسى بولۇپ چىققاندا ئۇلار لاسسىدە بولۇپ قالاتتى.

— خاك، بىز يەنە خاتا كولاپ قالغان ئوخشايمىز.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. بىز دەرەخنىڭ سايىسى چۈشكەن يەرنى توپتوغرا سىزىۋالغان تۇرساق.

— ئۇغۇ شۇنداق. بىراق، يەنە بىر مەسىلىمۇ بار.

— قانداق مەسىلە؟

— بىز سائەت ئون ئىككى بولدى، دېگەننى پەرەز قىلىپلا ئىش باشلاپ

كەتتۇق. ئېھتىمال بالدۇر ياكى كېيىن بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

خاك قولىدىكى گۇرجەكنى يەرگە تاشلىدى.

— توغرا، بىزدە يا سائەت بولمىسا ۋاقىتنى مەڭگۈ توغرا بىلەلمەيمىز- دە! نېمىشقىكىن تام، قورقۇنچلۇق بىر نەرسە ئارقامدىن ئەگىشىۋاتقاندەكلا تۇرىدۇ. بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن.

— مەنمۇ شۇ ئاداش. دېگىنىز قاراقچىلىرى ئالتۇن- كۈمۈشلەرنى كۆمگەندە ئۇنىڭ ئۈستىگە جەسەتنى قويۇپ كۆمەرمىش تېخى.

— نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىغاندۇ؟

— جەسەت ئاشۇ ئالتۇن- كۈمۈشلەرنى باقىدىكەن.

ئىككى بالا ئىختىيارسىزلا بىر- بىرىگە يېقىن كېلىۋالدى.

— تام، بۇ راستىمدۇ؟

— راست، مەن بۇ گەپنى جىق ئاڭلىدىم.

— تام، مەن جەسەت بار يەردە ئۇزۇن تۇرۇشنى خالىمايمەن. جەسەت بىلەن بىرگە تۇرسا ئادەمنى هامان پالاكەت باسىدۇ.

— مېنى جەسەت بىلەن ھەپىلىشىشنى خالايدۇ دەمسەن؟ — دەپ سورىدى تام، — بۇ يەرنىڭ تېگىدىكى جەسەت تۇيۇقسىزلا بېشىنى چىقىرىپ گەپ قىلسا مانا كۆرۈڭ...

— ئۇنداق دېمىگىنە تام، قورقۇپ جېنىم چىقىپ كېتەي دەۋاتىدۇ.

— مەنمۇ بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

— تام، بۇ يەرنى كولاۋەرمەي باشقا يەرگە بېرىپ باقايلىچۇ!

— ماقۇلە، بىراق نەگە بارساق بولار؟ تام جىمىپ قالدى.

— هە راست، ھېلىقى جىن ئۇۋىلايدىغان ئەسكى ئۆيگە بېرىپ باقساقچۇ؟ دېدى تام ئەقىل تاپقاندەك.

— ياق تام، مەن بارمايمەن. جىن ئۇۋىسى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولىدۇ.

— توغرا، جىن ئۇۋىسى ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق بولىدۇ. بىراق جىنلار دېگەن پەقەت قاراڭغۇدىلا چىقىدۇ. بىز كۈندۈزى بېرىپ كولاپ باقساق قانداق؟

— بىراق، ئۇ ئۆيگە خەقلەر كۆندۈزلىرىمۇ قورقۇپ كىرمەيدىغان تۇرسا...

— ئۇ ئۆيدىچۇ، بىرنەچچە يىل بۇرۇن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شۇڭا كىشىلەر خالىمايدۇ. ئادەتتە كۈندۈزى ئۇ يەردە ھېچنېمىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. پەقەت كېچىلىرىلا گاھىدا دېرىزىدىن بىر خىل كۆك نۇر يالت قىلىپ يالتىراپ قالارمىش. بۇ ھەرگىزمۇ جىنلارنىڭ ئىشى ئەمەس.

— نېمە؟ كۆك نۇر دېدىڭما؟ ئاشۇ كۆك نۇرنىڭ ئارقىسىدا جىن- ئالۋاستىلار تۇرغان بولمىسۇن يەنە! جىن- ئالۋاستىلارنى كۆك نۇر چىقىرىدۇ، دېيىشىدىكەنغۇ؟

— ئىشقىلىپ كۈندۈزلىرى جىنلار چىقمايدۇ. كۈندۈزى بارساق نېمىدىن قورقاتتۇق؟

— ئەمىسە، بىز ئەتە بېرىپ باقايلى. بىراق بۇ خەتەرلىك ئىش جۇمۇ!

ئىككى بالا پاراڭلاشقاچ تاغدىن چۈشتى.

غۇۋا ئاي نۇرىدا جىرادىكى ھېلىقى يېگانە جىنلىق ئۆي كۆزگە گىرىمسەن تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھويلا تېمى ئاللىقاچان ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولۇپ، ئەتراپىنى پوتۇنلەي قوراي بېسىپ كەتكەن ئىدى. ئۆگزىسىنىڭ بىر بۇلۇڭى تۆشۈك تۇراتتى.

تام بىلەن خاك بىر- بىرسىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقىنىچە ھېلىقى ئۆينىڭ دېرىزىسىگە ئۇزاق قاراپ تۇردى. بىراق كۆك نۇر كۆرۈنمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاستا پاراڭلاشقاچ ھېلىقى جىنلىق ئۆيدىن ئۇزاپ، كادىنى تېغىنىڭ ئارقىسىدىكى ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشتى.

# پىشكەل جۈمە

تام بىلەن خاك ئەتىسى چۈشتە ھىلىقى دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەلدى. ئۇلار ئاخشام جوتۇ بىلەن گۈرجەكنى ئاشۇ يەرگە تىقىپ قويغانىدى.

— خاك، ماڭە تېزراق بارايلى!

— مانا.

قىن- قىنىغا پاتماي قىلىۋاتقان خاك مېڭىشقا شۇنداق تەمشەلدىيۇ، لېكىن يادىغا بىر ئىش كېلىپ قالغاندەك تۇيۇقسىز تۇرۇپ قالدى.

— ھەي تام، بىلەمسەن بۈگۈن كۈنگە نېمە؟

تام بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز چۆچۈپ كەتتى.

— ئاپلا چاتاق بولدى. بۇ نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق يادىمىزغا كەلمىگەندۇ؟

— مېنىڭمۇ ئەمدى ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ.

— قانداق قىلىمىز، خاك؟ بۇ ئىشتا ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ. بۇ ئىشنىڭ دەل ئىش ياراشمايدىغان جۈمەگە توغرا كېلىپ قالغىنىنى قارىمامدىغان! ۋاي، خاتىرجەم بوله! بالا- قازاغا ئۇچراپ قېلىشىمىز ناتايىن.

— ناتايىن دېگىنىڭ نېمىسى، تام؟ ئۇچرىماي قالمايمىز، دېگىنە مانداق. خۇدانىڭ كۈنى جىققۇ، باشقا كۈنى كېلەيلىچۇ!

— خەقلەرنىڭغۇ ھەممىسى جۈمە كۈنى پىشكەل، دېيىشىدىكەن.

— راست دەيسەن تام. مەن ئاخشام چۈشۈمدە چاشقان كۆرۈپتىمەن.

— چاشقان كۆردۈم، دە. بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس جۇمۇ. قېنى دېگىنە، ئۇ چاشقانلار سوقۇشتىمۇ؟

— ياق، سوقۇشمىدى.

— ھەر نېمە بولسا سوقۇشماپتۇ. بۇ پەقەت بالا- قازا كېلەي دەۋاتىدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ھەرھالدا ئېھتىيات قىلايلى.

www.uyghurkitap.com

— تام، ئۇنداق بولسا بۇگۈن جىنلىق ئۆيگە بارمايلى، قانداق؟

— ماقۇل بارمايلى. ئەمسە بىز راسا بىر ئوينىۋالايلى. خاك، روبىنخاندىنىڭ ھېكايىسىنى بىلەمسەن؟

— ياق، بىلمەيمەن. كىمۇ ئۇ روبىنخاند دېگىنىڭ؟

— ئەنگلىيىلىك داڭلىق كىشى، كارامەت ياخشى ئادەم دېگىنە.

— ھە ، بىلدىم. ئۇ چوقۇم پادىشاھ.

— پادىشاھ ئەمەس، ئىنتايىن مەرد بۇلاڭچى ئۇ.

— بۇلاڭچى؟ قالتىسكەن. چوڭ بولسام مەنمۇ ئاشۇنداق بۇلاڭچى بولىمەن. تام، مەرد بۇلاڭچى، دېگەن قانداق بولىدۇ؟

— ئۇ مەخسۇس خىيانەتچى ئەمەلدار، رەزىل روھانىيلارنىڭ مال- دۇنياسىنى بۇلاپ كېلىپ، ئۇنى نامراتلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ.

— ياھ، ھەقىقەتەن ئوغۇل بالىكەن.

— ئەلۋەتتە. پۈتۈن ئەنگلىيە بويىچە ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. ھەرقانداق چامباشچىنى بىر قولى بىلەنلا يېڭىۋېتەلەيدۇ.

— ئەگەر ئىنجان جو بىلەن بەسلىشىپ قالسا قايسىسى يېڭەر؟

ئىبىسدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتەي دېگەن جانخور ئىنجان جونىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىشى بىلەن تامنى سەل- پەل سۈر باستى. بىراق ئۇ شۇ ھامان ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— خاك، بۇ سېلىشتۇرۇشۇڭ پەقەت قاملاشمىدى جۇمۇ. ئەگەر ئۇ ئىككىسى راستىنلا تۇتۇشۇپ قالىدىغان بولسا، ئىنجان جو دېگەن ئۇ ئىتنىڭ كۈچۈكى روبىنخاندىنىڭ بىر تال مويىغا تەڭ كېلەلمەتتى؟

— ھەي... روبىنخاند ھازىر ھايات بولغان بولسا نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى-

ھە! بىز ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ ئىنجان جونى يوقىتاتتۇق- تە، خەپ!

— مەنمۇ ئاشۇنداق ئويلاپ كېتىمەن. روبىنخاند ھەم كۆچتۆگگۇر ھەم ئۇستا مەرگەن تېخى. ئۇ، شەمشاد ئوقياسى بىلەن ئىككى يېرىم كىلومېتىر يىراقتىكى ئون تىيىنلىق تەڭگىنى چەنلىيەلەيدىكەن.

— شەمشاد ئوقيا دېگەن قانداق ئوقيا ئۇ؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ بىر خىل ئوقيا تايىنلىق. ئۇ ئەگەر ئاشۇ تەڭگىنىڭ ئوتتۇرىسىنى چەنلىيەلمەي قالسا شۇ يەردە ئولتۇرۇپ يىغلاپ كېتىدىكەن.

— خاك، بىز روبىنخاندنى دوراپ ئوينايلىچۇ، — دېدى تام ، — بەك قىزىق بولىدۇ، قانداق ئويناشنى مەن ساڭا ئۆگىتىپ قويىمەن.

— بولىدۇ، ئوينايلى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى جوتۇ بىلەن گۆرجىكنى تاشلاپ قويۇپ، تا قاراڭغۇ چۈشكىچە ئوينىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# جىنلار ئۇۋىسى

شەنبە كۈنى چۈشكە يېقىن، تام بىلەن خاك ھېلىقى ئۆيىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

كۈن ئاجايىپ ئىسسىپ كەتكەن بولسىمۇ لېكىن ئەتراپ، ھەددىدىن زىيادە جىمجىتلىقتىن ئىنتايىن سۈرۈن كۆرۈنەتتى. ھېلىقى تاشلاندۇق ئەسكى ئۆيدىن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان بىر خىل ۋەھىمە يېغىپ تۇراتتى.

ئىككى بالا مىڭ تەسلىكتە ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ، ۋەھىمە ئىچىدە ئۆيگە بىر قۇر سەپسالدى. ئۆي پولسىز بولغاچقا ئۆت- چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەن ئىدى. ئۆيىنىڭ سۇۋاقلىرى تامامەن چۈشۈپ كەتكەن، ئەينەكسىز دېرىزىسى ھاڭدەك ئوچۇق، چېرىپ كەتكەن پەشتاقلىرى دەسسىسىلا ئۈزۈلۈپ چۈشۈدىغاندەك ئىدى. تام مەش پۆتۈنلەي ئۆمۈچۈك تورى ئىچىدە قالغان ئىدى.

ئىككى بالا ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن بوسۇغىدىن ئاتلىدى. ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالدى. ناۋادا بىرەر چاتاق چىقىپ قالغۇدەك بولسا بەدەر تىكىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈۋالغان بالىلار قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئەتراپىتىكى شەپىنى كۆزەتمەكتە ئىدى.

بىردەمدىن كېيىن بالىلارنىڭ يۈرىكى ئاستا- ئاستا ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى. ئۇلار بىرىنچى قەۋەتنىڭ بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىنى تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئىنچىكە كۆزىتىپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ باقماقچى بولدى. بىراق بالىلار يەنىلا خۇددى ئۇ يەرگە چىقسىلا بىرسى تۇتىۋالىدىغاندەك بىر خىل ۋەھىمە ئىچىدە ئەنسىرەيتتى. ئۇلار بىر- بىرگە ئىلھام بېرىپ، كۆڭلىنى سەل- پەل توختاتقاندىن كېيىن قولىدىكى جوتۇ بىلەن گۈرجەكنى تاشلاپ قويۇپ، ئىككىنچى قەۋەتكە ئاستا چىقتى.

ئىككىنچى قەۋەتمۇ چۆلدەرەپ قالغان تاشلاندۇق كەپىگە ئوخشايتتى. بالىلار

قاپقاقلىق تەكچىنى ئېچىپ قاراپ باقتى. ئىچى قۇپقۇرۇق ئىدى.

بۇنىڭ بىلەن قورقۇنچنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان باللار، ئىشنى باشلاش ئۈچۈن بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈشكە تەمشەلدى.

— جىم! ـ دېدى تام بىگىز بارمىقىنى لېۋىگە تىرەپ تۇرۇپ.

— نېمە بولدى؟

قورقۇۋاتقان خاكنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— بىرسى كېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ... ئاڭلىدىڭمۇ، خاك؟

— ئاپلا، چاتاق بولدى! قاچايلى!

— ياق، شۈك تۇر خاك. بىرسى ئۇدۇل ئىشىكتىن كىرىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

ئۇلار پولدا دۈم يېتىپ تۇرۇپ، پولنىڭ ئاراچلىرىدىن بىرىنچى قەۋەتكە قارىدى. قورقۇنچلىقتا خاكنىڭ جان- پېنى چىقىپ كېتەيلا دېدى.

— ئۇلار تۇرۇپ قالدى... ۋۇي، كېلىۋاتىدۇ... ئۈنۈڭنى ئۆچۈر!

ئۆيگە دېگەندەكلا ئىككى ئادەم كىرىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى باللار بازاردا بىر- ئىككى قېتىمدەك كۆرگەن ھەم گاس ھەم گاچا ئىسپان بوۋاي بولۇپ، ئۇنىڭ ئاپئاق ساقاللىرى مەيدىسىگە چۈشكەن، ئۇزۇن ئاق چاچلىرى شلەپىسىنىڭ چۆرىسىدىن ساڭگىلاپ تۇراتتى. كۆزىگە قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان ئىدى. يەنە بىرى باللار ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، ئۈستۈپشى جۇل- جۇل، بەتبەشرە بىر نېمە ئىدى.

ئۇلار تام مەشكە يۆلىنىپ، ئىشىككە قاراپ ئولتۇردى.

— ياق، ياق. مەن قايتا ئويلاندىم. ئۇ ئىشنى قىلالمىغۇدەكمەن، بەك خەتەرلىككەن،— دېدى ھېلىقى ناتونۇش كىشى ئەتراپقا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن.

— خەتەرلىككەن؟

ھېلىقى گاس، گاچا ئىسپان بوۋاي تۇيۇقسىزلا زۇۋانغا كەلدى.باللار بۇنىڭغا ھەيران قالدى.

— ھەقىقەتەن لاتا بىر نېمىكەنسەن!

www.uyghurkitap.com

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان باللار قورقۇپ تىترەپ كېتىشتى. چۈنكى ئۇلار ھېلىقى گاچىنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ئىسپان بوۋاي ئەمەس بەلكى ئىنجان جو ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالغان ئىدى. ئۇ راستىنلا ئىنجان جو بولۇپ باشقىلارنىڭ تونۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىسپان سىياقىغا كىرىۋالغان ئىدى.

بىردەمدىن كېيىن ئىنجان جو يەنە ئېغىز ئاچتى:

— خەتەرلىك دەيسەن تېخى. بىلەمسەن؟ ئۆتكەنكىدەك ئەڭ خەتەرلىك ئىشنىمۇ قىلدۇققۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشنى ھازىرغىچە خەق بىلمەيدىغان تۇرسا.

— ئۆتكەنكى ئىشنى دەريانىڭ باش تەرىپىدە قىلغان. ئۇ ئەتراپتا ئادەم يوق. ئەلۋەتتە سېزىلمەيدۇ-دە! بىراق كۆپىكۈندۈزدە بۇ يەرگە كەلسەك ھەقىقەتەن خەتەرلىك. ناۋادا بىرەرسى كۆرۈپ قالسا گۇمانلىنىدۇ-دە!

— ئۇنى بىلىمەن. بىراق ئۆتكەنكى شۇ ئىشنى قىلغاندىن كېيىن مەن مۇشۇ يەرگە كېلىپ يوشۇرۇنمىسام نەگە بارىمەن، ئەمىسە؟ ئىشقىلىپ بۇ يەردىن كەتمىسەم بولمايدۇ. تۈنۈگۈن مەن ئەمدىلا تالاغا چىقاي دەپ تۇرۇشۇمغا ھېلىقى ئۆلگۈر ئىككى يېتىمەكنىڭ تالادا ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. شۇڭا قورقۇپ تالاغا چىقالمايۋاتىمەن.

ئۇنىڭ "ئۆلگۈر ئىككى يېتىمەك" دېگىنى دەل تام بىلەن خاك ئىدى. ئەسلىدە باللار روبىنخاند ئويۇنى ئويناۋاتقاندا ئۇ يىراقتىن كۆرۈپ قالغان ئىدى.

تام بىلەن خاك ئۇيلىغانسېرى قورقۇپ كېتىۋاتاتتى.

— پېشكەل جومە، دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەنمەن! ھېلىمۇ بىر كۈن ساقلىدۇق. ھازىر قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟ بۇنى بالدۇرراق بىلگەن بولساق، بىر يىل ساقلىساقمۇ مەيلى ئىدىغۇ!

ھېلىقى ئىككىسى تام مەشكە يۆلۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە ئېلىپ كەلگەن

ئەرسىلىرىنى يىغىلى تۇردى. بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن ئىنجان جو يەنە گەپ باشلىدى:

— مېنىڭچە سەن ئالدى بىلەن يەنىلا دەريانىڭ باش تەرىپىدىكى ھېلىقى يەرگە بارغىن. مەن بازارغا قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى كۆزىتىپ باقاي. قول سالىدىغان چاغدا سېنى چاقىرىمەن. ئىشنى ئىككىمىز بىرگە پۈتتۈرىمىز- دە، مەن غىپپىدە تېكساسقا تىكىۋېتىمەن.

ھېلىقى بەتبەشىرە ئادەم بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇلار بەك ھېرىپ كەتتى بولغاي، ئەسنەشكە باشلىدى.

— مەن ئازراق ئۇخلىۋالاي، — دېدى ئىنجان جو ، — ئەمدى سەن كۆزەتچىلىك قىلىسەن.

ئۇ ئولتۇرغان يېرىدىكى ئوت- چۆپنىڭ ئۈستىگە قىڭغايدى- دە، ھەش-پەش دېگۈچە خورەككە چۈشتى. بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى ئادەممۇ مۈگدەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كېتىۋاتاتتى. ھايال ئۆتمەي ئۇمۇ خورەكنى باشلىدى.

بۇنى كۆرۈپ تۇرغان تام بىلەن خاك ئاران دېگەندە ئۇھ دېدى.

— مانا ئەمدى قاچايلى، بولە خاك!

— ياق بولمايدۇ، ئۇلار ئويغىنىپ قالىدۇ.

— چاتاق يوق، ئۇلار بەك قاتتىق ئۇخلاۋاتقاندەك قىلىدۇ. ھازىر قاچساق تۇيمايدۇ.

— مەن قورقىۋاتىمەن. ئەگەر ئۇلار ئويغىنىپ قالسا تۇگىشىمىز.

تام خاكنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئۆزى يالغۇز قېچىپ كەتمەكچى بولغان ئىدى. بىراق قەدىمىنى ئەمدىلا ئېلىشىغا پۇتىنىڭ ئاستىدىكى پول غىچىرلاپ كەتتى. قورقۇپ كەتكەن تام دەرھال يېتىۋالدى.

تەلىيىگە ھېلىقى ئىككىسى ئويغانماي بەخىرامان ئۇخلاۋاتاتتى.

ئىككى بالا ھەتتا قاتتىقراق تىنىشقىمۇ پېتىنالماي جايىدا ئەڭ ئۈچ سائەت ياتتى. بۇ ئۈچ سائەت ئۇلارغا گويا بىر يىلدەك بىلىنىپ كەتتى.

ۋاقىت مىنۇت- سېكۇنتلاپ ناھايىتى تەستە ئۆتمەكتە ئىدى. ياز قۇياشى ئاستا- ئاستا تاغ كەينىگە شۇڭغۇماقتا. ھېلىقى ئىككى ئەبلەخنىڭ ئويغانماي ئۇخلاۋاتقىنىغا قارىغاندا ئۇلار بېرىم كېچىچە بىلەن ئاران مىدىرلايدىغاندەك قىلاتتى. ئەگەر ئۇلار كۆزدىن يىتمىسە بۇ ئىككى بالا ئۆز ئورنىدا مىدىر- سىدىر قىلماي يېتىشى كېرەك ئىدى.



# تىللا ساندۇقى

بىر ھازادىن كېيىن ئىنجان جو ئويغىنىپ ئولتۇردى ۋە تۆت ئەتراپقا ئەندىكىپ قاراپ كەتتى.

ئىنجان جو ھەمراھىنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى سوغۇق بىرنى ھىجايدى ۋە ئۇنى تېپىپ ئويغاتتى.

— ھەي، سەن مۇشۇنداق كۆزەتچىلىك قىلامسەن؟ بەخىرامان ئۇخلاۋاتقىنىنى، تېخى! ھېلىمۇ پەرۋەردىگار ساقلاپ بىرەر ئىش چىقماپتۇ.

— ۋوي، قاچان ئۇخلاپ قالغاندىمەن؟

— قوپە، ماگايلى، — دېدى ئىنجان جو ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىپ، — بىراق مەيەردىكى ھېلىقى پۇلنى قانداق قىلارمىز؟

— جايىدا تۇرىۋەرسۇن. ئالتە يۈز ئەللىك كۆمۈش تەڭگىنى ياندا ئېلىپ يۈرۈشمۇ ئەپسىز-دە!

— مەيلى، تۇرسا تۇرىۋەرسۇن. لازىم بولغاندا كېلىپ ئالارمىز،— دېدى ئىنجان جو ھەمراھىنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولۇپ.

— بىراق يەنىلا تىنچ قۇلاق كېچىسى كېلىپ ئالغىنىمىز تۈزۈك.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ-دە! ھېلىقى ئىشقا قول سېلىپ بولغىچە يەنە بىر ئاز ۋاقىت بار. پۇلنى ياخشى ساقلا، ئەڭ ياخشىسى كۆمۈپ قويغىن، چوڭقۇرراق كۆمۈۋەت.

— توغرا، بەلەن گەپ بولدى.

ئىنجان جونىڭ ھەمراھى دەرھال ئوچاقنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە تاشنى ئالدى. ئاندىن يەنە ناھايىتى ئېغىر بىر خالتىنى تارتىپ چىقاردى. خالتىغا لىقمۇ لىق كۆمۈش تەڭگە قاچىلانغان ئىدى. ئۇ خالتىدىن يىگىرمە-ئوتتۇز تەڭگىنى ئېلىپ يېنىغا سالدى. ئاندىن يەنە ئۆزىنىڭ ئالغىنىغا باراۋەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاپلىرى تورى

كېلىدىغان تەڭگىنى ساناپ ئېلىپ ئۇۋ پىچىقى بىلەن ھەدەپ يەر كولاۋاتقان ئىنجان جوغا بەردى.

بايىقى قورقۇنچ، ئەندىشىلەرى ئاللىقاياقلارغا ئۇچقان ئىككى بالا، كۆزلىرىنى جامدەك ئاچقىنىچە ھېلىقى ئىككىسىنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇراتتى.

ئالتە يۈز نەچچە كۈمۈش تەڭگە بۇ ئىككى بالا ئۈچۈن ناھايىتى جىق بايلىق ئىدى. تەلەيىنىڭ كەلگەن يېرى شۇ- دە! ئەمدى بايلىق ئىزدەيمەن، دەپ يەر كولاپ يۈرۈشىنىڭمۇ ھاجىتى قالمىدى. باللار بىر- بىرىنى جەينىكىدە نوقۇپ تۇرۇپ، كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇلارنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنى بىر- بىرىگە ئايان ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىنجان جونىڭ پىچىقى بىر نەرسىگە تېگىپ كەتتى.

— ۋايجان! ئىنجان جو قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭ ھەمراھى.

— چىرىپ كەتكەن تۆمۈر تاختىمۇ، نېمە؟ ۋۇي، بىر دانە تۆمۈر ساندۇقكەن! قېنى كېلە، ساندۇقنىڭ بىر تەرىپىنى تېشىۋالدىم.

ئىنجان جو تۆشۈكتىن قولىنى تىقىپ ساندۇقتىن بىر نېمىلەرنى ئالدى.

— ۋاھ، پۇلكەن جۇمۇ!

ئۇلار ھېلىقى نەرسىگە سەپسېلىپ قارىۋىدى، تىللا ئىكەن.

ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئىككى بالا ئىنجان جودىنمۇ بەكرەك خۇش بولۇپ كەتتى.

— بىز تېزراق قازايلى، — دېدى ئىنجان جو جىددىيلىشىپ، — بايا مەن ئوچاقنىڭ ئاۋۇ تەرىپىدە بىر جوتۇ بىلەن بىر گۈرجەكنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

ئۇ جوتۇ بىلەن گۈرجەكنى ئەكىلىپ ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراپ كەتتى.

— قىزىق ئىش، بۇ نەرسىلەرنى كىم قويۇپ قويغاندۇ؟

ئۇ بېشىنى چايقاپ قويۇپ، يەنە كولاشقا كىرىشىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار كولىغان يەردىن ساندۇقنى ئالدى. ساندۇق كىچىكرەك بولۇپ، سىرتى قەلەيدە قاپلانغانىدى. ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى پۇختا ياسالغان بۇ ساندۇق

يەرنىڭ تېگىدە ناھايىتى ئۇزۇن تۇرۇپ كەتكەچكە قەلەيلىرى چىرىپ كەتكەن ئىدى. خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن بۇ ئىككىسى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، بىردەم ساندۇقنى ئۆرۈپ- چۆرۈپ قارىسا، بىر دەم سىلاپ قوياتتى.

— بۇرادەر، بۇنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە مىڭ تىللا بارغۇ دەيمەن! — دېدى ئىنجان جو.

— موللېرلارنى قايسى بىر يىلى يازدا مۇشۇ يەرگە كەپتىكەن، دەيدىغۇ؟

— شۇنداق، مەنمۇ ئاڭلىغان. بۇ چوقۇم ئاشۇلارنىڭكى.

— قانداق، مانا پۇلىمىزمۇ بولدى، ئەمدى ھېلىقى ئىشنى قىلمىساقمۇ بولار؟

— دېدى ھېلىقى كىشى ئىنجان جوغا قاراپ.

بۇنى ئاڭلىغان ئىنجان جونىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى:

— سەن مېنىڭ نىيىتىمنى چۈشەنمىدىڭ. ئۇ ئىشنى بۇلاڭچىلىق ئۈچۈن ئەمەس، ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن قىلماقچىمەن، بىلەمسەن؟

ئۇ بۇ ئىنتىقامنى زادى كىمدىن ئالماقچىدۇ؟ ئىنجان جونىڭ كۆزلىرى ياۋۇزلارچە ياناتتى ئىدى.

— شۇڭا، سەن ياردەم قىلمىساڭ بولمايدۇ، — دېدى ئۇ، — ئىش پۈتكەندىن كېيىن مەن تېكساسقا كېتىمەن. سەن خوتۇن- باللىرىڭنىڭ يېنىغا بېرىپ خەۋىرىمنى كۈتىسەن!

— بوپتۇ، دېگىنىڭدەك بولسۇن. بىراق ماۋۇ نەرسىنى قانداق قىلىمىز؟ يەنە جايىغا كۆمۈپ قويامدۇق؟

— ئەلۋەتتە جايىغا كۆمۈپ تۇرىمىز- دە!

تام بىلەن خاك بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى.

— توختا، — دېدى ئىنجان جو جىددىي قىلىپ، — بۇ يەرگە كۆمۈشكە بولمايدۇ!

ئىككى بالا يەنە ئۈمىدسىزلەندى.

— ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، ماۋۇ جوتۇ بىلەن گۈرجەكنىڭ ئۈستىدە يېڭى توپىنىڭ يۇقۇندىسى تۇرىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان باللارنى يەنە ئەندىشە باستى.

— ئويلاپ باقە، بۇ نەرسىلەرنى زادى كىم بۇ يەرگە ئەكىلىپ قويدى؟ ئۇلار ھازىر نەدە؟ ناۋادا ئۇلار قايتىپ كېلىپ قالسا بىز كولىغان يەرنى بىلىپ قالىدۇ- دە! بۇ يەرگە كۆمسەك زادى بولمايدۇ! باشقا جايغا يۆتكىۋېتەيلى.

— ھەي، باشقا جاي دېگىنىڭ بىرىنچى نومۇرمۇ؟

— ياق، ئىككىنچى نومۇر، كرېستنىڭ ئاستى. بىرىنچى نومۇر بىخەتەر ئەمەس.

— بولىدۇ. دېگىنىڭدەك بولسۇن. قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالدى، ماڭايلى.

ئىنجان جو دەس ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىككى دېرىزىنىڭ ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم بېرىپ تالاغا قاراپ باقتى. ئۇ تۇيۇقسىزلا ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— ئەقلىم يەتمەيدۇ. بۇ نەرسىلەرنى زادى كىم ئەكەلگەندۇ؟ ئۇ ئىككىنچى قەۋەتتىمۇ يا؟

بۇنى ئاڭلىغان ئىككى بالىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى.

قولىدىكى پىچاقنىڭ سېپىنى چىڭ سىقىمدىغان ئىنجان جو بىردەم دېلىغۇل بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن ئىككىنچى قەۋەتكە قاراپ ماڭدى. ئىككى بالا تام ئىشكاپقا مۆكۈۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن قورقىنىدىن مىدىرلاشقىمۇ پېتىنالمىدى.

پەشتاقنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ ئىنجان جونىڭ قەدىمى يېقىنلاشتى. باللار جالاقلاپ تىترەپ كېتىشتى. ئۇلار تام ئىشكاپى تەرەپكە قاچايلى دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىزلا غاراس-غۇرۇس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ چىرىپ كەتكەن پەشتاق ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ئىنجان جو يەرگە دومىلاپ چۈشتى.

— ۋاي ئاناكىنى، ئەجەب ئاغرىپ كەتتا!

ئۇ تىللىغىنىچە ئورنىدىن تەستە تۇردى. شېرىكى بولسا تېلىقىپ كۈلەتتى.

— ئەجەپ گۇمانخور نېمىكەنسەن! ئىككىنچى قەۋەتتە كىم بولماقچىدى؟ ئادەم بولسا بولىۋەرمەمدۇ، ئۇلار شۇ يەردە تۇرىۋەرسۇن! ئىشقىلىپ پەشتاقمۇ يوق بولدى. پۈتىنى سۇندۇرۇۋېلىشتىن قورقمىسا چۈشۈپ باقسۇن قېنى؟ جوتۇ بىلەن گۆرجەكنىڭ ئىگىلىرى بىزنى كۆرۈپ جىن- ئالۋاستىلار ياكى ئەرۋاھلار ئوخشايدۇ، — دەپ بەدەر تىكىۋەتكەن گەپ.

— توغرا، بۇ گېپىڭمۇ ئورۇنلۇق. قەبرىدە يۈز بەرگەن ئىش ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، مەن دائىم ئەنسىز يۈرىدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى ئىنجان جو.

— ھەي، قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالدى. نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ بۇ يەردىن دەرھال كېتەيلى!

بىردەمدىن كېيىن ئۆي ئىچى جىمىپ قالدى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## "ئىككىنچى نومۇر"نىڭ سىرى

قورقۇپ پۇت- قولىدا جان قالمىغان تام بىلەن خاك، تەستە ئورۇنلىرىدىن تۇردى. ئۇلار پولنىڭ ئاراچ يېرىدىن قاراپ باقتى. ھېلىقى ئىككى ئەبلەخنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— يا ھەزرەت، نېمىدىگەن خەتەرلىك- ھە! — دېدى تام خاكقا قاراپ.

— ئۇنى بىر دېمە! ئاشۇ پەشتاق ئورۇلۇپ چۈشمىگەن بولسىزە، بىز تۈگىشەتتۇق.

— خاك، بولە! ئەمدى قاچمىساق بولمايدۇ. بىراق قانداق چۈشىمىز؟

— سەكرەيمىز، شۇ.

— مەن سەكرىيەلمەيمەن، — دېدى تام، — ئالمادىس پۇتنى سۇندۇرىۋالساق، قاچمەن دەپمۇ قاچالمايدىغان گەپ- تە!

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز، تام؟

— ئامال تاپايلى. ئىشنى بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلساق بولمايدۇ. ھېلىقى يالغان ئىسپاننىڭ ئىزىغا چۈشەيلى. ئاندىن ئۇلار دېگەن ھېلىقى "ئىككىنچى نومۇر"نى تېپىپ، پۇللارنى نەگە كۆمگەنلىكىنى كۆرۈۋالمىساق بولمايدۇ. ئىنجان جو بەربىر ئىنتىقام ئالغىلى بازارغا بارىدۇ.

— ئۇلار زادى كىمدىن ئىنتىقام ئالار؟ بىزمۇ يا؟

— بىز ئەمەس.

— سەن نەدىن بىلىسەن؟

— ئەگەر بىزدىن ئىنتىقام ئالماقچى بولسا، گەپ ئارىلىقىدا "ھېلىقى شۇمتەكلەر" دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ سالاتتى.

تامنىڭ بۇ سۆزى پەقەت ئۆز- ئۆزىگە تەسەللى بېرىشلا ئىدى، خالاس. چۈنكى سوتتا سەھنىگە چىقىپ گۇۋاھلىق بەرگىنى دەل تام ئۆزى. شۇڭا ناۋادا ئىنجان

ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى www.uighurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم ئادرېسى

جو ئىنتىقام ئالماقچى بولسا خاككا چىقىلماسلىقى مۇمكىن. بۇلارنى ئويلىغان تامنىڭ كۆڭلى ساراسىمىگە چۈشۈپ كەتتى.

يەنىلا خاكنىڭ ئامالى بار ئىكەن.

— تام، قورقما! — دېدى ئۇ ئەتراپنى كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن، — بىر پەشتاقنىڭ ئاۋۇ تەرىپىدىكى تامغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، ئۆمىلەپ چۈشىمىز.

خاك راستىلا تامنى تۇتۇپ ئۆمىلەپ سەكرەپ يەرگە ئوڭۇشلۇق چۈشۈۋالدى. تاممۇ شۇنداق قىلدى. ئۇلارنىڭ بەختىگە يارىشا يەردە ئوت- چۆپ بولغاچقا، پۇتى سۇنۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا ئازراقمۇ يارىلانمىدى. ئاندىن ئۇلار تاغنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۆيى تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى.

ئۇلار يول بويى گەپ قىلىشمىدى. باللار تەلىيىنىڭ كاجلىقىدىن ئەپسۇسلىناتتى. كېيىن تام تېرىكىپ كەتتى:

— ئۆلگۈر، نېمىشقىمۇ جوتۇ بىلەن گۈرجەكنى ئاشۇ يەرگە قويۇپ قويغاندىمىز؟

— شۇنداق! بىراق ئۇلارنىڭ كېلىپ قېلىشىنى كىم بىلىدۇ، دەيسەن؟

— ئاشۇ نەرسىلەر بولمىغان بولسا، ئىنجان جو تىللا بىلەن كۈمۈش تەڭگىلەرنى ئاشۇ يەرگە كۆمۈپ قوياتتى- دە، خەپ!

— راست دەيسەن. ئاشۇ جوتۇ بىلەن گۈرجەك كۆزۈمگە بەك سەت كۆرۈنۈپ كەتتى. ئەمدى بۇنداق پۇرسەت ئۆمۈر بويى كەلمەيدۇ.

شۇ كۈنى كېچىسى تام ئاشۇ تىللالارنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ چۈش كۆردى. خوشاللىقتا ئويغىنىپ قارىسا قوللىرى قۇپقۇرۇق ئىدى.

ئىككىنچى كۈنى ۋاق سەھەردە ئويغىنىپ كەتكەن تام، كارىۋاتتا يېتىپ تۇرۇپ، تۈنۈگۈن كەچ يۈلۈققان تۈرلۈك خېيىم- خەتەرلەرنى ئەسلەپ باقتى. بىراق ھەرقانچە ئويلىسىمۇ خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كاللىسى قۇرۇق ئىدى.

چۈنكى ئۇ ئىلگىرى ئەللىك تەڭگىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا تۈنۈگۈن بىر خالتا كۈمۈش تەڭگە بىلەن بىر ساندۇق تىللانى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى. بىراق، ئۇ قايتا- قايتا ئەسلەپ

كۆرىۋېدى، تۈنۈگۈنكى كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭ كاللىسىدا ئوچۇق ئەكس ئەتتى.

— ياق، ئۇ چۈش ئەمەس، ھەرگىز چۈش ئەمەس! بېرىپ خاكتىن سوراپ بېقىشىم كېرەك.

ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ناشتىلىقىنى چالا- پۇلا يەپلا خاكنى ئىزدەپ چىقىپ كەتتى.

خاك دەريا قىسنىدىكى تاختىدا ئىككى پۇتىنى سۇغا چىلاپ ئويناپ ئولتۇراتتى.

— خاك.

— ھە ، سەنمۇ تام.

ئىككىيلەن بىردەم جىم تۇرۇپ قالدى.

— تام، تۈنۈگۈن ھېلىقى پالاكەت باسقۇر جۇتو بىلەن گۇرجەكنى ئاشۇ يەرگە قويۇپ قويمىغان بولساق، ئۇ پۇللار ئاللىقاچان بىزنىڭ بولاتتى- دە، ھەي ئىست، ھەي ئىست!

— خاك، ئاشۇ كۆرگەنلىرىمىز راستمۇ؟ ئۇ چۈش ئەمەستۇ؟

— نېمە دەۋاتىدۇ ماۋۇ؟ راست بولماي. ھېلىقى پەشتاق ئۆرۈلۈپ چۈشمىگەن بولسا، بۇ كەمگىچە چۈش كۆرىمەن، دەپمۇ كۆرەلمەيتتىڭ، تام. مېنى تاڭ ئاتقۇچە قارا بېسىپ چىقتى. ساپلا شۇ ھېلىقى يالغان ئىسپان — ئىنجان جو مېنى قوغلاۋاتقۇدەك. قورقۇپ ھېچ ھالىم قالمىدى.

— ماگە، بېرىپ ئۇنى تاپايلى، — دېدى تام، — ئاندىن ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، ھېلىقى پۇللارنى قولغا چۈشۈرىمىز.

— بولدى قىلە، تام. ئۇنى كۆرسەملا جالاقلاپ تىترەپ كېتىدىكەنمەن.

— مەنمۇ شۇ. بىراق بىز يىراقتىن ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ ھېلىقى ”ئىككىنچى نومۇر“ دېگەننى تاپمىساق بولمايدۇ- دە!

— ”ئىككىنچى نومۇر“؟ ھە توغرا ، مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتىمەن. بىراق ئۇ زادى قانداق نېمىدۇر؟

— بىر يەرنىڭ ئىسمىدۇر، تايىنلىق.

www.uyghurkitap.com

— مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس، — دېدى خاك، — بۇ بازاردا نومۇر بىلەن ئاتايدىغان يەر يوق.

— بۇ دېگىنىڭمۇ توغرا. ياكى مەلۇم بىر سارايىنىڭ ئۆي نومۇرىمۇ؟

— توغرا، ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا بۇ يەردە پەقەت ئىككىلا ساراي بار. تاپماق تەس ئەمەس.

— خاك، سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر. مەن بېرىپ باقاي.

تامغا بۇ بازاردىكى ھەممە نەرسە بەش قولدەك تونۇش ئىدى. شۇڭا ئۇ يېرىم سائەتتىن كېيىنلا قايتىپ كېلىپ، ئۇقۇقانلىرىنى خاكقا دوكلات قىلدى:

مەن ئالدى بىلەن بازاردىكى ياخشىراق ھېلىقى سارايغا باردىم، ئۇنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق ئۆيىدە ئۇزۇندىن بۇيان ياش بىر ئادۋوكات تۇرىۋېتىپتۇ. ئاندىن يەنە بىر كونا سارايغا بېرىپ باقتىم. ئۇ سارايىنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق ئۆيى ناھايىتى سىرلىق ئىكەن. ساراي خوجايىنىنىڭ كىچىك ئوغلى ماڭا دەپ بەردى. ئۇ ئۆي داۋاملىق قۇلۇپلاقلىق تۇرىدىكەن، كېچىلىرى ئۇ يەرگە مېھمانلارنىڭ كىرىپ، چىققانلىقىنى زادى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن. بىراق تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇ ئۆيدە چىراغ يېنىق تۇرغىدەك. خاك، ئويلاپباقە! ئاشۇ سىرلىق ئۆي — بىز ئىزدەۋاتقان "ئىككىنچى نومۇر"نىڭ ئۆزى شۇ!

— توغرا، مېنىڭچىمۇ شۇ. ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟

— مەن ئويلاپ باقاي! تام بىر ھازاغىچە جىمىپ كەتتى.

— ئاشۇ ئۆينىڭ ئارقا تەرىپىدە بىر تار كوچا بار ئىكەن، — دېدى تام بىردەمدىن كېيىن، — سەن بىرقانچە تال ئاچقۇچ تېپىپ كەل. مەنمۇ ھاممامنىڭ ئاچقۇچلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوغرىلاپ كېلىمەن. ئاندىن ئاي قاراڭغۇسىدا ئىشنى باشلايمىز. ئېسىڭدە بولسۇن، سەن ئىنجان جونى كۆزىتىسەن. چۈنكى، ئۇ بازارغا ئىنتىقام ئالغىلى كېلىدۇ. ئۇنى كۆرگەن ھامان ئىزىغا چۈشكىن. ئۇ ئەگەر ھېلىقى ئىككىنچى نومۇرلۇق ئۆيگە كىرمىسە، بىزنىڭ پەرىزىمىز خاتا بولغان بولىدۇ.

— نېمە؟ مەن يالغۇز ئۆزۈم ئىزىغا چۈشەمدىمەن؟ قورقىمەن، تام.

— كېچىسى تۇرسا، ئۇ سېنى كۆرمەيدۇ. كۆرۈپ قالسىمۇ سەندىن

گۇمانلانمايدۇ.

— ئەگەر ھاۋا تۇتۇق بولسا بولىدۇ. بىراق مەن...مەن.... ھەي، مەن يەنىلا بارمايچۇ، تام!

— ئەگەر راستتىنلا شۇنداق قورقساڭ، بولدى مەن ئىزىغا چۈشەي.



ئۇيلىمامسەن خاك، ئەگەر ئۇ ئىنتىقام ئېلىشقا پۇرسەت چىقىرالماي، ھېلىقى پۇللارنى ئېلىپ تىكىۋەتسە، چاتاقنىڭ چوڭى چىقمامدۇ؟

— گېپىڭ ئورۇنلۇقكەن، تام. بولدى، ئۇنىڭ ئىزىغا مەن چۈشەي.

— ماۋۇ گېپىڭ بولدى. قىلمىز دېگەن ئىشنى ئوغۇل بالىدەك غاچ- غۇچ قىلىشىمىز كېرەك- دە!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سارايدىكى مەخپىيەتلىك

شۇ كۈنى كېچىسى تام بىلەن خاك ئىككىسى بۆلۈنۈپ بىرەيلەن سارايىنىڭ ئارقا ئىشىكىنى، يەنە بىرەيلەن ھېلىقى خالتا كوچىنى كۆزىتىپ تۇردى.

سائەت توققۇز يېرىم بولدى. بىراق ھېلىقى خالتا كوچىدا بىرەر ئادەمنىڭ سايىسى كۆرۈنمىدى؛ ھېلىقى ئىسپان گاچىمۇ سارايىنىڭ ئارقا ئىشىكىدە پەيدا بولمىغاندەك ئەمەس ئىدى.

كېچە سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. تام ئۆيىگە قايتىپ كەتمەكچى بولدى. ئۇ خاكقا ئەگەر ھاۋا تۇتۇلۇپ قالغۇدەك بولسا، مىياڭلاپ شەپە بېرىپ ئۆنى چاقىرىشنى تاپىلىدى.

بىراق، ئاي نۇرى تېخىچىلا ھەممە نەرسىنى خۇددى كۈندۈزدەكلا يورۇتۇپ تۇردى. بۇنداق ئەھۋالدا قول سېلىش بىئەپ ئىدى. سائەت ئون ئىككىلەر بىلەن خاكمۇ چىدىيالماي يوغان بىر سوغىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇخلاپ قالدى.

سەيشەنبە كۈنىمۇ ئاي يەنە ئۆز نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ تۇرىۋالدى. چارشەنبە كۈنىمۇ ئاشۇنداق ئايدىڭ كېچە بولدى.

پەيشەنبە كۈنىگە بارغاندا ئاي قېلىن بۇلۇتلار ئارىسىغا مۆكۈندى. بۇنىڭ بىلەن ئەتراپ سىياھدەك قاراڭغۇلۇققا چۆمدى.

تام ھامىسىنىڭ كونا ئاليۇمىن پەنىرى بىلەن بىر دانە لۆڭگىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقتى.

تام پەنەرنى خاك ئۇخلايدىغان ھېلىقى يوغان سوغىنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويۇپ، خاك بىلەن بىللە كۆزەتچىلىكنى باشلىۋەتتى.

سائەت ئونبىر بىلەن سارايىنىڭ چىراغلىرى ئۆچتى، ئىشىكلىرىمۇ تاقالدى.

ئۇلارنىڭ كۆزىگە ھېلىقى گاچا ئىسپان چىلىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. خالتا كوچىغا ھېچكىم كەلمىدى. ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ئىدى. يىراقتىن ئاندا- ساندا

ئاڭلىنىۋاتقان گۈلدۈرماما ئاۋازى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى.
تام پەنەرنى خاك ئۇخلايدىغان يوغان سوغا ئىچىدە ياندۇرۇپ، ئۇنى لۆڭگىدە مەھكەم ئوردى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى تەۋەككۈلچى تون قاراڭغۇسىدا ساراي تەرەپكە قاراپ ئېھتىيات بىلەن يۈرۈپ كەتتى.
پىلان بويىچە خاك ئارقىدا تۇرۇپ كۆزەتچىلىك قىلدى، تام ئۇدۇل خالتا كوچىغا كىرىپ كەتتى.
خاك سىرتتا تۇرۇپ تامنى ساقلاپ ئەنسىرەپ كېتىۋاتاتتى. بىراق شۇنچە ساقلىسىمۇ ئۇ چىقمىدى.
— ئۇنى بىرسى ئۇرۇپ ئايلاندۇرىۋەتتىمۇ يا؟ ئۆلتۈرىۋەتكەن ئوخشايدۇ- دە. قورقۇپ ياكى بەك خۇشال بولۇپ كېتىپ يۈرىكى يېرىلىپ كەتتىمۇ يا؟
دەككە- دۈككە ئىچىدە قالغان خاك، مانا ئەمدى قورقۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ نەپەسلىرى تېزلىشىپ، يۈرەكلىرى دۈپۈلدەشكە باشلىدى.
دەل شۇ چاغدا غۇۋا بىر يورۇقلۇق كۆرۈندى- دە، ئارقىدىن تام ئالدى- ئارقىسىغا قارىماي قېچىپ چىقتى.
— ۋاي تېز قاچ خاك، جېنىڭنى قۇتقۇز!
تامنىڭ بۇ ئاۋازى ئىشنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. خاكمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بەدەر قاچتى.
بۇ ئىككىسى بازارنىڭ سىرتىدىكى تاشلاندۇق قۇشخانىنىڭ يېنىغا بېرىپ توختىدى.
ئۇلار يوغان سوغىنىڭ ئىچىگە كىرىپ تۇرۇشىغا يامغۇر چېلەكلەپ قۇيغاندەك تۆكۈۋەتتى.
— خاك، بەك قورقۇپ كەتتىم، — دېدى تام بىر ھازادىن كېيىن ئۆپكىسىنى بېسىپ، — مەن ئىككى ئاچقۇچنى ئاران قولۇپقا سېلىپ سىناپ باقتىم. بىراق قورقۇپ قولۇم تىترەپ تۇرغاچقا ئاچقۇچلار شاراقلاپ كەتتى. مەن ھودۇقۇپ نەپەسمۇ ئالالماي قالدىم. قۇلۇپقا سالغان ئاچقۇچنى بۇرىسام زادى مىدىرلىماي قويدى. ئېھتىياتسىزلىقتىن ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ

قاپتىكەنمەن ئىشىك ئۆزلۈكىدىنلا ئېچىلىپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ ئىشىكتە قۇلۇپ يوقكەن. مەن ئۆيگە ئالدىراپ كىرىپ، چىراغنى ئورنىغان لۆڭگىنى شۇنداق ئاچمايمەنمۇ، كاساپەت قورقۇپ ئىشتانغا چىقىرىۋەتكىلى تاس. تاماشا قالدىم.

— نېمىدىن قورقتۇڭ، تام؟

— مەن ئىنجان جوننىڭ قولىغا دەسسىۋالغىلى تاس قاپتىمەن ئەمەسمۇ!

— راستىما؟

— سېنى ئالداۋاتقىنىم يوق. ئۇ پول ئۈستىدە ئىككى قولىنى كېرىپ، ئوڭدا يېتىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ. كۆزىدە ھېلىقى كۆزەينىكىمۇ بار تېخى.

— پاھ، نېمانچە قورقۇنچلۇق! سەن قانداق قىلدىڭ؟ ئۇ ئويغىنىپ قالدىما؟

— ياق، ئېھتىمال مەست ئوخشايدۇ. مەن لۆڭگىنى ئالدىم- دە ئارقامغا بۇرۇلۇپ بەدەر قاچتىم.

— ئەگەر مەن بولسام، لۆڭگىنى ئېلىپ قېچىش ھەرگىز يادىمغا كەلمەيدۇ، جۇمۇ!

— ئەگەر لۆڭگىنى ئۇنتۇپ تاشلىۋەتسەم ھاممام بىلىپ قالسا قانداق قىلاتتىم؟

— ھەي تام، ھېلىقى تىللا ساندۇقىنى كۆردۈڭمۇ؟

— سەپسېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم. شۇڭا ساندۇقنىمۇ، كرېستنىمۇ كۆرەلمىدىم. كۆرگىنىم پەقەت ئىنجان جوننىڭ قېشىدا تاشلاقلىق تۇرغان بىر ھاراق بوتۇلكىسى بىلەن ئاليۇمىن رومكا بوپتۇ، شۇ. ھە راست، ئۇ ئۆيدە يەنە يوغان ئىككى كۆپ ھاراق بىلەن نۇرغۇن رومكىلار تۇرىدۇ. خاك، ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسەن، جىن ئۈۋىلايدىغان ئۇ ئۆي زادى قانداق ئۆي؟

— تاگەي!

— ئۇ جىنلارنىڭ ئەمەس، ھاراقكەشلەرنىڭ ئۈۋىسى ئىكەن! ئېھتىمال ھاراق ئىچىشكە بولمايدىغان ھەممە سارايدا ئاشۇنداق ئۆي بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ يەردە كىشىلەر ساقچىلاردىن ئوغرىلىقچە ھاراق ئىچىدۇ. شۇنداقمۇ،

خاك؟

— مېنىڭچىمۇ شۇنداق. ھەي تام، ئىنجان جو مەست بولۇپ قالغان بولسا، مۇشۇ پۇرسەتتە بىز بېرىپ ھېلىقى ساندۇقنى ئەكىلىۋالمامدۇق!

— ئۇنداق بولسا سەن بېرىپ سىناپ باق.

— مەن بېرىشتىن قورقىمەن، — دېدى خاك بېشىنى چايقاپ.

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ قورقىمەن. ئۇنىڭ يېنىدا بىر قۇرۇق بوتۇلكا تۇرىدۇ. ئانچە قاتتىق مەست ئەمەس تايىنلىق. ئەگەر قۇرۇق بوتۇلكىدىن ئۈچى تۇرغان بولسا باراتتىم.



www.uyghurkitap.com

بۇ ئىككىسى خېلىغىچە جىمىپ كەتتى.

— ھەي خاك، بىزچۇ ئىنجان جونىڭ ئاشۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى چوقۇم بىلىشىمىز كېرەك، — دېدى تام، — بايا سەن دېگەندەك قاراملىق قىلىشقا زادى بولمايدۇ. ئاخشىمى، ئەتىسى كۆزىتىپ تۇرساقلا، ئۇنىڭ چىققانلىقىنى ھامان كۆرىمىز. ساندۇقنى ئاشۇ چاغدا ئېلىپ چىقساق بولىدۇ.

— ماقۇله، ئۇنداق بولسا ھەر كۈنى كېچىسى مەن كۆزەت قىلىمەن، باشقا چاغلاردا سەن.

— ئەگەر ئۇ ئۆيدىن چىقىپ قالسىلا سەن دەرھال بېرىپ مېنى چاقىر. ئەگەر مەن ئۇخلاپ قالغان بولسام، ئۇششاق شېغىلنى دېرىزىگە قارىتىپ ئاتقىن، مەن چوقۇم چىقىمەن.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى.

— يامغۇرمۇ توختىدى. مەن ئۆيگە قايتىمەن. ئېھتىمال كۆپ بولسا يەنە ئۈچ سائەتتىن كېيىن تاڭ يورۇيدۇ. سەن ئۇ يەرگە ھازىر بېرىپ تاڭ يورۇغىچە كۆزەتكىن، ماقۇلمۇ؟

— بۇنى دېمىسەڭمۇ بىلىمەن. بۇندىن كېيىنمۇ مەن كۈندۈزى ئۇخلاپ، كېچىسى راۋۇرۇس كۆزەتچىلىك قىلىمەن.

# تۆتىنچى باب



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچىم تورى

# دالا تامىقى

جۇمە ئەتىگەنلىكى تام تۇيۇقسىزلا بىكىنىڭ ئۇنى دالا تامىقى زىياپىتىگە تەكلىپ قىلغان باغىقىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ سىرتقا ساياھەتكە چىققان ساتچىر سودىيە ئائىلىسى تۈنۈگۈن كەچتە قايتىپ كەلگەن ئىدى. بىك ئاپىسىغا دالا تامىقى زىياپىتىنى ئەتىلا ئۆتكۈزەيلى ، دەپ تۇرۇۋالدى . بىكىنىڭ ئاپىسى بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. شۇڭا باغاقلار دەرھال تارقىتىلغان ئىدى .

باغاق ئالغان باللار ئەتىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى خۇشاللىق ۋە تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئۇلار ھە دەپ ئەتىسى ئېلىپ بارغان نەرسە- كېرەكلىرىنى ئالدىراپ تەييارلىشاتتى . تاممۇ شۇ كۈنى كېچىسى ھاياجاندىن تۇزۇكرەك ئۇخلىيالمىدى.

تام كارىۋىتىدا خاكىنىڭ مىياۋلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى . ئۇنىڭ كۆڭلى خۇددى ھېلىقى ئالتۇن- كۈمۈشلەرنى بۈگۈنلا تېپىۋالىدىغاندەك قىلىپ تۇراتتى. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇ بىك ۋە زىياپەتكە كەلگەن ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېتتى- دە! بىراق، بۇ كېچە خاكتىن سادا كەلمىدى.

ئەتىسى سائەت ئوندىن ئۆتكەندە بىر توپ بالا ساتچىر سودىيەنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشتى . ھەممە تەييارلىقلىرى پۈتۈپ بولغان باللار يولغا چىقىشنىلا كۈتۈپ تۇراتتى.

بۇنداق ساياھەتكە چوڭلارمۇ قېتىلىۋالسا باللار تارتىنىپ قېلىپ ئەركىن- ئازادە ئوينىيالمايتتى . شۇڭا باللارنى ئېلىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئاكىسى ياكى ئاچىسى ئىدى. شۇ كۈنى قىرىشقاندەك سىد ئاغرىپ قېلىپ تام بىلەن بىرگە بارالمىدى. مارىمۇ سىدقا قاراپ ئۆيدە قالمىسا بولمايتتى.

بۇ قېتىمقى ساياھەت ئۈچۈن ساتچىر ئائىلىسى مەخسۇس بىر ماتورلۇق كېمە ئىجارە ئالدى.

خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا پاتماي قېلىۋاتقان باللار لىقمۇ لىق يېمەكلىك قاچىلانغان سېۋەتلەرنى كۆتۈرۈپ تالاغا مېڭىشتى.

— سەپەرگە چىقىپ كېتىۋاتىسىلەر، بالام — دېدى ساتچىر خانىم باللار مېڭىش ئالدىدا قىزىغا ئالاھىدە تاپىلاپ، — يېنىڭلاردا چوڭلار يوق. شۇڭا خەتەرلىك جايلارغا قەتئىي بارماڭلار. مەن بىللە بارغان بولسامغۇ خاتىرجەم بولاتتىم.

— ئاپا، سىزنىڭ بارمىغىنىڭىز ياخشى بولدى. بولمىسا ئۇنى قىلما، بۇنى تۇتما، دەپ ئادەمنى زېرىكتۈرىۋېتەتتىڭىز . ئاران دېگەندە بىر قېتىم بۇنداق ساياھەتكە چىققاندا ئارقىمىزغا كىرىۋالسىڭىز ئادەمنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ قالامدۇ؟

— ۋىيەي شۇنداقمۇ تېخى؟ بىراق، تامدەك باللار بەك قولاق كەستى كېلىدۇ. ئۇلار يىراق يەرلەرگە باشلىسا ھەرگىز بارماڭ، قىزىم.

— بۇلارنى بىلىمەن، بولدى قىلىڭا ئاپا!

— قارىغاندا بۈگۈن قايتىپ كېلەلمەيدىغاندەك قىلىسىلەر. كەچتە پرېستاننىڭ يېنىدىكى ساۋاقدىشىڭىزنىڭ ئۆيىدە قونۇڭلار .

— ئۇنداق بولسا بىز سۇسان خاپېرنىڭ ئۆيىدە قونايلى ، ئاپا.

— بولىدۇ بالام. بىراق گەپ ئاڭلاڭلار، خەقنى ئاۋارە قىلىدىغان ئىشنى قىلماڭلار!

— ماقۇل ئاپا، بىز كەتتۇق.

بىراق، يولغا چىقىپ بىر- ئىككى قەدەم ماڭا- ماڭمايلا تام بېكقا گەپ ئۆگەتكىلى تۇردى.

— بېك ، بۈگۈن سۇسان خاپېرنىڭ ئۆيىدە قونماي، دوگلاس ئائىلىسىدە قونايلى . دوگلاس خانىم بىزگە ماروژنى بېرىدۇ.

— ئاپام بىلىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟

— ئاپاڭ نەدىن بىلەتتى ، ئۇنى!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىك باشتا تامنىڭ گېپىگە ئانچە قوشۇلمىدى. كېيىن تەستە ماقۇل بولدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، باللار ماتورلۇق كېمىگە چىقتى. كېمە بارلاردىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دەل - دەرەخلەر بۈك - باراقسان ئۆسۈپ كەتكەن جىلغا ئېغىزىغا كېلىپ توختىدى.

باللار ئۈۋىسىدىن چىققان ھەسەل ھەرىلىرىدەك چېپىشىپ دەريا لېۋىگە كەلدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلارنىڭ قىقاس - چۇقانلىرى ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئېگىز قىيا ئۈستىدىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئۇلار خۇشاللىقىدا راسا ئويناپ، قورساقلىرى ئاچقان چاغدا بارگاھىغا قايتىپ كەلدى. ئۇلار قورسىقىنى تويغۇزىۋالغاندىن كېيىن شاخلاپ ئۆسكەن بىر تۈپ كوكۇس دەرىخىنىڭ تۈۋىدە سايداپ ئولتۇرۇشتى. گەپ ئارىلىقىدا بىرەيلەن مۇنداق تەكلىپنى بەردى:

— ماكتورىس غارىغا بېرىپ ئوينىساق قانداق؟

— بەلەن گەپ بولدى، بارايلى!

باللار بۇ تەكلىپكە تۇشمۇ تۇشتىن قوشۇلدى ۋە سەكرىشىپ - تاقلىشىپ تاغقا يامىشىپ ماڭدى.

غارنىڭ ئۆچ بۇرجەك ئېغىزى تاغنىڭ قاپ بېلىدە بولۇپ، مەزمۇت ئىشىكى ئوچۇق تۇراتتى.

غارنىڭ ئىچى ھەم قاراڭغۇ، ھەم مۇزخانىدەك سوغۇق ئىدى. ئىككى تېمى تەبىئىي ھاك تاشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئۈستىدىن خۇددى سوغۇق تەردەك سۇ تامچىلاپ تۇراتتى.

باللار دەسلەپتە بۇ سۈرلۈك غاردىن ئەيمىنىپ، ئۈن چىقارمىدى. بىردەم كۆنۈۋالغاندىن كېيىن يەنە ئۆزلىرىنىڭ قىقاس - چۇقانلىرىنى باشلىۋەتتى.

ئۇلار بىرنەچچە تال شام تېپىپ كەلدى. بىراق شامنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ مېڭىشقا قىزىققان باللار ياندۇرۇلغان شامنى تالىشىپ يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. شام ئۆچۈپ قالدى. باللار پاراققىدە كۈلۈۋېتىشتى. باللارنىڭ كۈلكە ئاۋازى غار

ئىچىدە كۆچلۈك ئەكس سادا قايتۇردى.
ئاندىن ئۇلار ئۇزۇن سەپ بولۇپ، شام نۇرىغا ئەگىشىپ غارنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى. غارنىڭ ئېگىزلىكى ئون سەككىز مېتىر، كەڭلىكى ئىككى- ئۈچ مېتىر بولۇپ، ھەر بەش مېتىردا بىردىن ئاچال بار ئىدى.
ماكتورس غارى ئەسلىدە نۇرغۇن ئەگرى- بۈگرى ئۆتۈشمىلەردىن تۈزۈلگەن غايەت زور سىرلىق ئۇوردا ئىدى. ھېلىقى ئۆتۈشمىلەر ئاچاللار ئارقىلىق ئۆز ئارا تۇتىشىپ يەنە نەلەرگىدۇر ئۇزىراپ كېتەتتى. بەزىلەر "ئىلگىرى بۇ غارغا سایاھەتكە كەلگەنلەر دىققەت قىلماي ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە مېڭىۋەرگەچكە ئېزىپ قېلىپ، نەچچە كېچە- كۈندۈز مېڭىپمۇ ئۇنىڭ چىقىدىغان ئېغىزىنى تاپالماپتىكەن " دېيىشەتتى.
باللار بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان بولغاچقا، ئۆز ئالدىغا مېڭىپ بېقىشقا پېتىنالمىدى . ھەتتا تەۋەككۈلچى تام سويېرمۇ بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان ئىدى.
باللار غاردا بىرەر كىلومېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن، ئىككى- ئۈچتىن بۆلۈنۈپ ھېلىقى كىچىك ئۆتۈشمىلەردىن مېڭىپ باقتى. ئۇلار ئاجايىپ- غارايىپ قىيا تاشلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ قاياقا مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. قورقۇپ كەتكەن باللار ھەمراھلىرىنى ئۇچراتقان ھامان غاردىن دەرھال قېچىپ چىقىۋېلىشتى . غاردا كىچىك ئۆتۈشمە ناھايىتى كۆپ بولۇپ، شام بولمىسا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ مۆكۈشمەك ئوينايدىغان ياخشى جاي ئىدى.
بىردەمدىن كېيىن باللار توپ- توپ بولۇشۇپ چۇرقىراشقىنىچە غاردىن چىقىپ كەلدى.
ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ ئۇستىۋېشى ھۆل بولۇپ كەتكەن، بەزىلىرىنىڭ كىيىملىرىگە شام ئېرىندىسى تېمىپ كەتكەن، يەنە بەزىلىرى توپىغا مىلىنىپ كەتكەنىدى. بىراق ھەممىسى ئىنتايىن خۇشال ئىدى.
ۋاقىت شۇنداق تېز ئۆتتى، بىردەمدىلا كەچ كىردى. ماتورلۇق كېمىگە يىغىلىش قوڭغۇرىقى يېرىم سائەت بۇرۇنلا چېلىنىپ بولغان ئىدى.
خۇشلۇقتا ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن باللار قايتىش ئۈچۈن ماتورلۇق كېمىگە چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر تورى

# خاكنىڭ ئىز قوغلىشى

ھېلىقى كۈنى سىياھدەك قاراڭغۇ كېچە بولدى. خاك ھېلىقى يەرگە بېرىپ كۆزەتچىلىك قىلدى.

سائەت ئون بولغاندا كوچا جىمىدى ، ئۆيلەردىكى چىراغلارمۇ ئۆچتى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن بازار ئۇيقۇغا كەتتى.

سائەت ئون بىردىن ئۆتكەندە، سارايىنىڭ چىراغلىرىمۇ ئۆچۈپ ھەممە يەر قاپقاراڭغۇلۇققا ئايلاندى. خاك ئۇزۇن ساقلىدى. لېكىن ھېچقانداق تىۋىش يوق ئىدى. ئىچى پۇشقان تام قايتىپ بېرىپ ئۇخلىماقچى بولدى.

دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىز بىر شەپە ئاڭلىنىپ قالدى.

خاك شەپە چىققان تەرەپكە قارىدى. سارايىنىڭ ئارقا ئىشىكى ئاستا ئېچىلغاندەك قىلدى. خاك دەرھال خالتا كوچىنىڭ ئايلانمىسىدىكى بىر بۇلۇڭغا مۆكۈۋالدى . ھېلىقى ئىشىكتىن ئىككى ئادەم چىقىپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بىرەيلەن قولىدا بىر نەرسە كۆتۈرۈۋالغان ئىدى .

بۇنى كۆرگەن خاك ئۆزىچە قىياس قىلىپ باقتى:

— چوقۇم ھېلىقى تىللا ساندۇقى. ئۇلار ئەسلىدە پۇللارنى باشقا جايغا يۆتكىۋەتمەكچىكەن- دە ! ياق! تامنى چاقىرىپ كەلگۈچە ئۇلار كۆزدىن يىتىدۇ . شۇڭا ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشەي، ئۇلار زادى نەگە بارىدىكىن! ھەرنېمە بولسا بۈگۈن قاراڭغۇ بولۇپ بەردى، ئۇلار مېنى ھەرگىز بايقىيالمايدۇ .

خاك شۇلارنى ئويلىغاچ ھېلىقى ئىككىسىگە سوكۇلداشتى . ياللىئاياغ خاك ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن خۇددى مۈشۈكتەك مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ، تۇيدۇرماي ئەگىشىپ ماڭدى.

ئۇلار دەرياني بويلاپ بەش- ئالتە يۈز مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن سولغا بۇرۇلدى. ئۇلار ئۇدۇل كادىيف تېغىنىڭ ئېتىكىگە بېرىپ، تاغقا ياماشتى. تاغنىڭ

قاپ بېلىدىكى ۋاللېست بوۋاينىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ، يەنە تاغ چوققىسىغا قاراپ مېڭىۋەردى .

— ئۇلار تىللا ساندۇقنى تاغدىكى كانغا ئاپىرىپ كۆمەمدۇ يا؟

خاك شۇنداق ئويلاپ تۇرۇشىغا ئۇلار كانغا يېتىپ بېرىپ ئۇ يەردىمۇ توختىماي ئۇدۇل تاغ چوققىسىغا چىقتى ۋە قويۇق ئورمانلىق ئىچىدىكى چىغىر يولغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

ئۇلارنى يىتتۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن خاك ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ باقتى. بىراق ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىيالمىغاچقا يەنە توختاپ قالدى.

ئەتراپ جىمجىت ئىدى. خاكقا پەقەت ئۆزىنىڭ يۈرەك سوقۇشىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

شۇ ئارىدا تاغ ئارقىسىدىن مۈشۈكياپىلاقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — ئاپلا، بۇ بىرەر شۇملۇقنىڭ بېشارىتىمۇ ؟ ئۇنداقتا بۇ ئىككىسىنى قاچۇرۇپ قويدۇممۇ؟

خاك تاغدىن چۈشەي دەپ تۇرۇشىغا ئىككى مېتىر نېرىدىن بىرسىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. بۇنىڭدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن خاكنىڭ پۇت- قوللىرى دىرىلداپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. ئەمما ئۇ ئۆزىنى دەرھال بېسىۋېلىپ، ئەتراپقا سەپسالدى. خاك ئۆزىنىڭ دوگلاس ئائىلىسىنىڭ ئالدىدىكى تاش پەلەمپەيدىن بەش- ئالتە قەدەملا نېرىدا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى .

— بۇمۇ ياخشى بولدى. ساندۇقنى مۇشۇ ئەتراپقا كۆمسە ئۇنى تاپماقمۇ تەس ئەمەس .

شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىزلا ئىنجان جوننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يېرىم كېچىگىچە چىراغ ئۆچمىگىنىگە قارىغاندا ئۆيدە مېھمان بار ئوخشايدۇ.

— ئەمىسە مەن چىراغنى ئەجەب كۆرەلمىدىمغۇ ؟ — دېدى ئۇنىڭ ھەمراھى.

بۇنى ئاڭلىغان خاك چۆچۈپ كەتتى. ئۇلار قانداقلارچە دوگلاس خانىمدەك تۇل خوتۇندىن ئىنتىقام ئالماقچى بولىدىغاندۇ؟ دوگلاس خانىمنىڭ ئۆزىگە

www.uyghurkitap.com

قىلغان نۇرغۇن ياخشىلىقلىرىنى ئەسكە ئالغان خاك دەرھال بىرىپ ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىپ قويماقچى بولدى. بىراق ئازراقلا مىدىرلىسا ئىنجان جولار ئۇنى تونۇۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟

ئىنجان جونىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— دەرەخ توسۇۋالدى ، ئۇياقىراق بارساڭ كۆرمەمسەن!

— راست، دېگىنىڭ توغرىكەن . ئۆيدە چوقۇم مېھمان بار.

— ياق، — دېدى ئىنجان جو ، — ئەمدى كەتسەم كەلمەيمەن. ھازىر قول سالمىساق ئەمدى پۇرسەت يوق. ساڭا دېدىمغۇ. ئۇنىڭ پۇلىغا كۆز قىرىمنى سالمايمەن، پۇللىرىنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن. ئۇنىڭ ئېرىنىڭ قانچىلىك ياۋۇز بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيسەن. ئۇ ئامانلىق ئەمەلدارى بولغان چاغلاردا مېنى ”سەن يۈزى قېلىن ئاققۇن“ دەپ تىللاپ، تۈرمىگە سولاپ، قامچا بىلەن بەك ئۇرغان. ئۇ ئۆلۈپ كەتتى. مەن ھېسابىنى ئەمدى ئۇنىڭ خوتۇنىدىن ئالىمەن.

— ساڭا ئەلەم قىلغىنى ئۇنىڭ ئېرى تۇرسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ نېمە قىلىسەن؟

— ئۇنىڭ ئېرى ھازىرغىچە بولغان بولسىغۇ، تۇرغان يېرىدىلا بوغۇزلىۋەتكەن بولاتتىم. بىراق ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ بۇرنى بىلەن قۇلىقىنى كېسىۋالساملا بولدى.

— بەك ۋەھشىيكەنسەن !

— نېمە؟ سەنمۇ مېنى توسماقچىمۇ؟ بىلىپ قوي، ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ سېنىمۇ قوشۇپ بوغۇزلىۋېتىمەن . بىز ئىندىئانلار ئىنتىقامىمىزنى ئالماي قويمايمىز!

— ماقۇل، گېپىڭگە كىرەي. بىراق، تۇرۇۋېرەمسەن ؟ ھازىرلا قول سالمامسەن !

— ئۆيدە مېھمان تۇرسا قانداق قول سالغىلى بولىدۇ؟ چىراغ ئۆچسۇن !

# ۋاللېست بوۋايغا ئىلتىجا

ئىنجان جونىڭ ئاشۇ گېپىدىن كېيىنكى تىمتاسلىق خاكقا "ئادەم ئۆلتۈرمەن" دېگەن سۆزدىنمۇ ۋەھىمىلىك بىلىنىپ كەتتى.

ئۆزىنى ئاران بېسىۋالغان خاك ، بىر پۇتىنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئارقىغا بىر قەدەم يۆتكىدى، قەددىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن يەنە بىر پۇتىنى يۆتكىدى. ئۇ ئاشۇ تەرىقىدە بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ئارقىغا چېكىندى. بىراق ئۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن كىچىك بىر توپ كۆچەتكە دەسسىۋالدى ، كۆچەت قاراس قىلىپ سۇنۇپ كەتتى. بۇنىڭدىن چۆچىگەن خاكنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى سوغۇق تەر باستى. ئۇنىڭ تەلىيىگە ئىنجان جولار بۇنى سەزمىدى. خاك ئارقىغا غاچچىدە بۇرۇلدى- دە، قەدىمىنى تېزلەتتى.

ئۇ كان قۇدۇقىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇھ دېدى- دە، ۋاللېست بوۋاينىڭ ئۆيىگە قاراپ ئوقتەك چاپتى.

ھاسىراپ- ھۆمۈدەپ كەتكەن خاك ۋاللېست بوۋاينىڭ ئىشىكىنى ئەنسىز قاقتى. ۋاللېست بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ تەمبەل ئىككى ئوغلى دەرھال دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى:

— كىم سەن؟ يېرىم كېچىدە نېمىشقا ئىشىكنى قاقىسەن ؟

— مەن خاك بېرى فىنىن . ئىشىكنى چاپسان ئېچىڭلار، دەيدىغان مۇھىم گەپ بار!

— خاكمۇ سەن؟ بۇگۈن سەن يەيدىغان ئاشقان تاماق يوق!

— ياقەي، مەن ئاچ قېلىپ كەلمىدىم. ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىشنى دېگىلى كەلدىم.

— نېمە؟ — دېدى بوۋاي كۆڭلىدە بىر ئىشنى تۇيغاندەك، — مېڭىڭلار باللىرىم ئىشىكنى ئېچىۋېتىڭلار !

خاك ھاسىراپ- ھۆمۈدەپ ئىشىكتىن پۈتىنى تەستە ئالدى- دە، دەلدۈگۈنۈپ

www.uyghurkitap.com

يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى.

— سۇ... سۇ... ماڭا سۇ بېرىڭلار، — دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ.

ئۇ بىر چىنە سۇنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئۇھ دېدى:

— مۇھىم بىر گەپ بار. بىراق ھېچكىمگە ئېيتماڭلار!

خاك ئۇلارغا يېلىنغان تەرىزدە گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

— ھېلىقى ئادەم بىلىپ قالسا، مېنىڭ كاللامنى ئالىدۇ، چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ. بىراق دوگلاس خانىمنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىغا ئۇنى قاراپ تۇرۇپ قۇتقۇزمىسام تېخىمۇ بولمايدۇ.

— دوگلاس خانىمغا نېمە بوپتۇ؟

— باشقىلارغا دېمەسلىككە ۋەدە قىلساڭلار ئاندىن دەپ بېرىمەن.

— خاتىرجەم بولغىن! دېمەيمىز، بالىلىرىمنىڭمۇ ئاغزى چىڭ.

شۇنىڭ بىلەن خاك بايىقى ئىشنى باشتىن - ئاياغ سۆزلەپ بەردى.

ئۈچ مىنۇتتىن كېيىن بوۋاي بالىلىرى بىلەن قوراللىنىپ تاغقا چىقتى. خاك ئۇلارغا ئەگىشىپ ئورمانلىقتىكى چىغىر يولغا كەلگەندە يەنە مېڭىۋېرىشكە جۈرئەت قىلالماي، يوغان قورام تاشنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈۋېلىپ ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇردى. ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان جىمجىتلىقتىن كېيىن، تۇيۇقسىز مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىن يەنە بىرسىنىڭ ۋايجان دېگەن ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى. بۇنى ئاڭلىغان خاك ئارقىغا بۇرۇلۇپ بەدەر قاچتى.

ئەتىسى يەكشەنبە ئىدى. تاڭ ئەمدىلا يورۇشىغا خاك يەنە كېلىپ بوۋاينىڭ ئىشىكىنى قاقتى. بۇ چاغدا ئۆيدىكى ھەممەيلەن قاتتىق ئۇيقۇدا ئىدى. بىراق ئاخشام يۈز بەرگەن ئىش ھەممىنى خەۋپسىرىتىپ قويغاچقا، بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ سورىدى:

— كىم؟

— مەن، خاك بېرى فىئىن.

— ۋۇي خاكمۇ سەن؟ كەلگىنىڭ بەك ياخشى بولدى. قېنى ئۆيگە كىر، بالام!

تالا- تۈزدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن خاك ، بۇنداق يېقىملىق سۆزنى ئاڭلىمىغىلى ئۇزۇن زامانلار بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ناھايىتى تەسىرلەندى .ئىشىك ئېچىلدى، خاك ئۆيگە كىردى. بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىندى ۋە خاكنى تەكەللۇپ بىلەن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— بىچارە بالام، قورسىقىڭ ئېچىپ كەتكەندۇ- ھە؟ مەن ھازىرلا ناشتىلىق تەييارلايمەن . ئىسسىق بىر ناشتا قىلايلى. بۇ ئۆيدە تارتىنما ، بالام. مەنمۇ سېنى ئاخشام ئەكىلىپ قوندۇراي ،دەپ ئويلىغانتىم.

— ئاخشام ملتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپلا قورقۇپ قاچتىم، — دېدى خاك بوۋايغا.

— سەن بالىدە تېخى، ئەلۋەتتە قورقىسەن . چىرايىڭ باشقىچىلا تۇرىدۇ. ناشتا قىلىپ بولۇپ راسا بىر ئۇخلىۋالغىن .

— مەن ئاشۇ ئىشنى ئۇقاي دەپ قاق سەھەردە كېلىشىم. ئۇلارغا ئوق تەگدىمۇ؟ مېنىڭغۇ ئۇلارنىڭ جەسىتىنى كۆرگۈم يوق.

— بەك ئەپسۇس، بالام. بىز سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە ئۇلار مۆكۈۋالغان يەرنى تېپىپ بېرىپ، ئالتە- يەتتە مېتىر نېرىغا يوشۇرۇندۇق. ئورمانلىقنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. تاغنىڭ ھاۋاسى سوغۇقمۇ ئىش قىلىپ مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي چۈشكۈرۈپ سالدىم. ئۇلار بۇنى بىلىپ قېلىپ، چىغىر يولغا چىقىپلا قاچتى. بىز تېۋىش چىققان تەرەپكە قارىتىپ ئوق ئاتتۇق.

— ئوق تېگىپتىمۇ ؟

— ھەي، ياق ئۇلارنى قاچۇرۇپ قويدۇق. بىز ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ تۇرۇپ ئوق ئاتتۇق. بىراق تەگكۈزەلمىدۇق .بوۋاي ئاچچىقىدا ئىغىز چىشىنى قاتتىق چىشلىدى.

— ئۇلار قېچىپ كېتىشىپتىپ بىزگە قارىتىپ ئوق ئاتتى. بىراق بىزمۇ



يارىلانمىدۇق . بىز ئۇلارنىڭ ئاياغ تىۋىشى يىتكۈچە قوغلاپ، ئاخىرى يېنىپ چۈشۈپ ساقچىغا مەلۇم قىلدۇق. ساقچىلاردىن بىر گۇرۇپپا ئادەم تاڭ بىلەن تەڭ

دەريا تەرەپكە ئىز قوغلاپ كەتتى. چوڭ ئوغلۇممۇ شۇلار بىلەن بىللە كەتكەن. ئۇ ئىككىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلىگەن بولساقئۇ تېخىمۇ ياخشى بولاتتى- دە. سەنمۇ قاراڭغۇدا ئۇلارنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدىڭمۇ دەيمەن؟

— ياق تاغا، مەن ئۇلارنى بازاردا كۆرگەن ھەم ئىزىغىمۇ چۈشكەن. ئۇلاردىن بىرى ھەم گاس ھەم گاچا ئىسپان بوۋاي، يەنە بىرى چىرايى سەت، كىيىملىرى جۇل- جۇل...

— نېمە؟ ئاشۇ ئىككىسىمۇ؟ مەنمۇ كۆرگەن. بىر قېتىم ئۇلار دوگلاس خېنىمنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپتىكەن . نېمىشقا مېنى كۆرۈپلا غىپپىدە تىكىۋېتەمدىكىن دېسەم ئەسلىدە قورسىقىدا جىن بار نېمىلەركەن- دە! باللىرىم، دەرھال بېرىپ بۇ ئەھۋالنى ساقچى باشلىقىغا مەلۇم قىلىڭلار!

بوۋاينىڭ باللىرى دەرھال ماڭماقچى بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇردى.

— بۇنى مېنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىكىمنى ھەرگىز باشقىلار بىلىپ قالمىسۇن، — دېدى خاك ئۇلارغا يېلىنىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## نامسىز قەھرىمان

ئىككى بالا ماڭغاندىن كېيىن، ئەجەبلەنگەن بوۋاي خاكتىن سورىدى:

— سەن نېمىشقا باشقىلارنىڭ سېنى بىلىپ قېلىشىدىن قورقىسەن؟

— ھېلىقى ئىككى ئەبلەخ مېنىڭ دېگەنلىكىمنى بىلىپ قالسا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

— ۋاي، خاتىرجەم بولغىن! ئۇلار نېمىشقا سېنى ئۆلتۈرەتتى؟ بايا سەن ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشكەنىنىڭ گېپىنى قىلدىڭ. ئۇلارنىڭ ياخشى ئادەملەر ئەمەسلىكىدىن خېلى بۇرۇنلا گۇمانلىنىپتىكەنسەن - دە!

خاك بىر دەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— تۈنۈگۈن يېرىم كېچىگىچە ئويناپ تېخى ئۇخلىمىغان ئىدىم. ھاراق ئىچكىلى قويمايدىغان ھېلىقى سارايىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىكى كونا خۇمدانىنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسام، ھېلىقى ئىككى ئەبلەخ قولىدا بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ ئوغرىلاردەك ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلاردىن بىرەيلەن سەرەڭگىسىنى يېقىپ تاماكا تۇتاشتۇردى. سەرەڭگىنىڭ يورۇقىدا ناھايىتى ئېنىق كۆردۈم. ئۇلاردىن بىرى ئۇزۇن ساقال قويۇپ، قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان ھېلىقى قېرى ئىسپانكەن. يەنە بىرى چىرايلىرى ئادەمنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈرگۈدەك سەت، ئۇچىسىغا جۇل-جۇل كىيىم كىيىۋالغان بىر ئادەم ئىكەن.

— بىر تال سەرەڭگىنىڭ يورۇقىدا بۇنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق كۆرەلىدىڭما؟

بۇ سوئال خاكنى تەمتىرىتىپ قويدى. بۇنىڭغا گەپ تېپىپ بېرەلمىگەن خاك دۇدۇقلاپلا جاۋاب بەردى.

— مەن كۆردۈم... ئىش قىلىپ شۇلار...

— كېيىن ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشتۈڭ ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، دوگلاس خانىمنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغىچە ئىز بېسىپ

باردىم. كېيىن ھېلىقى سەت ئادەم قېرى ئىسپانغا دوگلاس خانىمنى ئۆلتۈرمەسلىكنى ئۆتۈندى. بىراق ھېلىقى گاس- گاچا ئىسپان بۇنىڭغا زادى ئۇنىمىدى. ئۇ دوگلاس خانىمنىڭ بۇرنى، قۇلىقىنى كېسىۋالىدىغانلىقىنى دەپ بەردى. بۇلارنى تونۇغۇن سىزگە دەپ بەرگەنغۇ!

— نېمە؟ گاس- گاچا ئادەممۇ گەپ قىلالامدىكەن ؟

خاك ئەسلىدە ھېلىقى كىشىنىڭ قېرى ئىسپانچە ياسىنىۋالغان ئىنجان جو ئىكەنلىكىنى بوۋايغا بىلدۈرگۈسى يوق ئىدى. بىراق يەنە گەپتىن تۇتۇلۇپ قالدى. بوۋاي خاكقا كۆزلىرىنى تىكىپ :

— بالام، مەندىن يوشۇرمىغىن، راست گەپنى قىل. بۇ زادى نېمە ئىش؟ مەن باشقىلارغا دەپ قويۇپ ساڭا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمەيمەن.

خاك بوۋاينىڭ سەممىيلىكىگە ئىشەندى بولغاي، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ھېلىقى ئىسپان بوۋاي ئەسلىدە ئىنجان جو ئىكەن.

بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەيلا دەپ قالدى.

— ھە، ئەمدى چۈشەندىم. بايا سېنىڭ قۇلىقىنى، بۇرنىنى كېسىۋالغۇدەك ، دېگەن گېپىڭنى ئاڭلاپ، سېنى قەستەن شۇنداق دەۋاتامدىكىن ، دەپ قالغان ئىدىم. چۈنكى ئاق تەنلىكلەر ئۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلمايدۇ. ئارغۇن بولۇپ قالسا، بىر نېمە دېمەك تەس.

بىردەمدىن كېيىن بوۋاينىڭ باللىرى قايتىپ كېلىپ ھەممەيلەن بىرلىكتە ناشتا قىلدى. گەپ ئارىلىقىدا بوۋاينىڭ باللىرى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى پانۇس كۆتۈرۈپ ھېلىقى يەرگە قان ئىزى بارمۇ- يوق، دەپ ئىزدەپ بارغانلىقىنى، ھېلىقى ئىككى كىشىنىڭ يارىلانمىغانلىقىنى، ئاشۇ يەردىن بىر بوغچىمىنى تېپىۋالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە بار ئىكەن؟

خاك ئورۇندۇقتىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپ سورىدى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەن ئىدى.

www.uyghurkitap.com

— نېمه بولاتتى؟ كېچىسى ئوغرىلىق قىلغاندا ئىشلىتىدىغان نەرسىلەركەن . ۋۇي، ساگا نېمه بولدى؟

يۈرىكى جايىغا چۈشكەن خاك ، ئورنىغا قايتا ئولتۇردى.

خاك، بوغچىمىنىڭ ئىچىدىن تىللا چىقىپ قېلىپ، باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە، ئۆزىنىڭ جانىنى ئالىقانىغا ئېلىپ قويۇپ تارتقان جاپالىرىنىڭ بىكارغا كېتىدىغانلىقىدىن ئەنسىرىگەن ئىدى .

ئۇ گاڭگىرىغاندەك ئولتۇرۇپ ئويلىنىپ كەتتى.

— ھەي، نېمه بولدى ساگا؟ بايا نېمانداق قورقۇپ كېتىسەن؟

بۇنى ئاڭلىغان خاك ئالدىرىماي گەپ ياسىدى.

— مەن تېخى ئۇنىڭدىن يەكشەنبىلىك مەكتەپنىڭ دەرسلىكى چىقتىمىكىن ، دەپ قاپتىمەن.

بوۋاي ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتى. بىراق بايا بەك جىددىيلىشىپ كەتكەن خاك ھەرقانچه قىلسىمۇ كۈلەلمىدى .

— بەك كۈلكىلىك گەپ قىلدىڭ. كۈلكه دېگەن ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ. ئادەممۇ كۈلكه بىلەن ئۆتىشى كېرەك- تە!

— نېمه بولدۇڭ خاك ؟ چىرايىڭ بۆلەكچىلا تۇرىدۇ، بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ ھەي بىچارە، ئاخشام بەك قورقۇپ كېتىپسەن- دە! باياتىن بېرى تۇتامى يوق گەپلەرنى قىلىشىپ ئولتۇردۇق. سەل تۇرۇپ راسا قېنىپ بىر ئۇخلىۋالساڭ ئوڭلىنىپ قالىسەن.

ئۇلار ناشتىنىڭ داستىخىنىنى ئەمدى يىغىپ تۇرۇشىغا بىرى ئىشىكنى چەكتى.

خاك ئالمان - تالمان مۆكۈۋالدى . ئۇ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى. دەرۋازىدىن دوگلاس ئەپەندىنىڭ تۇل قالغان خانىمى بىرنەچچەيلەن بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇلار ھويلىغا كىرىپلا ھېچنېمىگه قارىماي ئۇدۇل ئاخشام كېچه ۋەقە سادىر بولغان نەق مەيدانغا قاراپ مېڭىشتى. ئەسلىدە كېچىدىكى ئۇ ئىش ئالللىقاچان تارقىلىپ بولغان ئىدى.

ۋاللېست بوۋاي ئامالسىزلىقتىن ئاخشامقى ئىشنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى. بىراق بىرسىنىڭ ئۆزىدىن ئىنتىقام ئالماقچى ئىكەنلىكىنى ئۇققان دوگلاس خانىم ھەيران قالدى.

— مېنىڭ ئۇلار بىلەن ھېچقانداق ئۆچ - ئاداۋىتىم بولمىسا، نېمىشقا قەستلەيدىغاندۇ؟ بەختىمگە يارىشا سىلەر مېنى قۇتقۇزۇۋاپسىلەر. سىلەرگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيۋاتىمەن.

— ئۇنداق دېمەڭ، خانىم. ئۇنداق دېسىڭىز مەن بەك نومۇس قىلىپ كېتىدىكەنمەن. بىرەيلەن كېلىپ بۇ شۇم خەۋەرنى دېمىگەن بولسا، بىزمۇ سىزنى قۇتقۇزالمايتتۇق.

— نېمە؟ ئۇ كىمكەن؟

— كەچۈرۈڭ خانىم. بۇنى سىزگە دېيەلمەيمەن. چۈنكى ئۇ ماڭا ئۆزىنى باشقىلارغا ئاشكارىلاپ قويماسلىقىمنى قايتا- قايتا تاپىلىغان.

— بىراق، مەن بۇ قۇتقۇزغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشىم كېرەكقۇ! ماڭا دەپ بېرىڭ. خەيرلىك ئىشنى قىلىپ نامىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بۇ قەھرىمان زادى كىم؟

— يوقسۇ خانىم. مەن دەپ بېرەلمەيمەن، ئېھتىمال كېيىن بىلىپ قالارسىز.

— ئاخشام مەن كىتاب ئوقۇپ ياتقان، — دېدى دوگلاس خانىم، — چىراغنى ئۆچۈرمەي ئۇخلاپ تاڭ ئاتقاندا بىراقلا ئويغىنىپتىمەن. ئۇ ئىشلارنى ئەتىگەن ئۇقتۇم. سىز مېنى ئاخشام بارغاندا نېمىشقا ئويغاتمىدىڭىز؟

— ئىككى ئەبلەخ قېچىپ كەتتى. قارىغاندا ئۇلار ئىككىنچىلەپ كېلەلمەيدۇ. شۇڭا سىزنى ئويغىتىپ ئاۋارە قىلماي، دېدىم. بىراق، بىرەر ئىش چىقىپ قالمىسۇن دەپ بىزنىڭ ئۆيدىكى ئۈچ زەڭگە قۇلنى ئۆيىڭىزنىڭ ئەتراپىنى كۆزىتىشكە ئەۋەتتىم. ئۇلار بايا قايتىپ كەلدى.

ئۆيگە كىشىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كىرىپ كېلىشتى. بوۋاي بايىقى گېپىنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىدى. بىر نامسىز قەھرىمان دوگلاس خانىمنى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ، دېگەن خەۋەر قۇلاقتىن قۇلاققا ئۆتۈپ بىردەمنىڭ ئىچىدە پۈتۈن بازارغا پۇر كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى www.uyghurkitap.com

# تام بىلەن بىك يوقاپ كەتتى

ئۇ كۈنى دەل يەكشەنبە ئىدى. بازاردىكىلەر ھېلىقى ئىشنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئەتىگەندىلا چېركاۋ ئالدىغا يىغىلىشتى. بىراق ھېلىقى ئىككى خۇنپەردىن ھازىرغىچە دېرەك يوق ئىدى.

پوپنىڭ ۋەزى ئاياغلاشقاندىن كېيىن كىشىلەر تارقاشتى. ساتچېر سودىيەنىڭ خانىمى ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ خاپو خانىمدىن سورىدى:

— بىرىنىڭ بېك، تونۇگۈنكى ساياھەتتە بەك ھېرىپ كەتكەچكە تېخى ئورنىدىن تۇرماپتۇ-دە؟

— قىزىڭىزنى دېمەكچىمۇسىز، خانىم؟

ساتچېر خانىم خاپو خانىمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ يەنە سورىدى:

— شۇنداق، قىزىم بېكىنى دەۋاتىمەن. ئۇ ئاخشام سىلەرنىڭ ئۆيدە قونمىدىما ؟

— ياق، ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كەلمىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ساتچېر خانىمنىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا تامنىڭ ھاممىسى يەنە بىر خانىم بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ساتچېر خانىم بىلەن خاپو خانىمغا سالام قىلدى.

— تىنچ تۇرۇپسىلەر خانىملار! تونۇگۈن باللار بەك ياخشى ئوينىغاندۇ تايىنلىق؟ مېنىڭ ھېلىقى كەپسىزىم ئۆيگە قايتمىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. ئېھتىمال سىلەرنىڭ بىرەرسىڭلارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىمىكىن، دېدىم. قايسىڭلارنىڭ ئۆيىدىكىن ؟ مانا ھازىرغىچە ئىبادەتكە كەلمىدى. مانا ھازىر ئۇنى ئىزدەپ مېڭىشىم.

ساتچېر خانىم بېشىنى چايقىدى. ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ كېتىۋاتاتتى. خاپو خانىم ئەنسىرەپ سورىدى:

— تام ئاخشام بىزنىڭ ئۆيگە بارمىدى.

تامنىڭ هاممىسى بۇنى ئاڭلاپ ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ چەتتە قاراپ تۇرغان جوخاپودىن سورىدى:

— بۈگۈن ئەتىگەن تامنى كۆردۈڭمۇ بالام؟

— ياق.

— ئۇنداقتا، ئاخشام ئىككىڭلار بىر يەردە ئەمەسكەنسىلەردە ؟

— ياق، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەمەس. ئۇ بېكى بىلەن بىللە ئىدى.

— قايتىدىغان چاغدىچۇ ؟

— بۇنى بىلمەيمەن. بىراق ئېسىمدە قېلىشىچە غارغا ئاشۇ ئىككىسى بىللە كىرگەندەك قىلغان.

چىركاۋدىن چىققانلارنىڭ هەممىسى تۇرۇپ قېلىشتى. بولغان ئەهۋالنى ئاڭلىغان كىشىلەر ساراسىمىگە چۈشۈشتى.

ئۇلار باللار بىلەن بىللە بارغانلارنىڭ هەممىسىدىن سورىدى. ساياهەتتىن قايتىپ ماڭغاندا تام بىلەن بېكىنىڭ ماتورلۇق كېمىگە چىققانلىقىنى هېچكىم كۆرمىگەن ئىدى. كىشىلەرنىڭ هەممىسى كېمە ئىگىسىنى كېمىگە قايتىپ چىققان باللارنى ساناپ كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن تۇشمۇ تۇشتىن ئەيىبلىشىپ كەتتى.

— ئۇ ئىككىسى ئېهتىمال ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە قالغان گەپ ، — دېدى ياشراق بىرەيلەن گەپنى ئۇدۇللا قىلىپ.

بۇنى ئاڭلىغان ساتچىر خانىم تۇرغان جايىدىلا ئايلىنىپ كەتتى. تامنىڭ هاممىسمۇ هۆكرەپ يىغلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن كادىبى تېغىدا يۈز بەرگەن ئىش هەممىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى بولغاي، هېلىقى ئىككى بۇلاڭچىنى هېچكىم تىلغا ئالمىدى .

ئاڭغىچە بازاردىكى قوڭغۇراق چېلىندى. ئىككى بالىنى ئىزدەش ئىشى باشلىنىپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككى يۈز كىشىلىك ئادەم ئىزدەش ئەترىتىدىكىلەر بەزىلىرى ئاتلىق، بەزىلىرى كېمە بىلەن هېلىقى ئۆڭكۈر تەرەپكە

www.uyghurkitap.com

قاراپ ئاتلاندى.



# خاك ئاغرىپ قالدى

خاك ئۇنى خۇددى ئۆز بالىسىدەك كۆرگەن ۋاللېست بوۋاينىڭ ئۆيىدە كارىۋاتتا خۇددى ئۇنى ئۇقماي ياتاتتى. ئۇنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن ئىدى.

بازاردىكى دوختۇرمۇ ئۆگكۈر تەرەپكە كېتىپ قالغاچقا دوگلاس خانىم كارىۋاتنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ خاكنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتاتتى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەنلىكى پۈتۈن ئۇستۇۋېشى شام ئېرىندىسى ۋە چاڭ-توپىغا مىلىنىپ كەتكەن ۋاللېست بوۋاي ناھايىتى ھارغىن قايتىپ كەلدى.

بوۋاي ئىشىكتىن كىرىپلا دوگلاس خانىمدىن خاكنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

— خېلى ياخشى. قىزىتمىسىمۇ ھېلى ياندى. ھازىر ئۇخلاۋاتىدۇ . بالىلارنى تاپالىدىڭلارمۇ ؟

— ھۈش !

بوۋاي خاكقا قاراپ قويۇپ، دوگلاس خانىمغا"بۇنى ھازىر سورىماڭ"دېگەن بېشارەتنى بەردى.

دوگلاس خانىم بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن بۇ مەنىنى چۈشەندى. دە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى.

— تام بىلەن بېكىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى خاك ھەرگىز ئۇقمىسۇن.

— ماقۇل. بۇ ئىش كاللامغا كىرىۋالغاچقا ئالدىراپ كېتىپ... توغرا، بۇ باش- ئايىغى يوق ئىشلارنى ئۇ بىلمىسۇن. بولمىسا ئۇنىڭ كېسىلى پات ساقايمايدۇ .

— بۇلا ئەمەس، تام بىلەن خاك ئەڭ يېقىن دوستلاردىنكەن ، دەپ ئاڭلىدىم.

— ئۇنداقتا، خاك قەتئىي ئۇقمىسا بولغۇدەك . بىراق، يوقاپ كەتكەن ئىككى بالىنىڭ ئىشى قانداق بولدى ؟

— ھەي... بۇنى بىر نىمە دىمەك تەس. ئۆڭكۈرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاختۇرۇپ چىقتۇق. ۋارقىراپ ئۈنلىرىمىز پۈتۈپ كەتتى. بىراق، سادا يوق.

— ئۇلار راستىنلا ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىمىدۇ؟ ياكى باشقا ياقلارغا...

— ياق، باشقا ياقلارغا كېتىپ قالمىدى،بەلكىم. چۈنكى بىز ساياھەتچىلەر بارغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ باقتۇق. تاشنىڭ ئۈستىدە شام ئېرىندىلىرى يەنە "تام بىلەن بېك " دېگەن خەتمۇ تۇرىدۇ. بىز يەنە مەينەتلىشىپ كەتكەن بىر لېنتىنى تاپتۇق...

— ئۇنداق بولسا، ئۇلار...

دوگلاس خانىم بۇقۇلداپ گەپ قىلالماي قالدى.

— ئۇ يەردە ساتچىر سودىيەمۇ بارئىدى، — دىدى بوۋاي سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئۇ ھېلىقى لېنتىنى كۆرۈپلا تونۇدى . لېنتا بېكىنىڭ ئىكەن . بۇنى كۆرگەن ساتچىر سودىيە شۇنداق ئازابلىنىپ كەتتىكى...ھەي...

شۇنداق قىلىپ ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى. كىشىلەر تام بىلەن بېكنى توختىماي ئىزدەۋاتاتتى . بىراق ئۇلاردىن تا ھازىرغىچە دېرەك يوق ئىدى.

دەل شۇ چاغدا ھېلىقى ھاراق چەكلەنگەن سارايدىن نۇرغۇن ھاراق چىقىپ قالدى. بۇ ئادەتتە ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك ئىش ئىدى. لېكىن ھازىر ھېچكىم ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن خاكنىڭ قىزىتمىسى پۈتۈنلەي يېنىپ، خېلى ئەسلىگە كېلىپ قالدى. بىراق ئۇ تامنىڭ غار ئىچىدە يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئولتۇرسا- قوپسا ئۇنىڭ خىيالى ھېلىقى تىللالاردا ئىدى. ئۇ كېسىلىنىڭ تامامەن ساقىيىپ كېتىشىگە قارىماي، تام بىلەن بىللە بېرىپ ھېلىقى ساندۇقنى ئىزدىمەكچى بولدى.

بىراق ئۇ يەنە ئويلىنىپ قالدى.

— مەن ئاغرىپ ياتقاندا تىللا ساندۇقنى ھېلىقى ئىككى ئەبلەخ ئېلىپ كەتكەن بولىسچۇ؟ بۇلارنى ئويلىغان خاك ئولتۇرالماي قالدى.

بۇ ئىشنى ئۇ بىرسى ئارقىلىق ساراي خوجايىنىغا يەتكۈزمەكچى بولدى.

— ماڭا دەپ بېرىڭا، مەن ئاغرىپ قالغاندا ھېلىقى ھاراق چەكلەنگەن سارايدا زادى نېمە ئىش يۈز بەردى؟
— ھەي، بۇنى سەن نەدىن بىلىسەن؟ راستىنىلا بىر ئىش يۈز بەردى.
— زادى نېمە ئىش بولدى؟
— ھاراق بولمامدۇ! ھازىر ئۇ سارايىنى تاقىۋېتىپتۇ. بىراق سەن كىچىككىنە بالا تۇرساڭ ئۇ ئىشلارنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟ بولدى، ئورنۇڭدا جىم يات.
— يەنە سوراپ باقايچۇ. سارايىنىڭ ھېلىقى ياتىقىدىكى ھاراقلارنى تام تاپتىمۇ؟
تامنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان دوگلاس خانىمنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.
— تامنىڭ ئىشىدىن ئەنسىرىمە. سالامەتلىكىڭ مۇھىم. جىم يېتىپ ئارام ئال، تولا ئويلاپ كەتمە.
خاك ئۇنىڭ گەپلىرىدىن ھاراقتىن باشقا ئىشنى سېزەلمىدى. ھېلىقى تىللا ساندۇقنى تېپىۋالغان بولسا ھەممىنىڭ ئاغزىغا شۇ چىقاتتى. ئۇنداقتا ئۇ ساندۇق ”ئىككىنچى نومۇر“ دا ئەمەسمۇ؟
خاك ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتى. چىرايلىرى تېخىمۇ سۇلغان خاك، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇنىڭ خىياللىرى تىنمايتتى. قىزىق ئىش، دوگلاس خانىم نېمىشقا ياش تۆكىدۇ؟ ئۇ خىياللىرىنىڭ باش- ئايىغىغا چىقىپ بولالماي ھېرىپ ئاخىرى ئۇخلاپ قالدى.
دوگلاس خانىم خاكنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ ئۆز- ئۆزىگە سۆزلەپ كەتتى:
— ھەي بىچارە بالا، ئۇخلاپ قالسىمۇ تام سويېرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. تام سويېرنىڭ غاردا يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيسەن، تېخى. ئۇ ئېھتىمال ئەمدى ئەبەدىي قايتىپ كېلەلمەيدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## غار ئىچىدە ئېزىپ قېلىش

ھازىر گەپنى يەنە ھېلىقى كۈندىكى ساياھەتتىن باشلايمىز. تام بىلەن بېكى ھەممىدىن بۇرۇن غارغا كىرىپ باشقا دوستلىرىغا ئوخشاش مۆكۈشمەك ئوينىدى. كېيىن تام غاردىكى بىر قىسىلچاق ئۆتۈشمىدە بىر تەبىئىي قورام تاشنى كۆرۈپ، شۇ يەرگە ئۆمىلەپ چىقىپ كەتتى. بېكىمۇ تامنىڭ تەۋەككۈلچىلىكىنى دوراپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقتى.

ئۇلار ئاشۇ يول بىلەن ئىچكىرىلەپ مېڭىۋەردى. كېيىن ئۇلار ناھايىتى كەڭرى بىر تاش ئۆڭكۈرنى بايقىدى. ئۆڭكۈر ئىچىدە شەكلى ئاجايىپ- غارايىپ تاشلار ۋە سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى بار ئىدى. ئۆڭكۈرنىڭ تورۇسىدىكى سانسىز شەپەرەڭلەر شام نۇرىدىن ئۈركۈپ، پۇررىدە ئۇچتى- دە، چىرقىراشقىنىچە ئۇلارغا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى.

تام بېكىنىڭ بىلىكىدىن سۆرەپلا يەنە بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى.

— ھەي تام، ئەجەب باشقىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايدىغۇ؟

بېكىنىڭ بۇ گېپى تامنى سەل ئەنسىرىتىپ قويدى.

— شۇنى دېگىنە بېك. مەن تېخى ئۇلاردىن ئانچە يىراقلاپ كەتمىدۇق، دەپ ئويلىغان. بىراق ئەجەب ئۇلارنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايدۇ؟!

— تام، بىز ئەمدى ئالدىمىزغا مېڭىۋەرمەي، قايتىپ كېتەيلى!

— ماقۇل، بىز يانايلى.

— كېتىدىغان يولنى تاپالامسەن، تام؟

— بىلىمەن، ھازىر كەلگەن يول شۇ. بىراق ماۋۇ نەس باسقۇر شەپەرەڭلەر ئەجەب چىشىمغا تەگدى. ئۇلار شامنى ئۇرۇپ ئۆچۈرىۋېتىپ قالسا چاتاق بولىدۇ. شۇڭا باشقا يول بىلەن ماڭايلى.

— ماقۇل، بىراق ئېزىپ قالمايلى جۇمۇ!

ئۇلار ئايلانما كارىدورغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر غار يولىغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭدا نۇرغۇن چىقىش ئېغىزلىرى بار ئىدى. تام ئاشۇ چىقىش ئېغىزلىرىغا سەپسېلىپ باقتى، بىرسىمۇ ئۇلار كىرگەن ئېغىز ئەمەس ئىدى.

قاتتىق قورقۇپ كېتىۋاتقان بېك تامغا قارىدى. بىراق تام قەستەن خاتىرجەم قىياپەتكە كىرىۋېلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى:

— چاتاق يوق بېك. ھازىرلا چىقىپ كېتەلەيمىز.

بىراق، تاممۇ ئاللىقاچان دەككە- دۈككىگە چۈشۈپ بولغان ئىدى.

ئۇنىڭ بىلەن تام چىقىپ كېتىشكە ئالدىراپ ئۇدۇل كەلگەن ئاچالدىن مېڭىپ باقتى. بىراق، ماڭغانسېرى ئۇنىڭ ئۇچى يېڭى بىر ئاچالغا تۇتىشاتتى. تامنىڭ ھودۇقۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بېك قورقۇپ يىغلىۋېتەيلا دەپ قالدى.

— تام، شەپەرەڭلەر ئېتىلسىمۇ مەيلى. بىز يەنىلا كەلگەن يولىمىزغا ماڭايلىچۇ! باشقا يولدىن ماڭساق ئادىشىپ قالىدىكەنمىز.

— ئالدىرىما بېك، گېپىمنى ئاڭلا. تام تۇرۇپ قېلىپ "ھەي!" دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى.

لېكىن ئۇنىڭ ئۈنىنى باشقا باللار ئاڭلىيالمىدى. پەقەت تاشتىن تاشقا تېگىپ قايتىۋاتقان كۈچلۈك ئەكس سادا خۇددى ئۇلارنى مازاق قىلغان كۈلكىدەك ئاڭلىناتتى. بۇ "كۈلكە"مۇ بارا- بارا بېسىقىپ قالدى.

— تام، بولدى قىلىڭ، ۋارقىرىماڭ. ئادەم بەك قورقۇپ كېتىدىكەن.

— ئۇغۇ شۇنداق. بىراق، يەنىلا ۋارقىراپ باققىنىمىز تۈزۈك. باللار ئاڭلاپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئۇ يەنە بىرنى ۋارقىرىدى.

ئۇلار جىم تۇرۇپ بىردەم تىڭشاپ باقتى. بىراق ئۇلارنىڭ ئاڭلىغىنى يەنىلا بايىقىدەك ئەكس سادالا بولدى.

— تام بىز كەلگەن يولىمىزغا قايتىپ كېتەيلىچۇ! سىز ئاشۇ شەپەرەڭلەردىن شۇنچىلىك قورقامسىز؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ماقۇل ئەمسە، شۇنداق قىلايلى. بېك، سەن شامنى تۇتۇپ ماڭ. مەن سېنى شەپەرەڭلەردىن قوغداي. ئۇلار ئېتىلىپ كەلگەن ھامان چېنىمنى تىكىمەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كەينىگە قايتتى. بالا كەلسە قوش كەپتۇ دېگەندەك ئۇلار قايتىدىغان يولنىمۇ تاپالمىدى.

— ھەي تام، بايا كەلگەندە نېمىشقىمۇ بەلگە سىلىپ قويمىغاندىمىز؟

— ھەي... بولدى قىل بېك. ئۇ زادى يادىمغا كەلمەپتۇ. ئەمدى تۈگەشتۇق!

— نېمە؟ ئېزىپ قاپتۇقما؟ بۇ غاردىن ئەمدى چىقىپ كېتەلمەمدۇق؟ قانداق قىلىمىز؟ ھەي... باللاردىن ئايرىلمىساق بوپتىكەن، ئىسىت!

بېك لاسىسىدە ئولتۇردى- دە، ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.

— بىز ئەمدى چىقىپ كېتەلمىگۈدەكمىز. مۇشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۆلىدىغان بولدۇقمۇ! نېمانچە دەھشەت.

— بېك يىغلىما، بىز چوقۇم چىقىپ كېتەلەيمىز!

— بىلگەن بولسام كەلمەسكەنمەن، بۇنداق نەس باسقان يەرگە!

بېك كۈچلۈك ۋەھىمە ۋە پۇشايمان ئىچىدە بۇقۇلدايتتى. تام بولسا ئۇنى بەزلەيتتى، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى.

بۇ يەردە ئولتۇرۇپ يىغلاۋەرگەن بىلەن ئىش تاڭ ئاتمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بېك، بىردەمدىن كېيىن تامنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

بىرئازدىن كېيىن تام بېكىنىڭ قولىدىكى شامنى پۈۋلەپ ئۆچۈرىۋەتتى.

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ، تام؟ قولىڭىزدىكى بىر تاللا شام بىلەن يولنى كۆرەلمەيۋاتقان تۇرساق!

بىراق تام گەپمۇ قىلماي ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى.

— تام سىزدە يەنە ئۇچ- تۆت تال شام بارغۇ؟

— شامنى تۈگىتىپ قويمايلى، بېك!

تامنىڭ بۇ سۆزىگە ئاجايىپ چوڭقۇر مەنىلەر يوشۇرۇنغان ئىدى.

# ئاخىرقى بىر تال شام

ئۇلار غار ئىچىدە ناھايىتى ئۇزاق ماڭدى. بىراق چىقىش ئېغىزىنى يەنىلا تاپالمىدى. ئۇلار تەلپۈنگەن قۇياش بۇ دۇنيادىن غايىب بولغاندەك ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئاخىرى ھېرىپ ماڭغۇدەك ھالى قالمىدى. بولۇپمۇ بېكى بەكلا تولىمۇ چارچاپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ بىردەم ئارام ئالدى. ئۇلار ئۆيلىرىدىكى قېرىنداشلىرى ۋە يۇمشاق كارىۋاتلىرى ھەققىدە خېلى پاراڭلاشتى. ئاخىرى بېكى يەنە يىغلىۋەتتى. تام بارلىق ئاماللار بىلەن ئۇنى بەزلەپ باقتى، ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. لېكىن كارغا كەلمىدى.

قاتتىق ھېرىپ كەتكەن بېكى بىردەمدىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى.

تام ئەمدى بىر ئاز ئۇھ دېدى. ئۇ بېكىنىڭ غەمكىن چىرايىغا ئىنچىكە سەپسالدى. بېكى چۈش كۆرگەن بولسا كېرەك ئۇخلاۋېتىپ تۇيۇقسىزلا مىيىقىدا كۈلدى.

بىراق، ھايال ئۆتمەيلا يەنە ئويغىنىپ كەتتى.

— ۋويي، مەن ئەجەب ئۇخلاپ قاپتىمەنا؟

— بېكى، بىردەم كۆزۈڭنى يۇمۇۋالدىڭ. ئەمدى بىر ئاز ئۆگلىنىپ قالغانسەن؟ قوپە، بىز يول ئىزدەيلى!

— بىراق تام، مەن چۈشۈمدە ئاجايىپ بىر چىرايلىق يەرنى كۆردۈم. ئۇ جەننەتمىدۇ؟ بىز ئۇزاق ئۆتمەيلا شۇ يەرگە كېتىپ قالماسمىز؟

— نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن! تۇرە بېكى، تېتىكرەك بولغىنە!

ئۇلار قول تۇتۇشۇپ ئالدىغا قاراپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇلار ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. غاردا ئېزىپ قالغان بۇ ۋاقىت ئۇلارغا ناھايىتى ئۇزۇن تۇيۇلدى. ھەتتا بىرقانچە كۈندەك، بىرقانچە ھەپتىدەك بىلىنىپ كەتتى. ئەمما ھېلىقى شامنىڭ تېخى كۆيۈپ تۈگىمىگىنىگە قارىغاندا غاردا ئۆتكەن ۋاقىت ئۇنچىۋالا

www.uyghurkitap.com

ئۇزۇن ئەمەس ئىدى.

ئۇلار يەنە بىردەم ماڭدى. ــ ئاستا ماڭ، ــ دېدى تام. چۈنكى ئۇ بۇلاق سۈيىنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغان ئىدى. ئۇلار ئاشۇ بۇلاقنى ئىزدەپ ماڭدى. بىردەمدىن كېيىن دېگەندەك ئۇلار بىر بۇلاقنى تاپتى. ئۇسساپ، چاڭقاپ كەتكەن تام بىلەن بېك بۇلاق سۈيىدىن ئوچۇملاپ ئىچتى.

ئىككىيلەن خۇددى بىرەر ئىش ئۈستىدە كاللا قاتۇرىۋاتقاندەك جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىشتى.

ــ تام، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، ــ دېدى بېك بىردەمدىن كېيىن.

تام يانچۇقىدىن بىر تال پىرەنىكنى ئېلىپ ئۇنىڭ يېرىمىنى ئۇشتۇپ بېكقا بەردى. بېك يېرىم پىرەنىكنى بىراقلا ئاغزىغا سالدى. تام ئاز ـ ئازدىن چىشلەپ يەپ، ئارقىدىن سۇ ئىچەتتى.

پىرەنىك يەپ، سۈزۈك بۇلاق سۈيىدىن ئىچىپ ئازراق جان كىرگەن بېك تامنى مېڭىشقا دەۋەت قىلدى. تام بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

ــ بېك، بىر گەپ بار. دېسەم كۆڭلۈڭنى بەك يېرىم قىلىپ كەتمە.

ــ نېمە گەپ؟

ــ بېك، سۇ بارئىكەن، بۇلاق بېشىدىن نېرى كېتىپ قالمايلى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شاممۇ كۆيۈپ ئاز قالدى.

بۇنى ئاڭلىغان بېك يەنە ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

تام ئامالىنىڭ بارىچە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. بىراق ئەپلەشمىدى.

بېك بۇقۇلداپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

ــ تام، ئۇلار بىزنى مۇشۇ يەرگە ئىزدەپ كېلىدۇ، دېمەكچىمۇسىز؟

ــ ھەممەيلەن ماتورلۇق كېمىگە چىققاندىن كېيىن بىزنىڭ ئايرىلىپ قالغانلىقىمىزنى چوقۇم بايقايدۇ.

ــ بىراق، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن تۇرسا ئۇلار بۇنىڭغا زەن قويماسلىقى مۇمكىن.

ــ بۇنىمۇ بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. بالىلارنىڭ ھەممىسى قايتىپ بېرىپ



سەن بارمىساڭ ئاپاڭمۇ ئەنسىرەپ ئىزدەيدىغاندۇ.

— تام!

بېك تامنىڭ سۆزىنى بۆلدى.

تام بېكىنىڭ ئالاقزادە بولۇپ كېتىۋاتقان چىرايىغا قارىدى. ئۇ، ساتچېر خانىمنىڭ مېڭىش ئالدىدا بېكقا كەچتە قايتىپ كەلمەي ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىشىنى تاپىلىغانلىقىنى ئەسكە ئالدى. شۇڭا ساتچېر خانىمنىڭ بېكىنىڭ كەچتە ھېلىقى ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىگە بارمىغانلىقىنى دەرھال بايقىيالىشىمۇ ناتايىن ئىدى.

بۇلارنى ئويلاپ ئىككى بالىنى تېخىمۇ ئېغىر غەم باستى. ھېلىقى شام ۋىژىلداپ كۆيۈپ، بارا- بارا پەسلەپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار شامغا يەنە تىكىلدى. ئۇچ سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىكى شام ھېلىھەم تىك تۇراتتى. ئۇنىڭ پىلدىرلاپ تۇرغان ئاجىز ئوتى غارنى گىرىمسەن يورۇتۇۋاتاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي شام ئاپئاق ئىسقا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن غارئىچىنى سىياھدەك قاراڭغۇلۇق ئۆز قوينىغا ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# غاردىكى يەنە بىر ئادەم

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئاران ئېسىگە كەلگەن بېكى تامنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ھازىر يەكشەنبىمىكىن؟ — دېدى تام ، — ياكى دۈشەنبە بولۇپ كەتكەندىمۇ؟

ئەمەلىيەتتە غار ئىچى باشتىن- ئاياغ گۆردەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. قاچان كۈن چىقىپ، قاچان كەچ كىرگەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— بېكى، ئۇلار بىزنىڭ قايتىپ بارمىغانلىقىمىزنى بىلىپ ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى تايىنلىق.

— كىم بىلىدۇ؟ ماڭا بۇ غار ئىچىدە تۇرغىلى بىر يىل بولغاندەك بىلىنىپ كەتتى، — دېدى بېكى قاتتىق مەيۈسلىنىپ.

— ئۇلار بىزنى چوقۇم ئىزدەۋاتىدۇ. ئېھتىمال مۇشۇ ئەتراپقا كېلىپ بولدىمۇ، تېخى؟ مەن ۋارقىراپ باقاي.

تام پۈتۈن ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىرىدى. قاپقاراڭغۇ غار ئىچىدىكى كۆچلۈك ئەكس سادا ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇ يەنە ۋارقىراشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

يەنە بىرقانچە سائەت ئۆتتى. ئۇلارنىڭ قورسىقى ناھايىتى ئېچىپ كەتتى. تام ئۆزى يېمەي ئاشۇرۇپ قويغان پىرەنىكنى بېكىغا بەردى. بىراق، بۇ كىچىككىنە پىرەنىكنى يېگەندىن كېيىن بېكىغا قورسىقى تېخىمۇ ئېچىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.

— بېكى، ئاڭلاپ باقە، — دېدى تام، — بىر شەپە باردەك قىلىۋاتىدۇ.

ئىككى بالا قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىدى. راستىنلا ناھايىتى يىراقتىن ئىنتايىن ئاجىز بىر شەپە كېلىۋاتاتتى. تام بېكىنىڭ قولىنى تۇتۇپ شەپە كەلگەن

تەرەپكە قاراپ مېڭىپ باقتى.

بىردەم تىمىسقىلاپ ماڭغاندىن كېيىن تام ھېلىقى شەپىگە توختاپ تۇرۇپ قۇلاق سېلىپ باقتى. بۇ شەپە بارغانسېرى ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى.

— چوقۇم بىزنى ئىزدەپ كېلىۋاتقانلار. بېكى، ماڭا ئەگىشىپ مېڭىۋەرگىن، قورقما!

خۇشاللىقتىن بۇ ئىككىيلەننىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كېتەي دېدى. بىراق، يول ھەم قاراڭغۇ ھەم ئۇڭغۇل- دوڭغۇل بولغاچقا ئۇلار ئاۋايلاپ ناھايىتى ئاستا ماڭدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي چوڭقۇر بىر ئۆرەك ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ قويدى. تام ئۆرەكنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن يەردە ئولتۇرۇپ تۇرۇپ، ئۆرەككە پۇتىنى ئاستا تىقىپ باقتى. ئۇ ئەندىكىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۆرەك ئىنتايىن چوڭقۇر بولۇپ ئۇنىڭ پۇتى تېگىگە يەتمىدى. ئۇ بەئەينى بىر ھاڭغا ئوخشايتتى.

ئۇلار تۇرغان يېرىدە ئولتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىزدەپ كەلگۈچىلەرنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. ھېلىقى ئاۋاز ئەمدى ئۇلاردىن بارا- بارا يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئىككى مىنۇتتىن كېيىن ھېلىقى ئاۋازمۇ ئاستا- ئاستا غايىب بولۇپ ئەتراپ يەنە بۇرۇنقىدەكلا جىمىپ كەتتى.

تام بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ باقتى. لېكىن پايدىسى بولمىدى.

ئىككى بالا، ئەمتىرەپ- تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ھېلىقى بۇلاقنىڭ بېشىغا ئاران كېلىۋالدى. ئازابلىق مىنۇتلار ناھايىتى تەستە ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇلار يەنە ئۇخلاپ قالدى. ئۇلار ئويغانغاندا قورساقلىرى چىدىغۇسىز ئېچىپ كېتىۋاتاتتى.

دەل شۇ چاغدا بىر ئوي يادىغا كەلگەن تام بېكىنى تۈرتتى.

— بېكى، ئۆيچۆرىمىزدە نۇرغۇن ئاچاللار بارغۇ. بۇ يەردە ئولتۇرىۋەرگۈچە ئاستا مېڭىپ باقمامدۇق؟ يول تېپىلىپ قالار.

— ئۇنداق قىلساق تېخىمۇ ئادىشىپ كېتىمىز.

— ئاداشمايمىز، يېنىمدىكى لەگلەك تانىسى بىلەن بەلگە قىلىپ ماڭىمىز.

— باشقىلاردىن ئادىشىپ قالغان چاغدىلا ئاشۇ تانىنى ئىشلەتسەك بولمامدۇ؟

— ئۇ چاغدا يادىمغا كەلمەپتۇ. ھازىر سىناپ باقايلى.

تام يانچۇقىدىن لەگلەك تانىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى بىر قىيا تاشقا مەھكەم قىلىپ باغلىدى. ئاندىن بېكىنى يېتىلەپ، لەگلەك تانىسىنى غالتەكتىن ئاستا بوشاتقىنىچە ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار يىگىرمە قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن بۇ ئۆتۈشمىنىڭ بىر بېشىغا يېتىپ كېلىشتى.

تام ئېگىشىپ تۇرۇپ ماڭىدىغان يول ئىزدىدى. دەل شۇ چاغدا قىيا تاشنىڭ ئارقا تەرىپىدە شام تۇتقان بىر قول كۆرۈندى.

— ئاھ، پەرۋەردىگار!

تام خۇشاللىقىدا بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىۋەتتى. بىراق ئۇ ئادەمنىڭ چىراينى شام نۇرىدا غۇۋا كۆرگەندە بولسا، قاتتىق قورقۇپ كېتىپ ئىشتىنىغا چىقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. چۈنكى ئۇ دەل ئىنجان جو ئىدى.

تامنىڭ پۇت- قولى غالىلداپ تىترەپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. ھەر نېمە بولسا ئىسپانچە ياسىنىۋالغان ئىنجان جو ئاۋازنى ئاڭلاپلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى. بۇنىڭ بىلەن تامغا قايتىدىن جان كىردى.

— تام، ئادەم كەلدى دەۋاتامتىڭىز؟

— ياق بېك، مەن شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان.

دۇرۇس، تام ھەقىقى ئەھۋالنى بېكقا ئېيتسا بولمايتتى. بېك بۇ ئىشنى ئۇقۇپ قالسا قورقۇپ ھوشىدىن كېتىپ قالاتتى.

تام ھەيران قالدى.

— ئىنجان جو نېمىشقا ئاۋازىمنى ئاڭلىغان ھامان كېلىپ مېنى ئۆلتۈرمەي ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قېچىپ كېتىدۇ؟ مەن سوتتا ئۇنىڭ قاتىللىق قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولغان تۇرسام.

ئىنجان جو ئېھتىمال غارىدىكى ئەكس سادا كۈچلۈك بولغاچقا تامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭقىرالمىغان بولۇشى مۇمكىن. ياكى ئۇنى ساقچىمىكىن دەپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئۇ ئۆلەر- تىرىلىشىگە قارىماي بەدەر قاچقان گەپ.

# يورۇق دۇنيانى قايتا كۆرۈش

سەيشەنبە، كۈن ئاللىقاچان قايرىلىپ بولدى. بىراق سان پېتېربورگ بازىرىدىكىلەر يەنىلا ئېغىر غەم- ئەندىشە ئىچىدە ئىدى.

چۈنكى يوقاپ كەتكەن ئىككى بالىدىن تېخىچە خەۋەر يوق ئىدى. كۆپچىلىك ئۇلار ئۈچۈن ساداقەتمەنلىك بىلەن دۇئا قىلىشاتتى، كەمىلىك تەگرىدىن بۇ بىچارە نارسىدىلەرنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى تىلىشەتتى.

بىراق ماكتورس غارىدىن ھېچقانداق خۇش خەۋەر كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلارنى ئىزدەشكە بارغانلار بالىلارنىڭ تېپىلىشىدىن ئۈمىدنى ئۈزۈپ، قايتىپ كېلىپ ئۆز ئىشلىرىغا چۈشۈپ كەتتى.

ساتچىر خانىم بالا دەردىدە ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. تامنىڭ ھاممىسىنىڭ چار چاچلىرى تامامەن ئاقىرىپ كەتتى.

شۇ كۈنى يېرىم كېچە بىلەن بازاردىكى قوڭغۇراق ئەنسىز چېلىندى. ھەش- پەش دېگۈچە كىشىلەر كوچىغا يىغىلىپ بولدى.

— تېپىلدى، ھوي تېپىلدى! بالىلار تېپىلىپتۇ!

كىشىلەر ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىشىپ دەريا تەرەپكە ئۇچقاندەك يۈگۈردى.

تام بىلەن بېكى بىر مەيدە ئولتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر خۇشاللىقىدا چۇرقىرىشىپ كەتتى. ئاندىن چۇقان- سۈرەن بىلەن مەيىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

ھايال ئۆتمەي ئۇلار ساتچىر سودىيەنىڭ ھويلىسىغا يېتىپ كېلىشتى. سودىيەنىڭ ئۆيىدە كىشىلەر مىغىلدايتتى. بەزىلەر بۇ ئىككى بالىنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيسە، بەزىلەر ئۇلارنىڭ باشلىرىنى سىيلايتتى. بەزىلەر ساتچىر خانىم بىلەن تامنىڭ ھاممىسىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ ئۇلارنى

تەبرىكلەيتتى. پۈتۈن بازاردىكى چىراغلارنىڭ ھەممىسى يېنىپ كەتكەن ئىدى. خۇشاللىقتىن قىن- قىنىغا پاتماي قېلىشقان كىشىلەرنىڭ باللاردىن ئايرىلىپ ئۆيلىرىگە قايتقۇسى كەلمەيۋاتاتتى.

تامنىڭ ھامىسى بىلەن ساتچىر خانىم خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قالدى. دەل شۇ چاغدا ساتچىر سودىيە بىلەن يەنە بىرقانچەيلەن غاردا باللارنى داۋاملىق ئىزدەۋاتاتتى. ساتچىر خانىم بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن يولدىشىنىڭ قېشىغا ئادەم ماڭدۇردى. ئېزىپ قالغان تام بىلەن بېكى غاردىن زادى قانداق قىلىپ چىققاندۇ؟ كىرىسلوغا ئۆزىنى تاشلىغان تام قىزىقىسىنىپ تىكىلىپ تۇرۇشقان كىشىلەرگە ئىشىنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

بېكىنىڭ ھېرىپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرگەن تام لەگلەك تانىسىنى تارتىپ تۇرۇپ ئىككى ئۆتۈشمىدىن مېڭىپ باقتى. ئۇ لەگلەك تانىسى تۈگىگىچە ماڭدى. ئۇ ئالدى تەرەپكە شۇنداق سەپسېلىۋېدى ناھايىتى يىراقتا كۈن نۇرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر يورۇقلۇقنى كۆردى.

تام لەگلەك تانىسىنى تاشلاپلا ئالدى تەرەپكە ئۆمىلەپ ماڭدى. ئۇ غار ئېغىزىدىن بېشى بىلەن مۈرىسىنى تەستە چىقىرىپ شۇنداق قارىۋېدى كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان مىسسىسىپى دەرياسىنى كۆردى.

تامنىڭ تەلىيىگە بۇ كۈندۈز ئىكەن. ناۋادا كېچە بولغان بولسا ئۇ قاراڭغۇدا غارنىڭ بۇ چىقىش ئېغىزىنى تاپالمىغان بولاتتى. تام دەرھال ئارقىسىغا قايتىپ، كەلگەن يولى بىلەن مېڭىپ بېرىپ، بېكىغا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى.

بىراق بېكىنىڭ ھېرىپ مىدىرلىغۇدەك ھالى قالمىغاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تام ئۇنى بىرقانچە قېتىم يالغان ئېيتىپ خۇش قىلغان بولغاچقا، تامنىڭ سۆزىگە

ئىشەنمەس بولۇپ قالغانىدى. تام ئۇنىڭغا بىر نەچچە قېتىم قايتا- قايتا چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئاندىن سەل- پەل ئىشەندى.

بىك ئىشىنە- ئىشەنمەيلا تام يېتىلىگەن تەرەپكە قاراپ تىمىسقىلاپ ماڭدى. بېك ئالدى تەرەپتىكى ھېلىقى كىچىككىنە يورۇقلۇقنى كۆرگەندىن كېيىن خۇشاللىقىدا يۈرىكى يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى. تام ئالدى بىلەن غاردىن چىقىپ بېكنىڭ قولىنى تارتتى.

ئىككى بالا غار ئېغىزىدا بىر دەم ھاڭۋېقىپ ئولتۇردى. ئارقىدىنلا خۇشاللىقنى ئىچىگە سىغدۇرالماي يىغلاپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا دەريادىن بىر كېمە ئۆتۈپ قالدى. كېمىدە ئۈچ ئادەم بار ئىدى. تام ئۇلارنى چاقىرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. بىراق ھېلىقى ئۈچ كىشى بۇنىڭغا ئىشەنمەي قالدى. چۈنكى ئىككى بالا ئۆمىلەپ چىققان غار ئېغىزى غارنىڭ تاغ بېلىدىكى ئېغىزىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى. كېمىچى ئۇلارنى كېمىسىگە سېلىۋالدى. ئاندىن ئۈچەيلەننىڭ ئىچىدە ئۆيى يېقىنراق بىرسىنىڭكىگە چۈشۈپ، بالىلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزدى، بالىلار ئاشۇ يەردە قېنىپ بىر ئۇخلىۋالدى. شۇنداق قىلىپ كېمىچى ئۇلارنى كەچكە تارتىپ بازارغا ئەكىلىپ قويغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بەتنىيەتنىڭ ئاقىۋىتى

تام بىلەن بېك غار ئىچىدە نەق ئۈچ سوتكا سولىنىپ قالدى. مانا ئەمدى ئامان- ئېسەن ئۆيگە قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇلاردىكى ھاردۇق ھازىرچە چىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

تام كارىۋاتتىن قوپماي نەق ئىككى كۈن ياتتى. ئۈچىنچى كۈنى ئورنىدىن تۇرۇپ زورىغا مىدىراپ باقتى. جۈمە كۈنى بازارغا چىقىپ كوچىلارنى ئانچە-مۇنچە ئايلاندى. شەنبە كۈنى ئۇ پۈتۈنلەي ئەسلىگە كېلىپ بولدى.

بىراق پۇت- قولىدىن ماغدۇر كەتكەن، باشلىرى قېيىپ تۇرغان بېك يەكشەنبە كۈنىگىچە ئېغىر ئاغرىقتەك مىدىرلىماي يېتىپ كەتتى.

خاكنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان تام، جۈمە كۈنى ئۇنىڭ يېنىغا باردى. خاك ئۆپكە ياللۇغى بولۇپ قالغاچقا دوگلاس خانىم ئۇنى خاكنىڭ يېنىغا كىرگۈزمىدى.

تۆت- بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن خاكنىڭ قىزىتمىسى ئاز- تولا ياندى. دوگلاس خانىممۇ تامنىڭ خاكنىڭ يېنىغا كىرىشىگە ماقۇل بولدى. دوختۇر بىمارغا ئۇنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئىشلارنى دېمەڭلار دەپ جىق تاپىلىدى. دوگلاس خانىممۇ ھەر قېتىم تام بىللە كىرىپ خاكنىڭ يېنىدا ئولتۇرىۋالدى. شۇڭا تام خاك بىلەن جىق پاراڭلىشالمىدى.

ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن تام خاكنىڭ سالامەتلىكى تامامەن ئەسلىگە كېلىپ بوپتۇ دەپ ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ھېلىقى خەتەرلىك تارتقۇلۇقلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەرگۈسى كېلىپ كەتتى. تام خاكنىڭ قېشىغا كېتىۋاتقاچ ساتچىر سودىيەنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدى. ئۇ بېكنى يوقلاپ قويۇش ئۈچۈن سودىيەنىڭ ئۆيىگە كىردى. سودىيە ئىككى- ئۈچ دوستى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئىكەن. بىرەيلەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى:

— قانداق؟ ھېلىقى غارغا يەنە كىرەمسەن؟

— يۈرسەت بولۇپ قالسا يەنە كىرىپ باققۇم بار، — دېدى تام.

ساتچىر سودىيە كۈلۈۋەتتى.

— تام، سەندەك ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان قاپ يۈرەك باللار ئاز ئەمەس ئىكەن. بىراق، مەن بۇنىڭ ئامالىنى قىلىپ بولدۇم. ئەمدى غارغا كىرىپ ئېزىپ قالىدىغانلار چىقمايدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ئەپەندىم؟

— ئىككى ھەپتە ئىلگىرى مەن ئۇ غارغا تۆمۈر ئىشىك بېكىتىپ، ئۇنىڭغا قۇلۇپتىن ئۈچنى سالدۇرۇۋەتتىم. قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچى مەندە.

— نېمە؟ تامنىڭ چىرايلىرى تويۇقسىزلا ئۆزگۈرۈپ، ئارقىسىغا داراڭگىدە ئۈچۈپ كەتكىلى تاس قالدى.

— ھوي تام! نېمە بولدۇڭ؟ بولۇڭلار سۇ ئەكىلىڭلار! سودىيە جىددىيلىشىپ ۋارقىرىدى. ئاڭغىچە ئۇلار سۇ ئېلىپ كەلدى. سودىيە تامنىڭ يۈزىگە سۇ سەپتى.

— بولدى، ھېچقىسى يوق. تام، بايا نېمە بولدۇڭ؟

— ھەي... سودىيە ئەپەندىم سىز ئۇقمايسىز. ھېلىقى ئىنجان جو ھازىرمۇ ئاشۇ غارنىڭ ئىچىدە.

بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە تارقىلىپ كەتتى. لىقمۇ لىق ئادەم باسقان ئون كېمە دەرھال ماكتورس غارىغا قاراپ ماڭدى.

تام بىلەن ساتچىر سودىيە كىچىك بىر كېمىگە چىقتى.

كىشىلەر غارنىڭ ئىشىكىنى ئاچقاندا ئاجايىپ دەھشەتلىك بىر پاجىئە ئۇلارغا كۆرۈندى. ئىنجان جو بوسۇغىدا تۈپتۈز ياتاتتى. ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى غار ئىشىكىنىڭ يوچۇقىغا چىڭ چاپلاقلىق ئىدى. بۇنىڭدىن كىشىلەر ئۇنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا يورۇق ۋە ئەركىن- ئازادە تاشقى دۇنياغا ئىنتىلىپ، جان ئاچچىقىدا ئۆزۈن تىركىشىپ باققانلىقىنى قىياس قىلىشتى.

www.uyghurkitap.com

بۇنى كۆرۈپ تامنىڭمۇ يۈرەكلىرى ئېچىشىپ كەتتى. چۈنكى ئۇمۇ ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن، بۇ ئەبلەخنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا قانچىلىك قىينالغانلىقىنى پەرەز قىلىۋاتاتتى. بىراق، تامنىڭ سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بەرگەندىن بۇيان يۈرىكىنى قاماپ كېلىۋاتقان ئېغىر ئەندىشىسى ئاشۇ مىنۇتتىن باشلاپ بىراقلا تۈگىدى.



ئىنجان جونىڭ ھېلىقى ئوۋ پىچىقى ھازىرمۇ ئۇنىڭ يېنىدا تۇراتتى. بىراق پىچاقنىڭ بىسى پۇچۇلۇپ كەتكەن ئىدى. قارىغاندا ئۇ ئاشۇ پىچىقى بىلەن ئىشىكنىڭ بوسۇغا ياغىچىنى ئويۇپ باققاندەك قىلاتتى. ئۇ راستىنلا ئاشۇ بوسۇغا ياغىچىدىن كىچىككىنە بىر تۆشۈك ئېچىۋالغان ئىدى. بىراق كېشەكنىڭ سىرتىنى تەبىئىي قىيا تاشلار مەھكەم توساپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشىكنىڭ كېشىكىمۇ ناھايىتى كىچىك ئىدى. شۇڭا ھېلىقى قىيا تاشلار بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ يەرنى تېشىپ چىقىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئادەتتە غارنىڭ كىرگەنلا يېرىدە ساياھەتچىلەر قالدۇرغان شام ئېرىندىلىرى ناھايىتى جىق ئۇچرايتتى. بىراق ھازىر ئۇنداق شام ئېرىندىلىرى قەتئىي كۆرۈنمەيتتى. ئۇنى چوقۇم ئاچلىقتا چىدىيالمىغان ئىنجان جو تېرىپ يەۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا شەپەرەڭنىڭ پۇتلىرى تۇراتتى. قارىغاندا ئۇ جان ساقلاش ئۈچۈن شەپەرەڭلەرنىمۇ تۇتۇپ يەپ باققاندەك قىلاتتى.

بۇ خۇنپەر ئاشۇ بازاردا روبىنس دوختۇردىن باشقا يەنە تۆت كىشىنىڭ جېنىنى ئالغان ئىدى. ئۇ ناۋادا تىرىك تۇتۇلغان تەقدىردىمۇ دارغا ئېسىلاتتى. شۇڭا ئۇ دارغا ئېسىلىشنى كۈتۈپ تۇرمايلا غاردا ئاچلىقتىن ئۆلگەن ئىدى. ئۇنىڭ جەسىتى شۇ كۈنى دەپنە قىلىنىۋېتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىدىكى ئىزدىنىش

## بايلىق غاردا ئىكەن!

ئىنجان جو دەپنە قىلىنغان كۈننىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە تام خاكنى بىر چەتكە تارتىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر ئىشنى مەسلىھەتلەشتى. خاك ۋاللىپست بوۋاي ۋە دوگلاس خانىمدىن تامنىڭ بىشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە ئاڭلىغان ئىدى. شۇڭا تام ئىغىز ئاچقۇچە ئۇ خاپا بولۇپ سۆزلەپلا كەتتى.

— بولدى، ئىشلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ بولدۇم. ئەزۋەيلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ھىلىقى ئىككىنچى نومۇرغا بارغانلىقىڭنىمۇ بىلىمەن. ئۇ يەردە ۋىسكى ھارىقىدىن باشقا ھىچنىمە قالماپتۇ. بۇنى ماڭا باشقىلار دەپ بەرمىگەن بولسىمۇ، لىكىن بۇنى سىنىڭ قىلغانلىقىڭنى ئاللىقاچان بىلىپ بولدۇم. بىلەمسەن تام، ھىلىقى بايلىقلار قولدىن كەتتىغۇ، ئەمدى.

— ھەي، سەن نىمە دەۋاتىسەن؟ مەن نەدىمۇ ئۇ يەرگە باراي! شەنبە كۈنى مەن باللار بىلەن ساياھەتكە كەتكەن تۇرسام. ئۇ يەردە سەن كۆزەتچىلىك قىلماقچى ئەمەسمىدىڭ؟ ئۇنتۇپ قالدىڭما؟

— ۋوي راست، ئۇنتۇپ قالغىنىم نىمىسى؟ شۇ كۈنى كەچتە مەن ئىنجان جونىڭ ئىزىغا چۈشۈپ دوگلاس خانىمنىڭ ئۆيىگىچە بارغان.

— نىمە؟ ئىنجان جونىڭ ئىزىغا چۈشكەن كىشى ئەسلىدە سەنمىدىڭ؟

— ھەئە.

— مەن بۇنى ئاززاقمۇ ئۇقماپتىمەنغۇ! قىنى، ئاشۇ ئىشنى ماڭا دەپ بىرە!

خاك ئاشۇ كۈنى كەچتە بولغان ئىشلارنى تامغا تەپسىلى سۆزلەپ بەردى.

— بىراق، بۇنى ھەرگىز باشقىلارغا دىيىشكە بولمايدۇ جۇمۇ، — دىدى خاك ئەندىشىلىك كۆزلىرىنى تامغا تىكىپ، — ئىنجان جو ئۆلگىنى بىلەن ھىلىقى جۇل- جۇل چاپان ھازىر قىچىپ يۈرىدۇ. ئالمادىس ئۇ ...

— بۇنىڭدىن ئەنسىرىمە، — دىدى تام. ئۇ جۇل- جۇل چاپاننىڭ ئۆلۈكى

يېقىندا پرېستاننىڭ يېنىدا لەيلەپ چىقىپتۇدەك. ئۇ كېچىلەپ قېچىپتىكەن دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ.

— راستما؟

— ئەلۋەتتە راست. بىراق خاك، سېنىڭ تۆھپەڭ چوڭكەن جۇمۇ. ناۋادا سەن ئىنجان جوننىڭ ئىزىغا چۈشمىگەن بولساڭ، دوگلاس خانىم تۈگىشەتتى-دە!

— بىراق، دوگلاس خانىم بۇ ئىشنى مېنىڭ قىلغانلىقىمنى ھازىرغىچە بىلمەيدۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئۇ چاغدا ئىنجان جو بىلەن ئۇنىڭ شېرىكى تېخى ئۆلمىگەن. مەن ئۇلارنى مەندىن ئۆچ ئالارمىكىن دەپ قورقۇپ، ۋاللېست بوۋايغا بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنماڭ، دېگەن ئىدىم .

— ھە، مۇنداق ئىشمىدى. مانا ھازىر ئۇنى يوشۇرۇپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى.

— بىراق، ھېلىقى ئالتۇن- كۈمۈشلەر قولدىن كەتتى- دە، ئىسىت! مېنىڭچە، ئىككىنچى نومۇرلۇق ئۆيدىكى ھاراقنى مۇسادىرە قىلغانلار ئاشۇ بايلىقلارنى بىراقلا ئېلىپ كەتتىمىكىن.

— سەن بىلمەيسەن، خاك. ئۇ بايلىقلار ھەرگىز ئىككىنچى نومۇرلۇق ئۆيدە ئەمەس.

— نېمە؟ — خاك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى تامغا تىكتى، — يەنە بىر يېڭى يىپ ئۇچى تاپقان ئوخشىمامسەن؟

— ئۇ بايلىقلار ھېلىقى غاردا ئىكەن ئەمەسمۇ!

— ھە! — خۇشاللىقتىن خاكنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، — تام، چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسەن؟ گېپىڭ راستمۇ؟

— راست بولماي! سېنى ئالداپ نېمە كەپتۇ؟ ئەگەر ماقۇل دېسەڭ ئىككىيلەن بىرگە بارايلى.

— ئەلۋەتتە ماقۇل دەيمەن. بىراق تام، بىېك ئىككىمىزلاردەك كىرىۋېلىپ سولىنىپ قالىدىغان ئىش بولمىسۇن يەنە!

— خاك، بۇ دۆرەم ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، خاتىرجەم بولغىن.

— بەك ياخشى بولدى. دە! بىراق تام، بايلىقلارنىڭ ئاشۇ غاردا ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلىۋالدىڭ؟

— ئالدىرىماي تۇرامسەن! ساڭا ئېيتىپ بېرىمەن. ئەگەر ئاشۇ بايلىقلارنى تاپالمساق مەن ساڭا قولىقىمنى كېسىپ بېرىمەن.

— ماقۇل، گېپىمىز گەپ! ئۇنداق بولسا قاچان ماڭىمىز؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى خاك تامدىن.

— هازىرلا ماڭىمىز. بىراق چىدىيالامسەن، خاك؟

— ئۇ غارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ئۇزۇن يول ماڭىدىغان گەپمۇ، تام؟

يېقىندىن بۇيانغۇ سالامەتلىكىم خېلى ياخشى. بىراق، پۇت- قولۇمدا جان يوق. بىر چاقىرىمدىن ئارتۇق يولغا چىدىيالماسمەنمىكىن...

— غارنىڭ ئۇدۇل ئىشىكىدىن كىرسەك بەك يىراق. ئەمما مەن يەنە بىر يېقىن يولنى كۆرىۋالدىم. ئۇ يەرگە كېمە بىلەن بېرىۋالساق يول خېلى قىسقىرايدۇ.

— ئۇنداق بولسا هازىرلا ماڭايلى، تام!

— بولىدۇ،هازىرلا ماڭايلى. بىراق بىز ئازراق بولكا، كالا گۆشى قېقى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى دانە خالتا، لەگلەك تانىسى ئېلىۋالايلى.

— شۇلارنى ئېلىۋالساقلا بولىدىما؟

— ئەڭ مۇھىمى شام ۋە سەرەڭگىدىن كۆپرەك ئېلىۋالايلى. ئۆتكەندە مەن غاردا ئېزىپ قالغاندا ئاشۇ ئىككى نەرسىنىڭ يوقلۇقىدىن قانچىلىك قورقتۇم بىلەمسەن؟

تام بىلەن خاك پېشىنلار بىلەن بىر قېيىقنى ئىگىسىگە تۇيدۇرماي ئوغرىلىقچە ھەيدەپ يولغا چىقتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار دەريانىڭ ھېلىقى غار ئېغىزىغا بىرنەچچە چاقىرىملا كېلىدىغان بۆلىكىگە يېتىپ كەلدى. تام خاكقا تاغ تەرەپنى كۆرسەتتى.

— قارا خاك، ھاڭنىڭ ئاشۇ بېشىدىن تارتىپ مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە پوتونلەي ئورمانلىق ئىكەن. بۇ يەردە بىرەر ئۆيمۇ يوق ئىكەن. تاغنىڭ قاپ بېلىدىكى ئاپئاق بىر يەرنى كۆردۈڭمۇ، خاك؟ مەن نەق شۇ يەردىن ئۆملەپ چىققان. ئۇلار قىرغاققا چىقىپ قېيىقنى باغلاپ قويدى.

# غاردىكى كرېست

تام خاكنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، قويۇق چاتقاللىقتىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل ھېلىقى غار ئېغىزىغا كەلدى.

— خاك قارا، دەل مۇشۇ يەر شۇ، — دېدى تام مەغرۇر قىياپەتتە، — ئۇ دېگەن بۇ يەردىكى ئەڭ مەخپىي غار ئېغىزى. بۇنى ھەرگىز باشقىلارغا دەپ قويما. كېيىن ئۆزىمىز بۇ يەرگە ئويۇنغىلى كېلىمىز.

ئۇلار غارغا ئۆمىلەپ كىردى، ئاندىن شامنى يېقىپ لەگلەك تانىسىنى ھېلىقىدەك قىلىپ باغلىدى. ئۇلار ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا ھېلىقى بۇلاقنىڭ بېشىغا كەلدى. سولىنىپ قالغان چاغدىكى كۆرۈنۈشلەرنى ئەسكە ئالغان تامنىڭ تەنلىرى شۈركەندى. تام خاكقا غارنىڭ يان تەرىپىدىكى تاشقا سېغىز لايدا چاپلاپ قويۇلغان شام پىلىكىنى كۆرسەتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا يەنە بېك ئىككىسىنىڭ پىلدىرلاپ تۇرغان شام ئوتىغا قانداق تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، شام كۆيۈپ ئۆچكەندە يەنە قانچىلىك ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئۇلار ئەتراپتىكى سۈرلۈك جىمجىتلىقتىن ئەيمىنىپ قالدىمۇ، ئاۋازىمۇ بايىقىدىن پەسلەپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار ئالدىنقى قېتىم باغلاپ قويغان ھېلىقى لەگلەك تانىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئىتتىك مېڭىپ، ئاشۇ ئۆتۈشمىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىغا كەلدى ۋە شۇ يەردىن يەنە بىر ئۆتۈشمىگە كىردى. ئۇلار بۇ ئۆتۈشمىنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ شامنى ياقتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا سېغىز توپىدا چىقىرىلغان بىر پەلەمپەي تۇراتتى.

— خاك، — دېدى خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قېلىۋاتقان تام شامنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، — ساڭا بىر نەرسە كۆرسىتىمەن. ئۇڭ تەرەپنىڭ ناھايىتى نېرىسىدا بىر بۇلۇڭ تۇرامدۇ؟ ئاشۇ قىيا تاشنىڭ ئۈستىدىكى شامنىڭ ئىسى بىلەن چىقىرىلغان بىر شەكىلنى كۆردۈڭمۇ؟

www.uyghurkitap.com

— ھەئە كۆردۈم. ئۇ كرىستقۇ!

— دەل شۇنداق. خاك ئېسىڭدىمۇ؟ ئىنجان جو بىر قېتىم "كرىستىنىڭ ئاستىدىكى ئىككىنچى نومۇر" دېگەندەك گەپنى قىلغان. ئۇنىڭ دېگىنى دەل مۇشۇ. مەن ئىنجان جونىڭ مۇشۇ يەردىن شام كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

خاك بۇ سىرلىق بەلگىگە بىردەم قاراپ تۇردى.

— تام، بىز دەرھال چىقىپ كېتەيلى. خاكنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقىۋاتاتتى.

— نېمە بولدى؟ بايلىقلارنى ئالمايلا كېتەمدۇق؟

— ئىنجان جونىڭ ئەرۋاھى ئۇنى بېقىپ ئولتۇرامدىكىن، دەيمىنا.

— ياقەي، ئۇنداق قالايمىقان ئويلىما، خاك. ئۇ دېگەن غارنىڭ ئۇدۇل ئېغىزىدا ئۆلگەن تۇرسا. بۇ يەردىن بەش چاقىرىم يىراق.

— بىراق سەن كۆمۈپ قويۇلغان بايلىقلارنى ئەرۋاھ، جىن- ئالۋاستىلار باقىدۇ، دېگەن ئىدىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنجان جو ئاشۇنداق ئېچىنىشلىق ئۆلگەن تۇرسا.

خاكنىڭ بۇ گەپلىرى تامنىمۇ ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۆلۈپ قالغان ئىنجان جونىڭ قورقۇنچلۇق قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن تامنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتتى. بىراق، ئۇ بىردەم دېلىغۇل بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنى يەنە ئوڭلىۋالدى.

— ھەي خاك! بىز ھەقىقەتەن نادانكەنمىز جۇمۇ! كرىست دېگەن ئىلاھنىڭ بەلگىسى تۇرسا جىن- ئالۋاستىلار ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشكە پېتىنالمايدۇ- دە!

— ۋۇي، بۇ گېپىڭ توغرا، تام. مەن بايا بۇ تەرىپىنى ئويلىماپتىمەن.

خاك دەرھال روھلىنىپ كەتتى. تام بىلەن خاك بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرسى مېڭىپ ھېلىقى تويا پەلەمپەي ئارقىلىق پەسكە چۈشتى. بەئەينى ئويمانلىققا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ يەردە تۆت ئۆتۈشمە تۇراتتى. ئۇلار بۇ تۆت ئۆتۈشمىنىڭ ئۈچىنى ئاختۇرۇپ چىقتى. لېكىن ھېچنېمە ئۇچرىمىدى.

كېيىن تۆتىنچى ئۆتۈشمىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا بارغاندا، ئۈستىگە كىگىز

سىلىنغان بىر ياتقۇ(ياتىدىغان جاي ــ ت)نى بايقىدى. قارىغاندا بۇ ئىنجان جونىڭ ياتىدىغان يېرى ئىدى. يەردە غاجاپ ئاقلىقۋېتىلگەن توخۇ سۆڭەكلىرى تۇراتتى. لېكىن ھېلىقى ساندۇق كۆرۈنمەيتتى.

ئۇلار بۇ يەرنىمۇ قايتا- قايتا ئاختۇرۇپ چىقتى. بىراق ھېچنېمە تاپالمىدى. روھى چۈشكەن بالىلار لاسىدە بولۇپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

خاك ھېچقانداق ئامال ئويلاپ تاپالمىدى. بىردەمدىن كېيىن يەنىلا تام ئېغىز ئاچتى:

ــ خاك، قارىغىنە! قىيا تاشنىڭ ماۋۇ تەرىپىدە ئادەم ئىزى ۋە شام ئېرىندىلىرى تۇرىدۇ- يۇ، لېكىن ئاۋۇ تەرىپىدە ھېچنېمە يوق. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ سەن بىلەن باغلىشىمەن، ھېلىقى ئالتۇن- كۈمۈشلەر دەل مۇشۇ قىيا تاشنىڭ ئاستىدا كۆمۈكلۈك. بىز كولاپ باقايلى!

ــ ۋۇي راست، ئويلىغانلىرىڭ توغرا، جۇمۇ، ــ دېدى خاك ھاياجانلىنىپ.

تام يېنىدىن پىچىقىنى ئېلىپ دەرھال كولاشقا باشلىدى. تەخمىنەن ئون بەش سانتىمېتىردەك كولىغاندىن كېيىن، پىچاقنىڭ ئۇچى تاق قىلىپ قاتتىق بىر نەرسىگە تەگدى.

ــ ھەي، خاك! ئاۋازنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

خاك جاۋاب بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي تامنىڭ كولىشىغا ياردەملەشتى. بىردەم كولىغاندىن كېيىن بىرنەچچە پارچە تاختاي چىقتى. ئۇلار تاختايلارنى شۇنداق قايرىۋېدى بىر ئۇچى ئاشۇ قىيا تاشقا تۇتىشىدىغان تەبىئى ئۆڭكۈر كۆرۈندى. تام شامنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۆڭكۈرگە ئاۋايلاپ كىردى، خاك ئۇنىڭغا سوگداشتى. بالىلار بۇ يانتۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئەگرى- بۈگرى يولىنى بويلاپ ئىچكىرىلەپ ماڭدى. ئۇلار ئالدى بىلەن ئوڭغا، ئاندىن سولغا قايرىلدى. كېيىن تام ئايرىملا تۇرغان بىر يولنى ئايلىنىپ ئۆتۈپلا ۋارقىرىۋەتتى:

ــ ئاھ پەرۋەردىگار! دەل مۇشۇ يەر شۇكەن!

شۇنداق، ھېلىقى ساندۇق ئوقۇرغا ئوخشاپ كېتىدىغان تاشنىڭ ئىچىگە قويۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر دانە مىلتىق دورىسى قاچىلايدىغان قۇرۇق

ياغاچ قۇرۇق چېلەك، غىلاپقا سېلىنغان ئىككى تال تاپانچا، ئىندىئانچە كونا ئۆتۈك، بىر تال كەمەر تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرمۇنچە ئەسكى-تۈسكى نەرسىلەر دۆۋىلەپ قويۇلغان ئىدى.

— ياھ، بىز راستتىنلا قولغا چۈشۈردۇق!

خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن خاك ھېلىقى ساندۇقنى سىيلايتتى.

— تام، بىز ئەمدى بېيىپ كېتىدىغان بولدۇق!

— خاك، مەندە خېلى بۇرۇنلا"چوقۇم تاپالايمىز" دەيدىغان بىر خىل تۇيغۇ بار ئىدى. تارتقان جاپالىرىمىز ئاخىرى بىكار كەتمىدى.



— بۇ چۈش ئەمەستۇ، تام؟



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— يوق گەپنى قوي! بۇ راست. ۋۇي، بۇ يەردە تۇرۇۋەرمەي دەرھال ئېلىپ ماڭايلى!

— بەك ئېغىردەك قىلىدۇ. سەن كۆتۈرەلەمسەن، تام؟

— ئۇ ساندۇق ئەللىك قاداقتىن ئاشىدۇ. ئىككىلەن قولداپ كۆتۈرسەك ئاندىن كۆتۈرگىلى بولىدۇ. يىراق ئۇزۇن ماڭالمايمىز- دە!

— مەن بۇنى ئالالىقاچان بىلگەن، — دېدى تام، — ھېلىقى كۈنى ئىنجان جو بىلەن ئۇنىڭ شېرىكى بۇنى جىنلىق ئۆيدىن خېلى تەستە كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈققۇ! ھېلىمۇ ئەقلىمىزنى ئىشقا بۇيرۇپ خالتىدىن ئىككىنى ئېلىۋاپتىكەنمىز.

ئۇلار ساندۇقتىكى نەرسىلەرنى ئىككى خالتىغا بۆلۈپ قاچىلاپ ئىككىسى بىردىن كۆتۈردى. ئاندىن كرېستنىڭ بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن ھېلىقى قىيا تاش تەرەپكە ماڭدى.

— تام، ئاۋۇ تاپانچا ھەم قالغان نەرسىلەرنىمۇ ئېلىۋالامدۇق؟، — دېدى خاك چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ.

— ياق، — دېدى تام، — ئۇ نەرسىلەر ھازىرچە ئۆز جايىدا تۇرۇپ تۇرسۇن. كېيىن قاراقچى بولۇپ ئوينىغاندا ئاندىن كېلىپ ئالايلى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى مەنبەسى

# كۆتۈلمىگەن تەكلىپ

تام بىلەن خاك چاقماق تېزلىكىدە غاردىن چىقتى ۋە چاتقاللىقتا مۆكۈپ تۇرۇپ، ئەتراپقا ئېھتىيات بىلەن سەپسالدى. دەريا بويىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.

ئۇلار قېيىقتا ئولتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى يېدى. ئاندىن ئارام ئېلىپ خېلىغىچە ئولتۇردى. كۈننىڭ ئولتۇرۇشقا ئازلا قالغانلىقىنى كۆرگەن بالىلار قېيىقنى قوزغىدى. تام خاك بىلەن پاراڭلاشقاچ قېيىقنى ھەيدىدى. ئۇلار بازارغا يېتىپ كەلگەندە كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشكەن ئىدى.

— خاك، — دېدى تام ئۇنىڭغا مەسلىھەت سېلىپ، — مېنىڭچە بۇ نەرسىلەرنى ھازىرچە دوگلاس خانىمنىڭ ئوتۇنخانىسىنىڭ ئۆگزىسىگە تىقىپ قويۇپ تۇرايلى. ئەتە ئەتىگەندە كېلىپ ساناپ تەڭ بۆلۈشكەندىن كېيىن، ئاندىن ئورمانلىقتا ئاپىرىپ بىر يەرگە كۆمۈپ قويايلى.

— ماقۇل، شۇنداق قىلايلى.

— مەن بېنىنى تايلېرنىڭكىگە بېرىپ بىر ھارۋا ئېلىپ كېلەي، ھازىرلا كېلىمەن. سەن مۇشۇ يەردە مىدىرلىماي تۇرۇپ تۇرغىن.

تام ھايال ئۆتمەي بىر ھارۋىنى سۆرەپ كەلدى. ئۇلار ئىككى خالتىنى ھارۋىغا بېسىپ ئۈستىگە ئەسكى لاتىلارنى يېپىپ قويدى. ئاندىن ھارۋىنى ئىتتىرىپ ماڭدى. ئۇلار ۋاللېست ئەپەندىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بارغاندا، توختاپ بىر دەم ئارام ئالدى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا بوۋاي دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى:

— تالادىكىلەر كىمۇ؟

— بىز، خاك بىلەن تام سوييېر.

— ھە، سىلەرمىدىڭلار؟ نەگە كەتتىڭلار بوگۈن؟ كۆپچىلىك سىلەرنى بەك ساقلاپ كەتتى. ھارۋاڭلارنى مەن سۆرەي، قېنى ئىتتىكرەك مېڭىڭلار! ۋوي،

ھارۋىدىكى نېمە ئۇ؟ كىچىككىنىلا تۇرىدۇ، ئەجەب ئېغىرغۇ؟ كاھىشمۇ ياكى ئەسكى تۆمۈر- تەسەكمۇ؟

— ئەسكى تۆمۈر- تەسەك، — دېدى خاك ئەستايىدىللىق بىلەن.

— مەنمۇ تۆمۈر- تەسەكمىكىن، دەپ ئويلىغان. بۇ بازاردىكى باللار ئاۋارىچىلىقتىن قورقمايدۇ. شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ يىغقان تۆمۈر- تەرسەكلىرىنى زاۋۇتقا ئاپىرىپ ئاران دېگەندە يەتمىش- سەكسەن تىيىنغا ساتالايدۇ. شۇنىڭ ئورنىغا تۇزۇكرەك بىر ئىش قىلسا ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە جىق پۇل تاپقىلى بولىدۇ ھەم ئۇنچىۋالا كۆپ ئاۋارىچىلىقمۇ يوق. كېلىڭلار، تېز مېڭىڭلار!

ئىككى بالا بوۋاينىڭ زادى نېمىگە ئالدىراۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولدى. لېكىن بوۋاي چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرماي گەپنى ئۇدۇللا قىلدى:

— بۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ كارىڭلار بولمىسۇن. دوگلاسنىڭ ئۆيىگە بارغاندا بىلىسىلەر.

بۇنىڭدىن خاك سەل- پەل ئەنسىرەپ قالدى. چۈنكى ئۇ ئىلگىرى كۆپ قېتىم بىكاردىن بىكار كىشىلەرنىڭ تاپا- تەنىسىگە ئۇچرىغان ئىدى.

— ئەپەندىم، مەن ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىغان تۇرسام.

— ھا...ھا... خاك! سەن ياخشى ئىش قىلدىڭمۇ، يامان ئىش قىلدىڭمۇ، بۇنى مەن بىلمەيمەن. بىراق دوگلاس خانىم ساڭا ئەزەلدىن ئامراققۇ؟

— شۇنداق ئەپەندىم، ئۇ ماڭا ئامراق.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا قورقاتتىڭ؟

كاللىسى گادىرماچ بولۇپ كەتكەن خاك بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمىدى. بىرى خاك بىلەن تامنى ئىتتىرىپلا دوگلاس خانىمنىڭ مېھمانخانىسىغا كىرگۈزىۋەتتى. ۋاللېست بوۋاي ھارۋىنى ئىشىك ئالدىغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىردى.

مېھمانخانا پانۇس ۋە رەڭگارەڭ لېنتىلار بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، كۆندۈزدەك يورۇپ كەتكەن ئىدى. ئىككى بالا ئۆي ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. بازاردا ئاز- تولا ئورنى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جەم بولۇشقان ئىدى. ساتچېر، خاپو، روجېس ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى، تامنىڭ ھاممىسى، سىد، مارىلار

كەلگەن ئىدى. يەنە پوپ ۋە مۇخبىرلارمۇ تۇراتتى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىشكەن ئىدى. دوگلاس خانىم پۈتۈن ئۇستۇبىشى قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەن بۇ ئىككى بالىنى قىزغىن قارشى ئالدى.

تامنىڭ ھاممىسى تامنىڭ ئەپتىنى كۆرۈپ نومۇستىن قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ قويدى. چۈنكى بۇ ئىككىسىنىڭ ئۈستۈبىشى پۈتۈنلەي توپا ۋە شام ئېرىندىسى بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن ئىدى. بۇ چاغدا ۋاللېست بوۋاي دوگلاس خانىمغا قاراپ گەپ باشلىدى:

— مەن بۇ ئىككىسىنى ناھايىتى ئۇزۇن ئىزدەپ تاپالماي تۇرسام، بىزنىڭ دەرۋازا ئالدىدا ئۇچراپ قالسا بولىدۇ. شۇڭا، ئالدىراپ ئۇدۇللا مۇشۇ يەرگە باشلاپ كەلدىم.

— سىزگە كۆپ رەھمەت ئەپەندىم. قېنى، بالىلار مەيەرگە كېلىڭلار.

خانىم ئۇلارنى ئىككىنچى قەۋەتتىكى ياتاق ئۆيگە باشلاپ كىردى.

— سىلەر مۇنچىغا چۈشۈپ، كىيىملىرىڭلارنى يەڭگۈشلىۋېلىڭلار. مەيەردە ئىككى قۇر كىيىم، كۆڭلەك، پايپاق دېگەندەك نەرسىلەر بار. بۇنىڭ بىر قۇرىنى ۋاللېست ئەپەندى ئالدى، بىر قۇرىنى مەن ئالدىم. ياق، خاك سەن ماڭا رەھمەت ئېيتساڭ بولمايدۇ. بىرى كەل، تام. ماۋۇ بىر قۇر كىيىم ساڭا تازا باب كېلىدىكەن. بىز سىلەرنى مېھمانخانىدا كۈتىمىز. ئىشلىرىڭلارنى پۈتتۈرۈپ تېزراق چۈشۈڭلار. دوگلاس خانىم گېپىنى تۈگىتىپ چىقىپ كەتتى.

# ھەيران قالارلىق خەۋەر

دوگلاس خانىم چۆچۈپ كەتتى.

— تام، ماڭا ياردەم قىلساڭچۇ، — دېدى خاك، — بۇ يەردە ئارغامچا تاپقىلى بولارمىكىن؟ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىمۇ ئېگىز ئەمەسكەن. مەن ئارغامچىغا ئېسىلىپ غىپپىدە تىكىۋېتەي.

— غەلىتە مىجەزىڭ باركەن سېنىڭ. نېمىشقا قاچاتتىڭ؟

— ئۇنداق خەقلەر بىلەن بىرگە تۇرسام راستتىنلا قىينىلىپ كېتىدىكەنمەن. مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا چۈشمەيمەن.

— سەن ئۇلارنىڭ سېنى بىرنەرسە دېيىشىدىن قورقۇۋاتىسەن. يېنىمدا مەن بار، ھەرگىز قورقما!

ئاڭغىچە سىد چىقىپ كەلدى:

— تام، ھامام سېنى نەق يېرىم كۈن ساقلىدى. مارى سەن ئۈچۈن پاكىز بىر قۇر كىيىم تەييارلىدى. ئۇستۈبېشىڭدىكى توپا- چاڭ، شام ئېرىندىلىرىگە قارىغاندا يەنە ھېلىقى ئۆڭكۈرگە بېرىپسەن- دە!

— سىد، سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن! ئېيتقىنا، كۆپچىلىك بۈگۈن بۇ يەرگە زادى نېمىگە يىغىلدى؟

— دوگلاس خانىم مېھمان چاقىرىپتۇ، شۇ. ئۇ مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا ئامراق. ئاساسلىقى بۈگۈنكى يىغىلىش ۋاللېست بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ دوگلاس خانىمنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ناھايىتى قىزىقارلىق بىر ئىش بارمىش.

— نېمە ئىشكەن ئۇ؟

— ۋاللېست ئەپەندى بۈگۈن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىغۇدەك. ئەمەلىيەتتە ئۇ نۇرغۇن كىشىلەر بىلىپ بولغان

www.uyghurkitap.com

ئىش.

— سىد، ئۇ زادى نېمە مەخپىيەتلىك ئىكەن؟

— خاكنىڭ ئىككى ئەبلەخنىڭ ئىزىغا چۈشكەن ئىشىچۇ؟ ۋاللىيىت ئەپەندى ئۇنى تېخى باشقىلار ئۇقمايدۇ، دەپ يۈرىدۇ.

— سىد، ئۇ ئىشنى سەن ئاشكارىلاپ قويغان ئوخشىمامسەن؟

— كىم ئاشكارىلىسا ئاشكارىلىمامدۇ. ئىشقىلىپ بىرەيلەننىڭ ئاغزىدىن چىقىدۇ- دە!

— سىد، مېنىڭچە سەن دەپسەن ئۇنى. سەن ئۆلگۈرنىزە...

تام ئۇنىڭ كۆتىگە ئىككىنى تەپمەكچى بولىۋېدى، سىد قېچىپ كەتتى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن رەتلىك كىيىنگەن خاك بىلەن تام مېھمانخانىغا چۈشتى. كۆپچىلىك ئۆز ئورۇنلىرىغا ئولتۇردى، زىياپەتمۇ باشلاندى. ۋاللىيىست بوۋاي قەدەھ سۆزى قىلىپ، ئاتا- بالا ئۇچەيلەننى مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلغان دوگلاس خانىمغا تەشەككۈر ئېيتىپ :

— بۇنچىۋالا تەكەللۇپلىرىڭىزنىڭ لايىقى ئەمەس ئىدۇق، خانىم، — دېدى بوۋاي، — بۇ بىز ئاتا- بالا ئۇچەيلەننىڭلا تۆھپىسى ئەمەس- تە!

بوۋاي تۇيۇقسىزلا ھېلىقى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىدى. ئۇ، شۇ كۈنى خاكنىڭ سارايىنىڭ ئالدىدا ھېلىقى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىدىن قانداق گۇمانلانغانلىقى، ئاندىن قانداق قىلىپ ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشكەنلىكى، ئاخىرىدا بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ دوگلاس خانىمنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بالا- قازانى قانداق دوكلات قىلغانلىقىنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى.

بىراق سىدنىڭ دېگىنىدەك بۇ مەخپىيەتلىكنى كىشىلەر ئاللىقاچان بىلىپ بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئانچە ھەيران قالمىدى. ئۇنى دوگلاس خانىممۇ بىلىپ بولغاچقا مۇشۇ زىياپەتنى ئالاھىدە تەييارلىغانىدى. بىراق، ئۇ ئەمدىلا ئاڭلاۋاتقاندەك خاككا رەھمەت ئېيتتى.

— ئەپەندىلەر، خانىملار، — دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن ، — دوگلاس ئەپەندى قازا قىلغاندا بىزنىڭ بالىمىز يوق ئىدى. بۇ قېتىم يۈز بەرگەن بۇ ئىشنى

يېگى بىر ياخشىلىقنىڭ باشلىنىشى بولدى، دەپ قارايمەن. شۇڭا، مەن بۇ بالىنى بېقىۋېلىش قارارىغا كەلدىم. مەن ئۇنى ئوقۇتىمەن. ئاندىن ئۇنىڭ تىجارەت قىلىشىغا دەسمايە سېلىپ بېرىمەن.

موماينىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان تام تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ياق خانىم، خاكقا پۇلىڭىزنىڭ كېرىكى يوق. ھازىر ئۇنىڭ پۇلى بار.

تامنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان كىشىلەر كۈلۈۋەتكىلى تاس قالدى. بىراق خاكنى ئىزا تارتىپ قالمىسۇن، دەپ ئۆزلىرىنى ئارانلا بېسىۋالدى.

— خاكنىڭ راستىنلا پۇلى بار، ئىشەنمىسەڭلار ھازىرلا مەن سىلەرگە كۆرسىتەي، — دېدى تام. تام سۆزلىگەچ سىرتقا يۈگۈردى. مېھمانلار ئەجەبلىنىپ بىر- بىرىگە، ئاندىن خاكقا قاراشتى. خاك ئوڭايسىزلىنىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.

ئىزادىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان تامنىڭ ھامىسى سىدقا پىچىرلىدى:

— يەنە نېمە ئويۇن چىقىراي دەيدىغاندۇ بۇ بالا؟ تازىمۇ...

بۇ چاغدا تام تالادىن ئېغىر ئىككى خالتىنى كۆتۈرگىنىچە ئىغاڭلاپ كىرىپ كەلدى.

ئۇ بىر دۆۋە تىللا، ئۇنچە- مەرۋايىتنى شىرەنىڭ ئۈستىگە تۆكتى.

— مانا قاراڭلار، مەن يالغان دېمىگەندىمەن! بۇ بايلىقنىڭ يېرىمى خاكنىڭ، يېرىمى مېنىڭكى.

بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئاغزىلىرىنى ئېچىپ ھەيرانۇ ھەس قالدى.

بىردەمدىن كېيىن ئۇلار تامدىن بۇنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن تام گەپنى خاك ئىككىسىنىڭ بايلىق ئىزدەش ئىرادىسىگە كەلگەن چاغدىن باشلاپ، ھېلىقى جىنلىق ئۆيدە ئىنجان جونى قانداق يولۇقتۇرۇپ قالغانلىقى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئىنجان جونىڭ ئىزىغا چۈشكەندىن بۇيانقى خەتەرلىك سەرگۈزەشتلىرىنى ئاغزى- ئاغزىغا تەگمەي تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. تامنىڭ بۇ ھېكايىسى ناھايىتى ئۇزۇن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قىزىقارلىق

بولغاچقا كىشىلەر ئۇنى ئىنتايىن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى.

— ئەسلىدە مەن ئاشكارىلىماقچى بولغان مەخپىيەتلىك ھەممىنى ھەيران قالدۇرىدۇ دەپ ئويلىغان ئىدىم، — دېدى ۋاللېست بوۋاي تامنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، — بىراق تامنىڭ ھېكايىسىغا سېلىشتۇرغاندا ئۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىكەن، ئەمەسمۇ!

كىشىلەر پۇللارنى ساناپ باقتى. تىللانىڭ ئۆزىلا ئون ئىككى مىڭدىن كۆپ ئىدى. بۇلاردىن نۇرغۇنلىرىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بايلىقى بولسىمۇ لېكىن بىرلا ۋاقىتتا بۇنچىۋالا جىق پۇلنى زادى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى.



# ئىككى بالىنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى

تام بىلەن خاكنىڭ تۇيۇقسىز قالتىس بېيىپ كەتكەنلىكى، بۇ نامرات بازارنى ئاجايىپ زىلزىلىگە سېلىۋەتتى.

چۈنكى، "ئىككى بالا ئون ئىككى مىڭ نەچچە يۈز تىللا تېپىۋاپتۇ" دېگەن گەپكە كىشىلەرنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى. بىراق بۇ ئەمەلىي پاكىت ئىدى.

بىر مەزگىل بۇ يەردىكى كىشىلەرمۇ قوللىرىدىكى ئىشلىرىنى قويۇپ، جوتۇ، گۆرجەكلەرنى كۆتۈرۈپ بىرىپ يېقىن ئەتراپتىكى جىنلىق ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى قېزىۋەتتى. ئۇلارمۇ تام بىلەن خاكقا ئوخشاش كۆمۈپ قويغان ئالتۇن- كۈمۈشلەرنى ئۇچرىتىپ قېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق تەلەي دېگەن نەرسە ئويلىغاندەك بولىۋەرمەيدۇ- دە!

تام بىلەن خاك شۇندىن كېيىن نەگىلا بارمىسۇن باشقىلار ھەۋەس قىلىدىغان، ھۆرمەت قىلىدىغان شەخسلەردىن بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ كىچىككىنە ئىشلىرىمۇ كىشىلەرگە قالتىس بولۇپ تۇيۇلاتتى. بازاردا چىقىرىلىدىغان گېزىتتە ھەتتا بۇ ئىككىسى مەخسۇس تونۇشتۇرۇلدى.

دوگلاس خانىم خاكنىڭ پۇلىنى ئالتە لىلىق ئۆسۈم بىلەن قەرز بەردى. ساتچىر سودىيەمۇ تامنىڭ ھامىسىنىڭ ئىلتىماسى بىلەن تامنىڭ پۇلىنىمۇ ئاشۇنداق بىر تەرەپ قىلىپ بەردى. ھازىر بۇ ئىككى بالىنىڭ ئايلىق كىرىمى پوپىنىڭ مۇئاشىدىن قېلىشمايتتى. بۇ، بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا خەجلەپ تۈگەتكۈسىز پۇل ئىدى.

ساتچىر سودىيەمۇ تامغا بەك ئاپىرىن ئوقۇيدىغان بولۇپ كەتتى.

—— تام، ئادەتتىكى بالىلاردىن ئەمەس، —— دەيتتى ئۇ كىشىلەرگە، —— ئەگەر ئۇنداق بولغان بولسا قىزىمنى غاردىن قەتئىي قۇتقۇزۇپ ئاچىقالمايتتى، ئۇ كېيىن قالتىس ئادەم بولىدۇ.

بىكمۇ تامنىڭ مەكتەپتە ئۇنى دەپ تاپاق يېگەنلىكىنى ئوغرىلىقچە دادىسىغا دەپ بەردى. بۇ بىكنىڭ ئەڭ چوڭ مەخپىيەتلىكى ئىدى. بۇنى ئاڭلىغان ساتچىر سودىيە ھاياجان بىلەن تامنى ماختاپ كەتتى:

— بۇ دىگەن ھەققانىيەت ئۈچۈن قىلىنغان ئالىيجانابلىق، ۋاشىنگىتوننىڭ گىلاس دەرىخىنى كېسۋەتكەندىن كېيىنكى سەممىيلىكىنىڭ راۋاجى، ئادەمنى قايىل قىلىدىغان ھەرىكەت!

ساتچىر سودىيە تامنىڭ كېيىن داڭلىق ئادۋوكات ياكى ئۇلۇغ ھەربىي ئەربابلاردىن بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ئۇ تامنى ھەربىي مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرماقچى، ئاندىن دۆلەت بويىچە ئەڭ داڭلىق قانۇن مەكتىپىدە ئوقۇتماقچى بولدى. مۇشۇنداق قىلغاندا ئاشۇ ئىككىسىدىن بىرسىنى ئۆمۈرلۈك كەسىپ قىلىپ تاللىغىلى بولاتتى.

دوگلاس خانىم خاكنى بېقىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى ئوقۇتتى. بىراق خاك سەرگەردانلىقتا ئادەتلىنىپ قالغان بولغاچقا قائىدىلىك تۇرمۇش ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئازابلىق تۇيۇلاتتى. ئۇ ھەركۈنى ئامالنىڭ يوقىدىن رەتلىك كىيىنىشكە، كىيىملىرىنى پاكىزە تۇتۇشقا مەجبۇر بولاتتى. تاماقنىڭمۇ بېكىتىلگەن ۋاقتى بولاتتى. ۋىلكا، سالفېتكا، ئىستاكان، تەخسە دېگەنلەرنى قائىدە بويىچە ئىشلىتىش كېرەك ئىدى. ئۇنى ئەڭ زېرىكتۈرىدىغىنى — مەكتەپتە ئوقۇش بىلەن چېركاۋدىكى ئىبادەت ئىدى. گەپنىمۇ قائىدە بويىچە ئەدەپلىك قىلىش كېرەك ئىدى. بۇ ئازابلارغا ئۈچ ھەپتە ئاران چىدىغان خاك بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا يوقاپ كەتتى.

دوگلاس خانىم بۇنىڭغا چىدىيالماي ئەنسىرەپ كەتتى. ئۇنى تەرەپ-تەرەپتىن نەق ئىككى سوتكا ئىزدىدى. ئاخىرى دەريا بويىغا ئۇنىڭ جەسىتىنى سۈزۈپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. بىراق ئۇنىڭدىن يەنىلا خەۋەر يوق ئىدى. ئەقىللىق تام سوۋېر ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە بىرىپ تاشلاندۇق كەپىنىڭ يېنىدىكى ھېلىقى يوغان سوغىنىڭ ئىچىگە قاراپ باقتى. دەرۋەقە خاك دەل ئاشۇ يەردىن تېپىلدى.

بۇ يەردىكىلەر شۇنىڭغا ئىشىنىدۇ: سەرگەردانلىقتىن ئۆز شادلىقىنى تېپىپ ئۆگىنىپ قالغان خاك، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مەدەنىي تۇرمۇشقا چوقۇم ئادەتلىنىدۇ؛ مېھرىبان دوگلاس خانىمنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى بىلەن ئۇ چوقۇم راۋۇرۇس ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ!